ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4 2012

新疆大學學報

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

哲学社会科学维吾尔文版

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر
**ئابلىكىم ياسىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى
**تۇرسۇن قادىر**
**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**
«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى
**ئابلىكىم ياسىن**
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**تۇرسۇن قادىر**
«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**
«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2012 - يىللىق 4 - سان**
**(ئومۇمىي 132 -سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا
بەت ياسىغۇچى : ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخىرىدىن ھېسامىدىن
تۇرسۇن قادىر
چىمەن نەجمىدىن
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
33 ـ يىللىق 4 ـ سان(ئومۇمىي 132 ـ سان)   2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىگە نەزەر........ ئابلىكىم ياسىن (1)
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر.......... ئوسمان ئىسمايىل تارىم (7)
شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى........ تۇرسۇن قادىر (20)
گېزىتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى نۇقسانلار توغرىسىدا........ ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى (28)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

شىنجاڭدا رۇس تىلى ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى ھەققىدە مۇلاھىزە........ زۇلھايات ئامانۇللا (37)
ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە......... ئابلاجان مەھەممەت(ئۈمىديار) (43)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇر تىلى ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا........ ئارزۇگۈل شېرىپ (51)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا........ تۇرنىسا روزى (56)
لوپنۇر شېۋىسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە........ مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار (64)
سەنئەت ۋە سەنئەتكارنىڭ ساپاسى توغرىسىدا........ تۇرسۇنجان لېتىپ (ياركەندى) (68)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى توغرىسىدا........ لەيلىگۈل قۇربان (76)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

زوردۇن سابىر پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان مەۋقەسى توغرىسىدا........ مۇھەممەد ھوشۇر (83)
«قۇم باسقان شەھەر» رومانى ھەققىدە مۇلاھىزە........ ئەمەتجان سەمەت (89)
شىنجاڭ ئۆزبېك شائىرلىرى ئىجادىيىتىدە زەۋقىي تەسىرى........ شەھلا كەرىموۋا (ئۆزبېكىستان) (96)

## قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى

«ئەمگەك تۇختامى قانۇنى» نى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى........ مۇھەممەد ھاجى (100)
«قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى قانۇن ئىدىيەسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا........ ئەركىن توختى (106)
كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ھەققىدە........ روشەنگۈل ئابدۇرېشىت، ياسىن ئەزىز (112)
سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلاردىن ئۇ ياشىغان دەۋرگە نەزەر........ئىسرائىل مۇتىللا (118)

## قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە........ ھاجى ئابدۇراخمان باقى (128)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-12

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 33 卷第 4 期（总 132 期）　2012 年 12 月

# 目　录

## 西域文化研究

从“突厥语大词典”看古代维吾尔医学知识……阿不里克木·亚森(1)
论维吾尔民间达斯坦的历史事件……乌斯曼·斯马义(7)
论关于新疆行政管理体制中存在的问题及其解决措施……吐尔逊·卡迪尔(20)
浅谈报纸上存在的有些问题……吾斯曼·吾买尔奥格拉克其(28)

## 政治、经济与管理学研究

论新疆地区俄语人才需要的增长……祖拉娅提·阿马努拉(37)
浅谈生态批评学的研究范围及其方法……阿布拉江·买买提(43)

## 语言与文化研究

浅析维吾尔语听写练习中存在的问题……阿孜古丽·夏力甫(51)
论回鹘语名词的“格”范畴……吐尔尼沙·肉孜(56)
论罗布泊方言与《突厥语大词典》中的各别词汇的相近之处……穆罕默德·阿布利孜(64)
艺术与艺术人才素质……吐尔逊江·力提甫(68)
论维吾尔民族的叼羊戏……来丽古丽·库尔班(76)

## 文学研究

论祖尔东萨比尔小说的叙事视角……麦麦提·吾休尔(83)
浅谈小说“被沙漠淹没的城市”……艾买提江·赛买提(89)
扎维基对新疆乌兹别克族诗人文学创作的影响……夏合拉·卡里莫娃（乌兹别克斯坦）(96)

## 法学、历史研究

关于劳动合同法的立法目的和使用范围……买买提·阿吉(100)
论“福乐智慧”法律思想对后世的影响……艾尔肯·托合提(106)
计算机取证技术研究……如先姑力·阿布都热西提，亚森·艾则孜(112)
僧古萨里的生活年代考……伊斯热依力·木提拉(118)

## 古籍文献研究

浅谈在新疆收藏的少数民族古籍文献……阿不都热合曼·巴克(128)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-12

第 33 卷第 4 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　33-يىللىق 4-سان
2012 年 12 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2012-يىلى 12-ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012)04-001-06

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىگە نەزەر*

ئابلىكىم ياسىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى سۆزلەملەر ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ئەھۋالىنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىي مىساللار ۋە پاكىت ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ئەھۋالىغا چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**摘要：** 本文主要把“突厥语大词典”中的医学词汇分为三种类型进行较详细的探讨，通过举实例阐述喀喇汗王朝时期古代维吾尔族的医学状况。

**Abstract:** By deeply analyzing the medical vocabulary which has been categorized into three major types in the “Compendium of the Turkic Dialects”, and by giving examples and explanations, the paper mainly studies the condition of ancient Uyghur medical technology during the age of Kara-Khanid Khanate.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K206　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. تېۋىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» گەرچە تېببىي ئىلىم توغرىسىدا مەخسۇس يېزىلغان ئەسەر بولمىسىمۇ، لېكىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن تېببىي ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېببىي بىلىملىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن «ata saɣun» (ئاتا ساغۇن) دېگەن تېببىي ئاتالغۇدىكى «ata» (ئاتا) بىلەن «saɣun» (ساغۇن) بۇ ئىككى سۆز ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۆڭەك قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىملار، تېۋىپلار، پېرىخون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پېرىخون بىلەن تېۋىپلار ئاللابۇرۇن ئايرىلىپ بولغان بولۇپ، «ämči» (ئەمچى)، «otači» (ئوتاچى) سۆزلىرى دوختۇرلارنى كۆرسەتكەن، ئەمما «qam» (قام) سۆزى پېرىخونلۇق بىلەن كېسەل داۋالايدىغانلارنى ياكى پېرىخونلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار باشقىلارغا ۋاكالىتەن دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ ئەۋلىيالارنىڭ سىياقىغا كىرىۋالىدىغان كىشىلەرنى كۆرسەتتى. مەسىلەن: qam arwiš arwadi (پېرىخون تومارنى تەييارلىدى)، ئۇنىڭ ئەرەبچە چۈشەندۈرۈلۈشى رۇقا (ruqa) ، رۇقايا (ruqaya) بولۇپ، ئۇ دائىم بىرىگە ئېلىپ يۈرۈيدىغان، سېھىرگەرلىك قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم دەپ قارىلىپ، جىن-ئالۋاستىلاردىن ساقلىنىش

* بۇ ماقالە 2012 -يىلى 11- ئاينىڭ 16- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلان فوندى(تەستىق نومۇرى: 08BYY043)، 2009-يىللىق دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى (تەستىق نومۇرى: 09XYYY020)، 2011-يىللىق دۆلەتلىك توقتىلىق ئىجتىمائىي پەن فوندى (تەستىق نومۇرى: 11AZD074) قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

ئاپتور: ئابلىكىم ياسىن (1964-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، دوكتور، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن (1-توم، 236-بەت). . . . .

قاتارلىق جۈملىلەر ئۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشى

قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، غەربنىڭ ئىلغار دورىگەرلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇش مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا بىر مىللەتنىڭ تېببىي نەزەرىيە تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «ig» (ئىگ) بىلەن «müm» (مۇم) ئۇلارنىڭ كېسەللىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشى بولۇپ، «sökäl» (سۆكەل) سۆزى كېسەل ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار چوڭ ياكى دائىم كۆرۈلىدۇ دەپ قارىغان ئىچكى كېسەللىكلەردىن: «tuɣa» (تۇغا) نەپەس سىقىش بولغان كېسەللىك، tumaɣu (تۇماغۇ، زوكام: قەشقەردە بۇ سۆزنى ئەرەبچە «zukam» دېگەن سۆز بىلەن چۈشەندۈرگەن)، talɣan ig ( تۇتقاق كېسەل) ، sariɣ käzik (سېرىق كېزىك)، külgü («كۈلگۈ»: شامال تېگىپ قېلىش)، käzik («كەزىك»: قىزىپ قېلىش، قىزىش كېسىلى)، yapaqulaq(«ياپاقۇلاق»: زوكام)، ala («ئالا»: رېماتىزم)، -yalq («يالق»: ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق)، tolɣaq (تولغاق)، ötüg («ئۆتۈگ»: تولغاقنىڭ بىر تۈرى) قاتارلىقلار بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ دائىم كۆرۈلىدىغان تېرە كېسەللىكى دەپ قارىغانلىرىدىن: isirgän («ئىسىرگەن»: باش تېرىسىدىكى ئەسۋە)، uduz («ئۇدۇز»: سوزۇلما تېرە كېسىلى، پارازىت قۇرت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى تېرە زەخىملىنىش، قىچىشىش، چاچ چۈشۈش)، käpäk («كەپەك»، كېپەك: باشتىكى كىر)، taz (تاز)، ümüŋzgäk («ئۈمۈڭزگەك»: باشقا چىقىدىغان يىرىڭلىق جاراھەت)، čibqan («چىبقان»: تېرە كېسەللىكى، كېسەللىك ئالامىتى قىسمەن جەھەتتىن قان تولۇپ، قاتتىق مونەك پەيدا بولۇپ، يىرىڭلىق چىقىپ، قىزىپ ئىششىيدۇ ھەم ئاغرىيدۇ)، sögül(سۆگۈل)، sigil («سىگىل »: سۆگەل، qizlamuq («قىزلاماق»، قىزىل: بۇ بىر خىل بالىلىق مەزگىلدە كۆپ كۆرۈلىدىغان، ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، تارقىلىشچانلىقى ئىگە جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى تېرىگە قىزىل چېكىتلەر چىقىش، قىزىش ۋە بۇرۇن-كېكىردەك قىسمىدا يېپىشقاق سۇيۇقلۇق كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بىر نەچچە خىل باشقا كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ پەيدا بولۇشى ئوخشاش، ئەمما كېسەللىك ئالامىتى سەل يېنىك بولغان كېسەللىك ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ)، čečäk («چېچەك»، قىزىل: بۇ بىرخىل بالىلىق مەزگىلدە دائىم كۆرۈلىدىغان، تارقىلىشچان، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىك)، tämrägü («تەمرەگۈ»، ئەسۋە: كۆپ خىل ئەسۋە چىقىدىغان ۋە قىچىشقاندا قاشلايدىغان كېسەللىك ئالامىتىدىكى تېرە كېسىلى، مەسىلەن: ھۆل سۆگەل، قوتۇر كېسىلى ياكى ئەسۋە)، bars («بارس»، ئەسۋە، ھۆررەك: تېرىگە چىقىدىغان قىزىل رەڭلىك ئەسۋە، دائىم دېگۈدەك ئەسۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىك بولۇپ، قەشقەردە ئەرەبچە ۋارام دېگەن بىر سۆز بىلەن بۇ سۆزنى ئىزاھلىغان)، boquq (بوقۇق)، boqaq («بوقاق»، بەزسىمان ئۆسمە: غەيرىي راك بېزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان ئىششىق بولۇپ، بويۇنىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە چىقىدىغان، كۆرگىلى بولىدىغان ئۆسمىدۇر، ئادەتتە يود كەم بولۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك)، bez «بەز، ئۆسمە» قاتارلىقلار بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا قارىخانىيلار خانىدانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن تارقىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بىر قىسىم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار tolɣaq (تولغاق) سۆزى بىلەن تولغاقنى ئىپادىلىگەن، يەنى ئۇ بىر خىل ئۈچەيدە بولىدىغان ياللۇغنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى باكتېرىيە، پارازىت قۇرت قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ

چىقارغان كېسەلدۇر. ala سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى داغ دېگەن مەنىنى بىلدۇرگەن ، يەنە كېسەللىكلەرنىمۇ بىلدۇرگەن. رېماتىزىم: رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار، ماخاۋ « چوڭ ماخاۋ» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ماخاۋ تاياقچىسىمان باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر خىل سوزۇلما يۇقۇملۇق كېسەللىك. چالقان سۆزى بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنى ئىپادىلىگەن؛ -yuq (يۇق) سۆزى بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرگەن (2-توم، 186-بەت).

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بەش ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشىمۇ خېلى كەڭ بولغان، مەسىلەن: üz («ئۈز»: گاس، قۇلىقى ئېغىر)، tuŋu («تۇڭگۇ»: گاس)، közi čärlig («كۆزى چارلىگ»: كۆرۈشى ئاجىز)، täglük («تەگلۈك»: قارىغۇ، ئەما)، čawšaŋ (چاۋشاڭ)، čömärük («چۆمەرۈك»: كۆزى خىرە، يىراقنى كۆرەلمەسلىك) ؛ zafra (كۆز شارچىسىنىڭ كىرىستال قىسمى ياكى كۆز پەردىسى سۇزۇك بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى زەخمىگە ئۇچراش ياكى كۆز كۆرمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ) قاتارلىقلار.

## 3. كېسەللىكلەرنى داۋالاش

شىمالدىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئاللابۇرۇنلا يېزىق ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا مىللەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار تېبابىي بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تەربىيەلەيدىغان يېڭى تېبابىي بىلىملەرنىڭ سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 8-ئەسىردە كىتابچە قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېبابىي ۋەسىقىلىرى» دە 40 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنىڭ نامى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى كۆرسىتىلگەن[1]، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن كېسەللىكلەر ۋە فىزىئولوگىيەلىك ھادىسىلەرنىڭ نامىدىن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەللىكلەرنى تەسۋىرلەشتە خېلى بۇرۇنلا تېبابىي ئاتالغۇلارنى قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بەزى كېسەللىكلەر ئۇقۇمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېبابىي ئىلىمدىن پەرقلىق بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن كۆپ مىقداردىكى بەدەن ئەزالىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ نامى ۋە كېسەللىك ئۆزگىرىش ئالامەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاللابۇرۇنلا فىزىئولوگىيەلىك ئاناتومىيە، تەشكىلىي قۇرۇلما، كېسەللىك ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىن كېسەللىكلەرنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بەلكىم ئۇيغۇرلار خەنزۇلاردىن تېبابىي بىلىم قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، خېلى بۇرۇنلا قەدىمكى ھىندىستان، ئەرەب تېبابىي ئىلمىنىڭ ئىلغار مەزمۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىق سەۋەبىدىن، كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلاھىيەت ئىلمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئىدراكىي تونۇشقا مېڭىشقا باشلىغان.

كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە دىياگنوز قويۇش جەھەتتە، قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن بىمارلارنىڭ بىر خىل كېسىلىنى داۋالايدىغان ياكى يارىلارغا بېرىدىغان ياكى ئىشلىتىدىغان دورا، دورىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ياكى سىرتقى كېسەللىكلەرگە داۋالاش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ياكى يارا بولغان يەرلەرگە بېرىدىغان سىناق دورا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داۋالاش ۋاسىتىسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە مۇئەللىپ ota (ئوتا) ۋە ämlä (ئەملە) دېگەن ئىككى سۆز ئارقىلىق داۋالاشنى، داۋالاش پائالىيىتىنى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ämlä (ئەملە) ئاساسلىقى سىرتقا ئىشلىتىدىغان دورىلار ئارقىلىق داۋالاشنى بىلدۈرگەن، ئوتا بولسا دورا ئىستېمال قىلدۇرۇپ كېسەل داۋالاشنى بىلدۈرگەن، «بىلىك» سۆزى — تەكشۈرۈش، كۆرۈش ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېسەللىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا دىياگنوز قويۇشنى بىلدۇرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېببىي ئىلمى ئاللىبۇرۇنلا ئاددىي بولغان سىرتقى داۋالاشلاردىن ئىچكى داۋالاشقا يۈزلەنگەن كۆپ خىل يول، كۆپ لىنىيەلىك تەرەققىياتنى شەكىللەندۇرگەن.

دورا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن قارخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك، مىنېرال ماددىلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلىگەن دورىلارنىڭناملىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆسۈملۈك دورىلىرىدىن ئاساسلىقى: Ägir (ئەگىر) (ئاشقازان كېسىلىنى داۋالايدىغان دورا)، ägit (ئەگىت: ھەر خىل خام دورىلار ۋە ساقلانغان قىزىل گۈلنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلىنىلىدىغان بىر خىل دورا)، aŋduz (ئەڭدۇز: قارا ئەندىز)، süt ötrüm (سۈت ئۆترۈم: ئۆسۈملۈككە تەۋە بولغان سۈتلۈك ئوت)، bäzänč (بەزەنچ: باغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك)، čaxšu (ئىتياڭىقى)، yiɣun oti (يىغۇن ئوتى: مەندىلا ئوتى)، qara ot (قارا ئوت) قاتارلىقلار بار. ھايۋانلاردىن: qunduz qayri (قۇندۇز قايرى) قاتارلىقلار بار. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پۈتۈلگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېببىي ۋەسىقىلىرى» ناملىق بۇ كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېببىي ساھەسىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان 92 خىل دورىنىڭ ئىسمى بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەكى ھايۋانات دورىلىرى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ دورا ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلغان؛ ئەمما «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن دورا ناملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆسۈملۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ياساش بىلىمىنىڭ يېتەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى پەرەز قىلىشنى يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېببىي ۋەسىقىلىرى» دېگەن بۇ كىتابتا غالجىر ئىتنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى ئارقىلىق غالجىر ئىتلارنى داۋالاشقا بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا زەھەر بىلەن زەھەرنى قايتۇرۇشتەك داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن زەھەرلىك ئۆسۈملۈك بىلەن ياسالغان دورىلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن: qara ot (قارا ئوت) 乌拉 : (ئاكونىت)، käküš (كەكۈش): مەلھەم، دورا مەلھىمى: ئاغرىق توختىتىدىغان دورا ياكى دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان سۇرگۈچ ماي بولۇپ، ئۇ بىرخىل ئۆسمىنى داۋالايدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ماتېرىياللىرى لويلا ـ قومۇش (ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئاتىلىشى qundus).

قان ئېلىش ئۇسۇلىنىڭ ئىشلىتىلىشى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە qanaɣu (قاناغۇ) دېگەن بىر سۆز خاتىرىلەنگەن، بۇ سۆز پىچاق، قەلەمتۇراش ، قىسقا ۋە كەڭ ئىككى بىسلىق، ئۇچلۇق پىچاق(بۇلار تاشقى بۆلۈمدە ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل ئوپېراتسىيە پىچىقى) نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، سانجىش ياكى كېسىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (qanaɣu < qana- قاناش+ ɣu) (1 ـ توم، 336 ـ بەت). بۇنىڭدىن باشقا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە يەنە sorɣu (سورغۇ) دېگەن بىر سۆز خاتىرىلەنگەن، ئۇ ئەينەك سۈمۈرگۈچ پىروبىركا، قان قويغۇچ پىروبىركا، پىروبىركا بىلەن سۈمۈرۈش، لوڭقا بىلەن تارتىشتىن ئىبارەت داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇرۇق لوڭقىنى ساپساق ياكى كېسىلگەن تېرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قاننى تارتىش ياكى قاننى چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل قان مىقدارى ئارتۇق بولغان كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلگەن. قان ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى فىزىئولوگىيە ئىلمىدىكى تۆت خىل بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ بىرىدۇر، (مۇئەللىپ ئەرەب تىلدا mih jama «مىھ جاما» سۆزى بىلەن بۇ سۆزنى چۈشەندۇرگەن). (sorɣu < sor- سۈمۈرۈش +ɣu [1 ـ توم، 295 ـ بەت]). قەدىمكى ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر مۇشۇ خىل

ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالىغان. qanaγu (قاناغۇ)، sorγu (سورغۇ) قاتارلىق سۆزلەرمۇ تېببىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن، بۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا قان قويۇپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەنلىكى، يەنى بىر قىسىم ئۇشۇق قانلارنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار شىمالدا چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ خىل ۋاستە ناھايىتى تېزلا ئۈنۈمگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ياراتقان. ئۇزاق مۇددەت گۆش ئىستېمال قىلغاچقا ، جىسمانىي-روھىي جەھەتتىن ساغلام بولغان، ئىسسىق ئىچكى قىسمىدا يىغىلىپ تۇرغاچقا، ناھايىتى جەسۇر-جەڭگىۋار ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار كۆپ قېتىم قان چىقىرىپ، ئاغرىقنىڭ ئازابىنى ئاستىلاتقاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا قان چىقىرىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈنگە قەدەر ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل تېبابىتىدىكى «哈纳忽» قان چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى qanaγu (قاناغۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ موڭغۇل تېبابىتىگە بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى tögnä (تۆگنە) دېگەن بۇ سۆز قىزدۇرغۇچ بىلەن پىشۇرۇش، يۇقىرى ھارارەتلىك مېتال بىلەن ئوت ئارقىلىق پىشۇرۇشنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن: ol bašin tögnädi. ئۇ قىزدۇرغۇچ بىلەن ئۇنىڭ يارىسىنى قىزدۇردى (2-توم، 196-بەت) . بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزدۇرغۇچ بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەر خىل كېسەل ۋە يارىلارنى داۋالىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل داغلاش دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئوتنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، ھەممىنى يېڭىپ چۈشىدىغانلىقى، ئوتنىڭ كىشىلەرگە چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقى، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئالۋاستىلارنىمۇ ئوتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن قوغلىغىلى ۋە ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا، ئۇلار ئوتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بىۋاستە پايدىلىنىپ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كېسەل داۋالىغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئوتقا چوقۇنىدىغان ئۆرپ-ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئوت بىلەن داۋالاش گەرچە سېھرىگەرلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما سوغۇقنى قوغلاش، ئىسسىتىش، دېزىنفېكسىيەلەش، باكتېرىيەنى يوقىتىش قاتارلىق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغانلىقتىن، يەنە داۋاملىق تۈردە تەرەققىي قىلىپ، ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلىغا ئايلانغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان داۋالاش ئۈسكۈنىسىنىڭ نامىدىن باشقا، يەنە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە arqičaq (ئارقىچاق: ئېغىزدىن دورا ماڭغۇزىدىغان بىرخىل تېببىي ئۈسكۈنە [1-توم، 84-بەت])، közlük (كۆزلۈك)، közüldürük (كۆزۈلدۈرۈك: ئاتنىڭ قۇيرۇقى بىلەن توقۇلغان، كۆزنى ئاسرايدىغان ئەسۋاب) yaqiγ (ياقىغ)، داكا (damad) قاتارلىق ئاتالغۇلار خاتىرىلەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تەمىنلەنگەن ماتېرىياللاردىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاللابۇرۇنلا كەسپلەشكەنلىكى ھەمدە ئايرىم بۆلۈملەرگە بۆلۈنۈش ئالامىتىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن ئىچكى بۆلۈم، تاشقى بۆلۈم، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، كۆز بۆلۈمى ۋە ئاياللار بۆلۈمىگە ئائىت تېببىي ئاتالغۇلار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئىچىنى سۈرۈش دورىسىنى ئىشلىتىشنى بىلگەن، مەسىلەن: bošutγan ot (بوشۇتغان ئوت: ئىچىنى سۈردۈرىدىغان دورا؛ سۈرگە دورىسى)، čurni (چۇرنى: كۆپ خىل دورا ماتېرىيالى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان، تۈركىي دوختۇرلار دائىم ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئىچىنى يېنىك سۈرگۈزىدىغان دورا، سۈرگە دورىسى ئاساسلىقى چوڭ تەرەتنى چىقىرىشنى تېزلىتىدىغان يېمەكلىك ياكى دورا)، ötrüm (ئۆترۈم: ئىچىنى سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دورا، سۈرگە دورىسى)، ئۇيغۇرلار ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنى داۋالاشنى ئىگىلىگەن،

www.uyghurkitap.com



مەسىلەن: udityan ot (ئۇدىتىغان ئوت: بۇ بىر خىل تىنچلاندۇرۇش دورىسى ياكى ئۇيقۇ دورىسى)، بۇ جىنسىي ئىقتىدارى چېكىنىشنى داۋالىغان، ئاتنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ياسالغان قاپلىق ئارقىلىق كۆز كېسىلى ياكى كۆز تورلىششنى داۋالىغان.

بىر مىللەتنىڭ دورىگەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ھالىتى مانى دىنى، بۇددا دىنى، كاتولىك دىنى ۋە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابىتىنى ئاساس قىلىپ، قەدىمكى ھىندىستان پەلسەپەسىدىكى تۆت ماددا تەلىماتى قاتارلىق ماتېرىيالىزم نەزەرىيەسى، جۇڭگو تېبابىتى، ئەرەب، پارس تېبابىتىنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق تېبابەت مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

## ئىزاھلار

[1] G. R. Rachmati zu Heilkunde der Uiguren, II “德国科学院通报” (SPAW) 1932.

## پايدىلانمىلار


1. Robert Dankoff, James Kelly, Mahmud al-Kashgari: Compendium of the Turkic Dialects Harvard University 1982.
2. Sir Gerard Clauson, An Etymologcal Dictionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish, Oxford, 1972.
3. Chambers, J. K. and Peter Trudgill 1998 . Dialectology: Second Edition. Cambridge.
4. Abdureshid Yakup. 2005. The Turpan Dialect of Uyghur: Harrassowitz Verlag. Wiesbaden.
5. Winford Donal An Introduction to Contact Linguistics, Blackwell publishing, 2003
6. W. Bang, A. Von Gabain, and R. R. Arat: Turkische Turfantexte,《德国科学院通报》(SPAW)1930.
7. Osman Fikri Sertkaya: 《突厥语大辞典》中的词并非都源于突厥语.
8. 韩景林. 匈奴语管见[J]. 中央民族学院学报，1993 年.
9. 冯加班. 古突厥语语法[M]. 土耳其历史文化出版社，安卡拉，1998 年版.
10. 高永久. 西域古代民族宗教综论[M]. 高等教育出版社，1997 年.
11. 阿不里克木 · 亚森. 回鹘文世俗文书语言结构研究[M]. 新疆大学出版社，2001 年 5 月.
12. 李增祥,买提热依木,张铁山. 回鹘文文献语言简志[M]. 新疆大学出版社；1999 年 9 月.
13. 李经纬等编. 高昌回鹘文献语言研究[M]. 新疆大学出版社，2003 年 12 月.
14. 耿世民. 维吾尔古代文献研究[M]. 中央民族大学出版社， 2006 年 4 月.
15. 买提热伊木 · 沙依提等. 回鹘文契约文书[M]. 新疆人民出版社, 2000 年 5 月.
16. 杨富学. 回鹘文献与回鹘文化[M]. 民族出版社， 2003 年 9 月.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 13_007_04(2012) 1005_5878

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر*

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى.830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، شۇنداقلا يەھۇدىي، پارس ۋە ئەرەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ تەسىرلىك ۋەقەلىك، گۈزەل شېئىر ۋە مۇڭلۇق مۇزىكا ئارقىلىق كىشىلەرگە تارىختىن دەرس بېرىش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

**摘要**：维吾尔民间达斯坦作为表达历史事件与历史人物经历而具有巨大的历史价值。它不仅讲述在维吾尔族历史发生的重要事件，还要体现与其他突厥语诸民族，以及犹太人、波斯人和阿拉伯人有关的历史事件。也就是说，维吾尔民间达斯坦是历史与艺术的巧妙结合，它有着通过动人情节，完美诗歌与动听音乐给人们讲出历史的作用。

**Abstract:** As an important recording of historical events and figures, the Uyghur's Dastan has significant historical value. Including not only Uyghur's historical events, the Dastan also tells other nationalities' historical stories, such as: other Turkic tribes', Jew's, Persian's and Arab's. In other words, the Uyghur's Dastan is a perfect combination of art and history. By moving stories and perfect poetical music, the Dastan educates people with the history.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ ئۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تۈپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدا تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە تارىختىن دەرس بېرىش، ئەجدادلارنىڭ تارىخىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش رولىنى ئويناپ كەلگەن. تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخ بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى بىر نەچچە تېما بويىچە يورۇتۇپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن قەدىمكى زامان ۋەقەلىرى

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، شۇنداقلا يەھۇدىي، پارس ۋە ئەرەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۆچۈرلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ تارىخىي ئۆچۈرلار ئۆزۈندىن بۇيان تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېلىنمەكتە.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى داستانىدۇر. شۇڭا تارىخچىلار «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئۆچۈرلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشماقتا. مەشھۇر تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر مۇنداق دېدۇ: «〈ئوغۇزنامە〉 داستانىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تۆمۈردىن نەيزە، ئوقيا، قىلىچ ياسايدىغان، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، شۇنداقلا كۆك بۆرىنى ئۇران (توتېم) دەپ ھېسابلايدىغان چوڭ بىر قەبىلە ئىتتىپاقى بولسا كېرەك. 〈ئوغۇزنامە〉 داستانىدا

---

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئوسمان ئىسمايىل تارىم (1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، دوكتور، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بايان قىلىنغان ئوغۇزخاننىڭ ‹مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولدۇم› دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى « ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك» [1]. بۇ يەردە ئەنۋەر بايتۇر «ئوغۇزنامە» داستانىنى تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دىسلەپكى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغان بارلىق مۇتەخەسسىسلەر «ئوغۇزنامە» دىكى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ھەرگىز سەل قارىمىغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ : «بۇ رىۋايەتتىن ( ‹ئوغۇزنامە› دىن ) شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ‹ ئۇيغۇر› بۇ بىر مىللەت نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قاغانى ‹ئوغۇزلار›غا مەنسۇپ ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر بىلەن ئوغۇز بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇمدۇر»[2]. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى «ئوغۇزنامە» دىكى بايانلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى. ئۇ « ئوغۇزخان تەزكىرىسى ئوغۇز ـ ئۇيغۇرلاردىن تۈركلەرگىچە، ئاندرونوپ ـ ئارىيانلاردىن تۈرك ـ تۇرانلارغىچە بولغان ئۇزاق تارىخنى چۈشىنىشتە مۇشۇ خەلقلەر ئۆزى يازغان باھاسىز تۇنجى ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ» دېيدۇ [3]. ئۇ «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى پاكىتلارنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ 2000 ـ يىللار ئەتراپىدا، سىبىرىيەدىكى ساكلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا قاراپ يۈرۈش قىلىش ۋەقەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ [4]. دېمەك، «ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقتىن بۇرۇنقى « قاراڭغۇ تارىخ» نى ئېنىقلاشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر داستان « ئالىپ ئەرتۇڭا » داستانىدۇر. بۇ داستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران قەبىلىلىرىنىڭ ئىران شاھلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ بىر قىسىم تېكىستلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ پارس تارىخلىرىدا بايان قىلىنغان تۇران شاھى ئافراسىياپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا بىلەن ئافراسىياپنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تەستىقلايدۇ. پارس مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىران شاھى پەرىدۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇر ئىدى. پەرىدۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سەلىم بىلەن تۇر دۆلەتنى بۆلۈشۈپ باشقۇرغان. نەتىجىدە تۇر باشقۇرغان زېمىن «تۇران» دەپ ئاتالغان. تۇر ۋە سەلىمدىن كېيىن ئۇنىڭ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ( ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا) ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇش تۇرنىڭ نەۋرىسى (پېشان ئوغلى) ئافراسىياپ دەۋرىگە كەلگەندە، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئافراسىياپ ئىران پىشتالىتلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى نەۋرۇزنى ھالەك قىلىدۇ. ئەمما كەيكۇباد ئىراننىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ كىيانىدىتلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. ئافراسىياپ ئەمدى كەيكۇباد ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەم نەۋرە ــ ئەۋرىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاخىرى ئۇ كەيكۇبادنىڭ ئەۋرىسى كەيخىسراۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىران مەنبەلىرىدە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ تارىختا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالىملار ئافراسىياپ ھېكايىسىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن ئىران ـ تۇران جەڭلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، « ئالىپ ئەرتۇڭا» (ئافراسىياپ) داستانى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يىراق تارىخىنى ئېنىقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

«بىكەچ ئارسلان تېكىن» داستانى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىر مۇھىم ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر. بىكەچ ئارسلان تېكىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتىشىچە، باسمىللار بىلەن ياباقۇلار بىرلىشىپ، يەتتە يۈز مىڭ ئەسكەر بىلەن قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم باشلىغان. ئارسلان تېكىن ئاشۇ باسمىل ۋە ياباقۇلارغا قارشى ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان ھەمدە پەقەت

قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن كىشىلەر ئارسلان تېكىننىڭ قەھرىمانلىقىنى ۋە پەم-پاراسىتىنى كۆپ تەرىپلىگەن ۋە قوشاق قوشۇپ، بۇ قېتىمقى جەڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان. شۇنداق قىلىپ «بىكەچ ئارسلان تېكىن» داستانى مەيدانغا كەلگەن.

ئەگەر يۇقىرىقى داستانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسەك، ئۇ ھالدا « يۇسۇپ-زىلەيخا» داستانى مىسىر دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇنىڭدىن 3500-يىللار ئىلگىرى كەنئان زېمىنىدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمى مىسىرغا قاراشلىق نىل دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلار مىسىر دىيارىدا بىر مەزگىل تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىغان. ئۇلار ئورۇنلاشقان زېمىننىڭ سۈيى مول، ئوت-چۆپلىرى كۆپ بولغاچقا، يەھۇدىيلار تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ ئون ئىككى چوڭ قەبىلىگە تەرەققىي قىلغان. ئەمما قەدىمكى مىسىر سۇلالىسىنىڭ 18-پىرئەۋنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پىرئەۋنلەر يەھۇدىيلارنى خارلاپ، قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىردە يەھۇدىيلار مىسىردىن چىقىپ كەتكەن ۋە كەنئانغا يۈرۈش قىلغان. « يۇسۇپ-زىلەيخا» داستانىدا يەھۇدىيلارنىڭ كەنئاندىن مىسىرغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى ئاشۇ بىر مەزگىللىك ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن داستانلاردا گرېك، پارس ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قىسىم ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان. « ئىسكەندەرنامە»، «رۇستەمى داستان»، « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتنامىسى»، «كەربالا قىسسىسى» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر.

« ئىسكەندەرنامە»دە يۇنانىدىكى ماكېدونىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئالېكساندېرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ۋەقەسى بايان قىلىنغان. ئالېكساندېر ماكېدونىسكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 336- يىلى تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىككى يىل سەرپ قىلىپ، يۇنانىدىكى ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى يوقىتىپ، ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 334-يىلى شەرققە باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ ئاۋۋال مىسىرنى ئىگىلەيدۇ، ئارقىدىنلا ئىران قوشۇنلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، بابىل ۋە سوزاغا كىرىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 329- يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 327- يىلى ھىندىستانغا ھۇجۇم باشلايدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 324-يىلى بابىل شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە كېيىنكى يىلى 33يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئالېكساندېر ماكېدونىسكى ياۋروپادىن چىقىپ، غەربىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور ئىمپېرىيە قۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن «ئىسكەندەرنامە» داستانىدا ئالېكساندېر ماكېدونىسكىنىڭ جەڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

« رۇستەمى داستان» مۇ ئىران تارىخىدىكى مەلۇم رېئال ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، رۇستەم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرلەردە ياشىغان، ئارساك سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي ئىراندا ئۆتكەن داڭلىق بەگ ئىكەن. ئۇ ناھايىتى باتۇر بولۇپ، ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلغان ياتلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، داڭق چىقارغان ئىكەن. كېيىنكى ئىران تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇنىڭ نامى كۆپ تىلغا ئېلىنغان، بولۇپمۇ مىلادىيە 10-ئەسىرگە كەلگەندە فىردەۋسى «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە رۇستەمنى تەڭداشسىز مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە بايان قىلغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاغزاكى ئېيتىلىپ يۈرگەن «رۇستەمى داستان» ئەنە شۇ «شاھنامە» دىكى ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم ئەرەب رىۋايەت-قىسسەلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىدى ۋە بەزىلىرى داستان شەكلىدە ئىجاد قىلىنىپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرىدە ئەرەب تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئىدى. مەسىلەن، «تەۋەللۇتنامە» ناملىق داستاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ھارپىسىدىكى بەزى ۋەقەلەر

ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، «بابا روشەن» داستانىدا تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ جەڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنسا، «كەربالا قىسسەسى» دە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھۈسەيىنىنىڭ قىستىكە ئۇچراش ۋەقەسى ئىپادىلەپ بېرىلدى. «تونىنامە» دە بۇۋى پاتىمەنىڭ ھەزرىتى ئەلى بىلەن نىكاھلانغانلىقى بايان قىلىنسا، «ئېپتانامە»دە پاتىمەنىڭ يوقسۇزلۇق ھاياتى تەسۋىرلەپ بېرىلدى، ۋەھاكازا.

## 2. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن يېقىنقى زامان ۋەقەلىرى

يېقىنقى زاماندا مەيدانغا كەلگەن خەلق داستانلىرى رېئال تارىخ بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يېقىنقى زاماندا پەيدا بولغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى داستانلار تارىختا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندا پەيدا بولغان داستانلىرى مۇھىم ئىككى خىل تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بىرى، جوڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى، يەنە بىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن دەھشەتلىك دىكتاتورا يۈرگۈزگەن دەۋرى. ئالدىنقىسىدا جوڭغارلار ئۇيغۇرلارنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارغا قارشى كۈرەشلىرى يۈز بەردى. بۇ دەۋر 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكىسىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى، مىلىتارىستلار ۋە يەرلىك باي ـ غوجاملار خەلقنى قاتتىق ئەزگەنلىك سەۋەبىدىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي پارتلاپ تۇردى. بۇ دەۋر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، يەنى كومپارتىيە شىنجاڭنى ئازاد قىلغۇچە داۋاملاشتى. دېمەك، بۇ ئىككى دەۋر ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق دەۋر بولدى. ھەر ئىككى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىلىشكە قارشى كۈرەشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ كۈرەشلەرنىڭ بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا قوشاق شەكلىدە كەڭ تارقىلىپ، داستانلارغا ئايلاندى.

بىز تۆۋەندە بۇ خىل داستانلارنىڭ تارىخ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

**1) داستانلاردا جوڭغارلار دەۋرى**

17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە جوڭغارلار ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىگىلىۋېلىش قەستىگە كىردى. ئۇلار ئاۋۋال ئاھالىلەرنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ، «ئەسىر دائىرىسىنى جەنۇبقا ـ شىمالغا كېڭەيتىش ئۈچۈن قەدەم تاشلىدى»، «غالدان ئىنتايىن قارا نىيەت كىشى ئىدى. ئۇ جەنۇبتىكى خوشۇت قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نىشانىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتتى»، بۇ چاغدا «يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ‹قارا تاغلىقلار› بىلەن ‹ئاق تاغلىقلار› نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ‹ئاق تاغلىقلار› نىڭ سەردارى ئاپاق غوجا غالداندىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى غالدان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى. شۇڭا ئۇ يەكەن خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ، تارىم ئويمانلىقى ياقىسىدىكى بوستانلىقلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل بويسۇندۇرماقچى بولدى. 1678 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 17 ـ يىلى) غالداننىڭ قوشۇنلىرى دەبدەبە بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بارلىق كۈچلەرنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل خاننى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىر ئالدى. ئاپاق غوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى»[5]. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونلىرى جوڭغارلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، تالان ـ تاراجدا قالدى. جوڭغارلار ئەمەلىيەتتە غالدان تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنلا، يەنى قۇنتەيجى ۋە زەڭگى تەيجى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردىلا يەكەن خانلىقى تەۋەسىنى بىر نەچچە قېتىم پاراكەندە قىلغان ئىدى. بۇنداق پاراكەندە قىلىش ۋە بۇلاپ ـ تالاشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. يەكەن خان جەمەتىدىكىلەر ۋە بىر قىسىم خوجىلار جوڭغارلارنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى. «غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا بەگ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ چىقتى»، «ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى گوپا بەگنى ئەۋەتىپ غالداننىڭ ئوغلى سەمپىل بالجىرنى تىرىك تۇتۇپ چىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەردى»، «شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلدىكى فېئوداللارمۇ چىڭ ئوردىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەش قىلدى»، «جۇڭغار خانى سېۋىن ئارىبدە ئىككى مىڭ لەشكەر چىقىرىپ قۇمۇل شەھىرىگە ھوجۇم قىلدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلىرى ئەبەيدۇللانىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئالدىنقى سېپىنى مۇستەھكەملىدى»[6].

دېمەك، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى 1755-يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنجىتقانغا قەدەر داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئېغىر كۈلپەت تارتتى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ- تالاڭلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى ئۈزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بولۇپمۇ قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ خىل كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭغار باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىگە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىلا قاتنىشىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى بىۋاسىتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىمۇ كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى، ئۇلار پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭغار لەشكەرلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ جەرياندا خەلق ئاممىسى ئىچىدىن ئاجايىپ باتۇرلار يېتىشىپ چىقتى، شۇنداقلا بۇنداق باتۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن تەرىپلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، قوشاق ۋە داستانلارغا ئايلىنىپ كەتتى. قۇمۇل رايونىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان « ياپچىبەگ»، «ئۆمەر باتۇر» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەيدانغا كەلدى.

«ئۆمەر باتۇر» داستانىدا ئەبەيدۇللا دارخانبەگ قۇمۇلغا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان دەۋردىكى ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. ئەينى دەۋردە كۆنچەك باشچىلىقىدىكى جۇڭغار قالماقلىرى ئۆمۈر تېغىنى ماكان قىلغان بولۇپ، ئۇلار بىر قېتىم تويۇن تېغى ئەتراپىدا ئوما ئورۇۋاتقان 66 نەپەر ياش ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ 40 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. قالغان 26نەپەر ياش قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇنداق پاجىئە ۋە زوراۋانلىقتىن غەزەپلەنگەن قۇمۇل خەلقى، ئەبەيدۇللا دارخانبەگدىن بىگۇناھ ياشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل بەگلىكىنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىدىن ئۆمەر باتۇر باسمىچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلىنىپ، كۆپ قېتىملىق سوقۇشلاردىن كېيىن كۆنچەكنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار كەلتۈرىدۇ ۋە كۆنچەككە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، 40 ياشنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. ئەمما جۇڭغار باسمىچىلىرى بىلەن قۇمۇل بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش يەنىلا داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئۆمەر باتۇر باسمىچىلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولىدۇ. كېيىن ئۆمەر باتۇرنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ھەققانىيەتچىللىكى توغرىسىدا نۇرغۇن قوشاقلار توقۇلۇپ ۋە مەخسۇس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىپ، ئاستا-ئاستا داستانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

«ياپچىبەگ» داستانىدا 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇمۇلدا يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىپ، جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. 1680 -يىلى خەلق قەھرىمانى ياپچىبەگ قۇمۇلنىڭ باغداش ۋە ئاراتام قاتارلىق جايلىرىدا بىر قىسىم كىشىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، جۇڭغار باسمىچىلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. ياپچىبەگ باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچلەر تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. جۇڭغار باسمىچىلىرى نۇرغۇن قېتىم ياپچىبەگنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئاخىرى ئۇلار يەرلىك بەگ-تۆرىلەر ئىچىدىن ئوسمانبەگ ۋە سامانچىغا ئوخشاش كىشىلەرنى

www.uyghurkitap.com



سېتىۋېلىپ، پەستۇرما قورۇپ، ياچىبەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن كىشىلەر سامانچى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، تۆلۈمچە قىلىپ سويۇپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ، ياچىبەگنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قومۇل خەلقى ياچىبەگنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان «ياچىبەگ» داستانىنى ئىجاد قىلىدۇ.

**2) داستانلاردا چىڭ سۇلالىسى دەۋرى**

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى داستانلار 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىدىغان داستانلارنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار باسمىچىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ئەمىنلىك باشلاندى. ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ، تىنچلىق ئىچىدە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. دەرۋەقە 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غوجا ئەۋلادلىرى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ۋە كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىپ، غوجىلارغا قارشى تۇرۇشى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. ئەلۋەتتە، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قالايمىقان ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىشى ئەل قەلبىگە ياقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئۇيغۇرلار دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چىڭ ھۆكۈمىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلدى. بىز بۇ ھالنى قومۇل ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئەھۋالىدىن روشەن ھېس قىلالايمىز. ئەمما، چىڭ ھۆكۈمىتى بەربىر فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئىدى. ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، بەلكى فېئودال بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمەت شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، يەرلىك بايلار بىلەن بىرلىشىپ ئەمگەكچى خەلققە زۇلۇم سالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى ۋە بەگ ـ غوجىلار پۇقرالارغا خالىغانچە ئالۋان ـ ياساق سېلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆزىنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزدى. ئەمگەكچى خەلق ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. يامۇل ۋە قارىخانىلار پۈتۈنلەي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن دىكتاتورا يۈرگۈزەتتى. بۇنداق رەھىمسىز رېئاللىق ۋە ئادالەتسىز سىياسەتتىن جاق تويغان ئۇيغۇرلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاشكارا كۈرەش قىلىشقا باشلىدى.

«1864 ـ يىلى(توڭجىنىڭ 3 ـ يىلى) ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت دېھقانلىرى بىرلىكتە كۇچادا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى يەنىمۇ زور كۆلەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى»[7]. شۇنداق قىلىپ، «چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتتى» [8]. ئارقىدىنلا كورلا، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، يەكەن، قەشقەر، قومۇل، ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ پارتلاپ، يەرلىك چىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتلىرىنى تىكلىدى. گەرچە قوزغىلاڭدىن كېيىن غەلىبە مېۋىسىنى ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابنى تۇيۇق يولغا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرى، قوزغىلاڭنىڭ زور كۆلىمى ۋە مەقسىتىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. شۇڭا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا، بۇ قوزغىلاڭلار مۇنداق خاراكتېرلەنگەن: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ بۈيۈك قوزغىلاڭلىرى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ۋە شەنشى ـ گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن قوزغالغان بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭلار ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قوزغىلاڭچى دېھقانلار جەسۇرلۇق بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان بەزى تۈزۈملىرىنى گۇمران قىلدى، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى» [9]. مانا شۇنداق تارىخىي رېئاللىق «نۇزۇگۇم»، «ئىسلام بېگىم»، «مايىمخان» قاتارلىق داستانلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ داستانلارنىڭ بىر قىسمىدا ئۆز ۋاقتىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ جەريانى بايان قىلىپ بېرىلسە، يەنە بىر قىسمىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمى پاش قىلىندى.

1865-يىلى قوقەنتلىك ياقۇپبەگ شىنجاڭنىڭ پارچىلىنىش ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇ ھەر خىل ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تېز سۈرئەتتە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنى ئىككىنچى قېتىم ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن تۇنجى داستان «نۇزۇگۇم» داستانى بولۇشى مۇمكىن. ئۇچقۇنجان ئۆمەر[10] ۋە ئوسمان قادىر[11]نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا نۇزۇگۇم ۋەقەسى 1826-يىلى ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىكەن.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئاھالىنى ئىلىغا يۆتكەپ ئاپاردى [12]. ئەنە شۇ ئىلىغا ئېلىپ بېرىلغان كىشىلەر ئىچىدە نۇزۇگۇم ئىسىملىك بىر قىزمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا بېغىشلانغان داستاندا بايان قىلىنىشىچە، نۇزۇگۇم ئىلىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن بىر مەنچىڭ ئەمەلدارىغا دېدەك قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەمەلدار نۇزۇگۇمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. ئۇ نۇزۇگۇمغا زورلۇق قىلماقچى بولغاندا، نۇزۇگۇم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتا مۆكۈپ يۈرۈپ، چىرىكلەرگە تۇتۇق بەرمەيدۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەندە چىرىكلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ داستاندا ئەمەلدار-تۆرىلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىغا تېز پۈكمىگەن باتۇر قىز نۇزۇگۇمنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نۇزۇگۇم پاك، ئەخلاقلىق ۋە غۇرۇرلۇق، قەھرىمان قىز بولۇپ، ئۇ ئەركسىزلىك، خورلۇق ئىچىدە ياشاشتىن ئۆلۈمنى مىڭ مەرتىۋە ئەلا بىلىدۇ.

«مايىمخان» داستانىدىمۇ 1820-يىللارنىڭ ئاخىرى ئىلىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، غۇلجا شەھىرىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا ياشايدىغان كەمبەغەل دېھقان توختى باقىنىڭ مايىمخان ئىسىملىك قىزى بولۇپ، بۇ قىز مۇشۇ يېزىلىق ھېيتباقى ئىسىملىك يىگىت بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ چاغدا غۇلجىدا «32 ھوسۇل ئالۋىنى» ئەۋج ئالغان ئىدى. توختى باقى قاتارلىق بىر قىسىم يوقسۇللار بۇ ئالۋاننى تاپشۇرالمىغاچقا يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دادامتۇ يېزىسىنىڭ يۈز بېشى ھامۇتبەگ ئادەم ئەۋەتىپ، توختى باقىنى تۇتۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى «ۋاڭ خولۇ» ئالۋىنىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. «ۋاڭ خولۇ» ئالۋىنى ئىلى دەرياسىنىڭ تاشقىنىنى توسۇش ئالۋىنى بولۇپ، ئەمەلدارلار خۇراپىيلىققا ئىشىنىپ « توختى ئىسىملىك كىشىنى سۇغا باسساق كەلكۈننى توختاتقىلى بولىدۇ» دەپ، توختى باقىنى تىرىكلا دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ پاجىئەدىن يۈرىكى ئېزىلگەن مايىمخان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە باي-غوجاملارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىنى پاش قىلىدىغان قوشاقلارنى توقۇپ، ئۇنى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ، كىشىلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغايدۇ. ھەممىلا يەردە مايىمخان ئىجاد قىلغان ناخشىلار ياڭراشقا باشلايدۇ. ھامۇتبەگ بۇ ئەھۋالنى يامۇلغا مەلۇم قىلىپ، مايىمخاننى سولىتىۋېتىدۇ. مايىمخان زىنداندا بىر يىل ياتقاندىن كېيىن 1830-يىلى يازدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاخىرى داستانغا ئايلىنىدۇ.

«ئابدۇراخمان خان» داستانىدا 1860-يىللىرى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ بايان قىلىنىدۇ. مەمتېلى سايىت[13] ۋە ئابدۇللا سۇلايماننىڭ[14] مەلۇماتىغا

www.uyghurkitap.com



ئاساسلانغاندا، ئابدۇراخمان خان خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1833 ـ يىلى خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئاتچويى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ قابىل سىياسىي تەشكىلاتچى ۋە خەلقپەرۋەر زات بولۇپ يېتىلگەن. ئابدۇراخمان خان قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ 1860 ـ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاكىمىيەت ئورناتقان. بۇ ھاكىمىيەت خوتەن خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1863 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندىكى چېرىكلىرى بىرلىشىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇراخمان پاشا ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، پىيالمىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇرۇشتا مەنچىڭ چېرىكلىرى مەغلۇپ بولغان، ئەمما ئابدۇراخمان پاشا ئۆز مەھرىمى ئىسمايىل تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇراخمان خاننىڭ جەسىتى داغدۇغا بىلەن خوتەنگە ئېلىپ كېلىنىپ، دەپنە قىلىنغان. ئابدۇراخمان خاننىڭ ئانىسى ئاخۇنئاغىچا دەپنە ۋە نەزىر مۇراسىملىرىدا ئوغلىنى ئەسلەپ ھەسرەتلىك ھازا قوشاقلىرىنى ئوقۇغان. بۇ ھازا قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئابدۇراخمان خاننىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مۇكەممەل داستانغا ئايلانغان ھەمدە داستانچىلار تەرىپىدىن ئىزچىل ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە.

«ئىسلام بېگىم» داستانى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى خەلق كۈرىشىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان يەنە بىر جەڭگىۋار داستاندۇر. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، خوتەنلىك قەھرىمان ئىسلام بەگ سۇلتان ھەزرەت دېگەن كىشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چېرىكلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي داۋاملىق دۈشمەن ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى تىرە ـ پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرى ئۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، خوتەن شەھىرىگە يالاپ بېرىلىپ، يامۇلغا سولىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يارەنلىرى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ قايتىدىن كىشىلەرگە باشچىلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن قېتىملىق جەڭدە دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكى قەيەردە، قاچان يۈز بەرگەنلىكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. بۇ داستان قومۇل خەلقى ئىچىدە تارقالغان، ئەمما داستاندىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك خوتەندە يۈز بەرگەن. ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر قېتىملىق كۈرىشىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان داستاندۇر.

### 3) داستانلاردا گومىنداڭ دەۋرى

گومىنداڭ دەۋرىدىكى داستانلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن كومپارتىيە دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى داستانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي، ۋۇ جوڭشىن قاتارلىقلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

1911 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاخىرى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ «دەۋر بۆلگۈچ شىنخەي ئىنقىلابىغا ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى»[15]. شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب ئالدى بىلەن ئىلىدا، ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يۈز بەردى. ئارقىدىنلا قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ بۇ ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قومۇلدىكى قوزغىلاڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قومۇلدىكى ۋەكىلى شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ قوزغىلاڭغا تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تېز ۋاقىت ئىچىدە قومۇلنىڭ 12 تاغ رايونىغا كېڭەيدى. شا مەخسۇتنىڭ چېرىكلىرى ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى يۈەن داخو تەختتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقتى. ئۇ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى قوراللىق باستۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئالداش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ ئالدى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىغا قويغان ئالۋان ـ ياساقنى كېمەيتىش ۋە شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان زۇلمىنى چەكلەش شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى. ئارقىدىنلا تۆمۈر خەلپىنى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوفىتسېر بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ساددا دېھقانلار ياڭ زېڭشىننىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلدى. نەتىجىدە ئىنقىلابچىلارنىڭ

قوراللىرى يىغىۋېلىنىپ، ئۇلار تارقىتىۋېتىلدى. تۆمۈر خەلپە بولسا ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس تاغدىن چۈشۈرۈلۈپ، قەپەزگە سولانغاندەك ئىش بولدى. ئاخىرى تۆمۈر خەلپە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ قومۇل ئىنقىلابى مىلتارىستلار تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. مانا بۇ ۋەقەلىك «تۆمۈر خەلپە» داستانى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا دۇدۇ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابچىلارنى دەرھال تازىلاشقا كىرىشتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنقىلابچىلار گېلاۋخۇيچىلار بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈرەش قىلغان ئىدى. «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر، چاقىلىق، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گېلاۋخۇيگە بەس-بەس بىلەن قاتنىشىپ، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشتى. گېلاۋخۇيچىلار ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلاردىن بىر مۇنچە كىشى گېلاۋخۇينىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى»[16]. ئەمما ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىنقىلابچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان گېلاۋخۇيچىلارنى دەھشەتلىك باستۇردى. شۇنداق قىلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ بىر تەرەپتىن ئالداپ سېتىۋېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش سىياسىتى تېز ئۈنۈم بېرىپ، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابچىلار ئۆزۈل-كېسىل ھالاك بولدى. بۇ دەۋر رېئاللىقى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى سېيىت نوچىنىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «سېيىت نوچى» داستانىدا بايان قىلىپ بېرىلدى. بۇ داستاندا بايان قىلىنىشىچە، سېيىت نوچى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەرد ۋە باتۇر كىشى بولۇپ، ئۇ «گېلاۋخۇي» تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما ياڭ زېڭشىن «گېلاۋخۇي» چىلارنى قاتتىق باستۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېيىت نوچى قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، بىر مەزگىل ئاقسۇ، كۇچا، ئىلى ۋە ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ قەيەرگە بارسا شۇ يەردىكى ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا يېتىپ، زالىم-مۇستەبىتلار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئاخىرى سېيىت نوچىدىن چۆچۈگەن ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۇ بىلەن قەشقەر ھۆكۈمرانى ما فۇشىڭ ئۆز-ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاقكۆڭۈل ۋە نادان سېيىت نوچىنى ئالداپ قاپقانغا چۈشۈرۈپ، ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ داستان سېيىت نوچىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق مەردۇ-مەردانىلىقنى ۋە زۇلۇمغا قارشى باتۇرلۇقنى كۈيلەيدۇ، ئازاب چەككەن ۋە ئېزىلگەن خەلق ئاممىسىنىڭ زالىم ئەمەلدارلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادە قىلىدۇ، شۇنداقلا نادانلىقنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان بالايى-ئاپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ياڭ زېڭشىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى بېكىتكەن ۋاڭ، گۇڭلارنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشىغا يول قويدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىشىنى توسماقچى بولدى. مەكتەپلەرنى تاقاپ، بىلىملىكلەرنى نەزەربەند قىلىپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇردى. 1928-يىلى بۇ مۇستەبىت ئۆلتۈرۈلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر مۇستەبىت جىن شۇرېن تەختكە چىقتى. «جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ جەندىسىگە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ ئېغىر باج-سېلىق، ئالۋان-ياساقلارنى سالدى ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى»[17]. يەرلىك مىلتارىستلارنىڭ بۇ خىل زۇلمى ئۇيغۇر خەلقىنى يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. 1931-يىلى غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ داغ-دوغىسى ئىنتايىن زور بولدى. قومۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىن تۇرپان، كۇچا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە كەينى-كەينىدىن قوزغىلاڭ پارتلاپ، مىلتارىستلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جىن شۇرېنمۇ تەختتىن غۇلىدى. ئەمما يەنە بىر ھىيلىگەر ۋە ۋەھشىي مىلتارىست شىڭ شىسەي

www.uyghurkitap.com



پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەختكە چىقىۋالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا، باندىت ما جوڭيىڭمۇ شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. ھېيلىگەر شىڭ شىسەي بىر تەرەپتىن ماجۇڭيىڭ باندىتلىرىنى يوقىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ئويلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ماجوڭيىڭنىڭ قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، خوتەنگە قىستاپ ئاپاردى. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر قېتىملىق دېھقانلار ئىنقىلابىغا ئوخشاشلا، بۇ قېتىممۇ، ئاز ساندىكى فېئودال كۈچلەر ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، بۆلگۈنچىلىك يولىغا ماڭدى. قەشقەردىكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كاتىپبېشى سابىت داموللا ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئىمىنلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى. غوجىنىياز ھاجى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن بۇ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇردى. ئۇ سابىت داموللا قاتارلىقلارنى تۇتقۇن قىلىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئەمما ئىككى يۈزلىمىچى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىۋېلىش، ماجوڭيىڭنى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنى ئوڭۇشلۇق باستۇرۇۋېلىش ئۈچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلەشكەن ۋە بەزى ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويغان ئىدى. بۇ ۋەھشىي ئالۋاستى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى، ئىلغار زاتلارنى ۋە يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن كوممۇنىستلارنى قىرغىن قىلدى. شۇ قاتاردا غوجىنىياز ھاجىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان قومۇل قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر رەھبىرى غوجىنىياز ھاجىنىڭ پائالىيەتلىرى «غوجىنىياز ھاجى»داستانى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ داستاندا غوجىنىياز ھاجىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى مەركەز قىلىنىپ، قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، غوجىنىياز ھاجىنىڭ باتۇرلۇقى، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ماجىرالار، جىن شۇرېن چېرىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىش، جىمسار ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى، غوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجوڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەر، غوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى، شىڭ شىسەينىڭ زالىم ۋە ھېيلىگەرلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بىلەن ماجوڭيىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ داستان خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى غوجىنىياز ھاجىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ماجوڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى خوتەنگە كىرگەندىن كېيىن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىپ، خوتەن خەلقىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈلپەتلەرنى سالدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرى بۇ خىل كۈلپەت ۋە خورلۇقنى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى خوتەندىكى ماجوڭيىڭ ئارمىيەسىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلغانغا قەدەر تارتتى. خوتەن خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ پاجىئە «ئەبەيدۇللاخان» داستانىنى مەيدانغا كەلتۈردى. «ئەبەيدۇللاخان» داستانى 1933-يىلىدىن 1937-يىلىغىچە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا چەكسىز كۈلپەت سالغان ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى باندىتلارنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئېچىپ بېرىدىغان داستاندۇر. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، تۇڭگانلار قاراقاش زاۋا يېزىلىق جالالىدىن غوجىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللادىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئەبەيدۇللا بىر قىسىم يىگىتلەرنى باشلاپ دۇۋا پاششىيم ۋە پۇشىنىڭ تاغلىرىغا قېچىپ كېتىدۇ. تۇڭگان قىسىملىرى پۇشىنى قورشىۋالىدۇ. ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار باندىتلار بىلەن قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەبەيدۇللا دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. جالالىدىن غوجا ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باندىتلارغا نۇرغۇن ئالتۇن-كۆمۈش بېرىدۇ. ئەمما ياۋۇز باندىتلار جالالىدىنىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللانى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ داستان ماخۇسەن باندىتلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

1944-يىلى غۇلجا، ئالتاي ۋە تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە «ئون بىر بېتىم» ئىمزالاندى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئەمما بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىلغار كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ جاھىللىرى ئوتتۇرىسىدا گاھ ئاشكارە، گاھ يوشۇرۇن كۈرەشلەر بولۇپ تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىمۇ ئىلغار زاتلار بىلەن ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەش ئىزچىل توختىمىدى. بۇ خىل كۈرەش ماھىيەتتە خەلقنى ئېزىدىغان كۈچلەر بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىدى. «شىرىپ بوجاڭ»، «ئەيسا بەگ» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش يۈزىسىدىن مەيدانغا كەلدى.

«شىرىپ بوجاڭ» داستانى 1946-1947-يىللىرى خوتەندە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. داستاندا مۇنداق ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: ئون پولۇ (ھازىرقى چىرا ناھىيەسىنىڭ بوستان يېزىسى ۋە كېرىيە ناھىيەسى ئاتچان يېزىسىنىڭ پولۇ كەنتىنى كۆرسىتىدۇ) يېزىسىنىڭ بېگى شىرىپ بوجاڭ پۇقراپەرۋەر كىشى بولۇپ، يۇرتنى ئادىل باشقۇراتتى. بايلارنىڭ زومىگەرلىكىگە يول قويمايتتى، كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سەيداجى قاتارلىق بايلارنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلانغان ئىدى. سەيداجى شىرىپ بوجاڭنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى يۇرت بېگى بولۇش نىيىتىدە مۇھەممەت بۇقا، نىيازغاز ۋە قايىم بوجاڭ قاتارلىق قول چوماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ۋەقەدىن كېيىن ھۆكۈمەت قاتىللارنى جازالايدۇ. خەلق ئاممىسى بولسا، شىرىپ بوجاڭنى داغدۇغىلىق دەپنە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسىل خىسلەتلىرىنى يادلاپ، سەيداجى قاتارلىقلارغا لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇپ، بۇ داستاننى ئىجاد قىلىدۇ. دېمەك، بۇ داستاندا گومىنداڭ دەۋرىدىكى ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن زومىگەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بايان قىلىپ بېرىلگەن.

«ئەيسابەگ» ناملىق داستان 1940-يىللىرى چىرا ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، ئەيسابەگ چىرا ناھىيە دامكۇ يېزا پۇناق كەنتىدە ئۆتكەن خەلقپەرۋەر، خەيرى-ساخاۋەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرى شان-شۆھرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ كۈيئوغلى پىراۋۇدۇن قارانىيەت ۋە ھەسەتخور كىشى بولۇپ، ئۇ قېينئاتىسىنىڭ شۆھرىتى ۋە بايلىقىغا ھەسەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ «ئەيسابەگ مېنىڭ يايلىقىمنى ئىگىلىۋالدى» دەپ يامۇلغا ئەرز سۇنىدۇ. يامۇل ئەمەلدارى ئۇنىڭ ئەرزىنى تۆھمەت دەپ قاراپ، رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىراۋۇدۇن ئەيسابەگكە زەھەرلىك قولىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. پىراۋۇدۇن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ، جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما شىنجاڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ۋەھشىي قاتىل خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، 1951-يىلى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. دېمەك، مەزكۇر داستاندا، بۇ ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسىم داستانلىرى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مۇستەبىت فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئەمەلدارلارنىڭ ياۋۇز، چىرىكلىكىنى پاش قىلىش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇشتۇمزورلارغا قارشى كۈرىشىنى بايان قىلىش، شۇنداقلا خەلقپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ پىداكارلىقىغا مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت بولغان.

## 3 . ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى

خەلق داستانلىرى تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر بىلەن باغلانغاچقا، ئۇ يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى بەلگىلىك دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۇنداق ياكى مۇنداق يول بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمما خەلق داستانلىرى ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك كەڭ مەنىدىكى تارىخىيلىققا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇ تارىخ بىلەن بىۋاستە بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى بىۋاستە بايان قىلىپ بېرىدۇ، شۇڭا تارىختىكى بەزى ئىشلارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ئىسپاتلاشتا تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەمگەكچى خەلق داستانلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھادىسىلەر، ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەشۇ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان باھاسى، قارىشى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى بىز چىن مەنىدىكى تارىخ دېيەلمەيمىز. مەسىلەن، «ئابدۇراخمان خان» داستانىدا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇراخمان خاننىڭ ئوڭ دولىسىغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن تامغىسىنى باسقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقى، خوتەن ئامبىلىنىڭ چۈشىدە ئۆزىگە كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى كۆرگەنلىكى، ئابدۇراخمان خاننىڭمۇ چۈشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىيالما ئۇرۇشىدا قۇربان بولىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەنلىكىگە ئوخشاش ئىشلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇلار ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئەمەس. خەلق داستانلىرى بەلگىلىك تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن چاغدا تاللاش، قۇراشتۇرۇش، توقۇش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي پىششىقلاشتىن ئۆتىدۇ. خەلق داستانلىرى تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر سۈپىتىدە قايتا گەۋدىلەنمەيدۇ. خەلق داستانلىرىنى چىن مەنىدىكى تارىخ بىلەن سېلىشتۇرغاندا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ، يەنى تارىخىي ئەسەرلەردە تارىخ ھەقىقىي تۈردە قايتا يېزىلىپ، ئۇدۇلىغا بايان قىلىنىدۇ، خەلق داستانلىرىدا بولسا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. خەلق داستانلىرى تارىخىي پاكىتلارنى جانلىق ئوبرازلار ۋاسىتىسى شۇنداقلا چىنلىقتىن ھالقىغان فانتازىيە(ياكى مۇبالىغە) لەر بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەمما ئۇ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ۋە مەۋجۇت شەيئىلەر بىلەن ئۆز-ئارا باغلىنىشلىق بولۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ تارىخىي داستانلاردىكى ئىشلار كىشىلەر تەرىپىدىن ھامان راست بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە دەپ تونۇلىدۇ، داستان ئېيتقان ۋە ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ھەقىقىي ئىشىنىش تۇيغۇسى داستانلارنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچىنى شەكىللەندۈرگەن.

تارىخىي داستانلارنى بايان قىلغۇچىلار كىشىلەرنىڭ بۇ تارىخىي داستانلاردىكى قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە سېغىنىشىنى قوزغاش ئۈچۈن دائىم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەمەلىي پاكىت ئىزدەيدۇ، يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى، ۋەقە پەيدا بولغان ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىقلارنى ئېنىق ئېيتىدۇ. ئۆتكەنكى تارىخنى قايتا بايان قىلىپ ۋە تارىخ بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ داستانلاردىكى پېرسوناژلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

خەلق داستانلىرى تارىخنى ئەدەبىي تىل، ئەدەبىي ئوبراز، مۇكەممەل سۈژەت ۋە مۇڭلۇق مۇزىكا بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرىي تىللار ئىشلىتىلىدۇ، پۇختا شېئىرىي شەكىل قوللىنىلىدۇ، ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار يارىتىلىدۇ،

مۇكەممەل سۈرەت بايان قىلىنىدۇ، ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تەڭكەشىدە تەسىرلىك ناخشا ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. داستاننىڭ بۇ خىل شەكلى ئۇنى ئادەتتىكى تارىخنى ئۇدۇل بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرىدۇ. كىشىلەر داستاننىڭ قىزىقارلىق سۈرەت قايىنىمىغا چۆكۈپ، گۈزەل شېئىرىي تىلىدىن ھوزۇرلىنىپ، مۇڭلۇق مۇزىكىسىغا غەرق بولغاندا، دەل مانا شۇنداق ئېستېتىك زوقلىنىش ئىچىدە، ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىي ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ، تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق، ئوبرازلىق شەكىلدە ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئورنايدۇ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىراكىدىيەلىك تەقدىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، داستان ئېيتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تارىخىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى يارىتىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن تارىخنىڭ بىرلىشىشى، تارىخنىڭ ئەدەبىياتلاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇزىكىلاشتۇرۇلۇشى مانا شۇ خەلق داستانلىرىدا ئوگۇشلۇق ھەل قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، خەلق داستانلىرى ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ تارىخ دەرسلىكى بولغان. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەتكە ياكى مەلۇم يۇرت كىشىلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن زور ۋەقەلەرنى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى داستان شەكلىدە ئىپادىلەپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان. بۇ خىل داستانلار ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

مانا بۇ داستانلارنىڭ تارىخىي قىممىتى، مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي ئەسەرلەردىن ھالقىپ كېتىدىغان سېھرىي كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى 11-ئاي نەشرى، 1999-يىلى 3-ئاي ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشى 463-بەت.

[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى 4-ئاي نەشرى، 39-بەت.

[3][4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 3- ئاي نەشرى، 167- بەت، 160-بەت.

[5][7][8][9][15][16][17] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى4- ئاي نەشرى، 288-289-293-355-294-357-362-363-417-422-450-بەتلەر.

[6] ھەسەن ماموت: «قومۇل خەلق داستانى‹ئۆمەر باتۇر›نىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنىشى ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە»[J]، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993-يىلى 1-سان 36-بەت.

[10] ئۇچقۇنجان ئۆمەر: «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى»[M]، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981-يىلى 12-ئاي نەشرى 1-، 2-بەتلەر.

[11] ئوسمان قادىر:«‹نۇزۇگۇم›داستانى ھەققىدە تەھلىل»[J]، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986- يىلى 2-سان، 128-بەت.

[12] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 4- ئاي نەشرى، 303- بەت.

[13] «ئابدۇراخمان خان»، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسى، 1984-يىلى نەشر قىلغان نۇسخىسىنىڭ 1- 2- بېتىدىكى مەتبەلى سايىتىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قاراڭ.

[14] ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار-خەلق داستانلىرى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006- يىلى 4- ئاي نەشرى، 265-266-بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2012)04_020_08

# شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى*

تۇرسۇن قادىر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇشكۈل ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭ بىر مىللىي ئاپتونومىيەلىك جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بەلگىلىك پەرقنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىنى ياخشىلاشتا مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا ئويغۇن كېلىدىغان مەمۇرىي نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

**摘要:** 深入行政管理体制改革，建立科学、有效的行政管理体制是当前我国面临的最困难任务之一。新疆是个民族区域自治地方，它与我国其他地方之间公共管理方面存在一定的差异。所以，在改善新疆的行政管理活动方面，必须要建立与民族自治地方特点相适应的行政管理体制，改善行政管理环境，建立起新疆跨越式发展相适应的行政监督体系。

**Abstract:** By deep reforming the system of administrative control to create more effective, scientific administrative system is one of the toughest tasks for China at the present. As a minority-ethnic autonomies region, Xinjiang has its unique features in public administration. Thus, to improve the administrative effectiveness, one should establish an administrative system which must be fit in the unique autonomies features in Xinjiang. Besides, improve the management environment, establish administrative supervision system which fits in the needs of Xinjiang's leapfrog development are also necessary.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D05 ماتېرىيال بەلگىسى: A

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاللاش ۋە يۈرگۈزۈشنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان پارتىيە باشقۇرۇۋاتقان جايىنىڭ سىياسىي ۋە ئىستىراتېگىيەلىك ئورنىغا بولغان تونۇشىنىڭ دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ھەم بىر دۆلەت تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭدا دىسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىلەر ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچراپ، مەمۇرىي ئۈنۈم

* بۇ ماقالە 2012ـيىلى 3ـ ئاينىڭ 5ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇن قادىر (1961ـيىلى 1ـئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، جامائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پەنلىرى، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

## 1. شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

**1) شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى**

مەمۇرىي رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. بۇنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيەت تەۋەلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ باشلىقلىق تۈزۈمى ۋە كومىتېت تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ، جۇڭگونىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىدە باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بىراق شىنجاڭنىڭ باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئاددىي مەنىدىكى باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا مىللىي ئاپتونومىيەنىڭ ئېھتىياجى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، مەمۇرىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقراسى ئۈستىگە ئالىدۇ. جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان، دۆلىتىمىزدىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىتى ۋە ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ كىرىش سۆزىدە: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ دېگەن روھنى، دۆلەت مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى قەتئىي يولغا قويىدۇ، دېگەن پرىنسىپنى گەۋدىلەندۈرىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 16-17-ماددىلىرىدا: « مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسىدىن بولغان مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلار بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىمى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىمى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە قانۇن جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيەلىك جايلاردا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكى مىللىي خادىملارنىڭ سانى بەلگىلەنگەن. جۇڭگودىكى مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈشى. يەككە مىللەتتىن تەركىب تاپقان مىللىي ئاپتونومىيە مەۋجۇت ئەمەس. ئاپتونومىيەنى يولغا قويمىغان باشقا مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 16-ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا،

www.uyghurkitap.com



تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بولغاندىن تاشقىرى، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھەر قايسى مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ئورتاق قاتنىشىدۇ. ئاپتونوم جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ۋە ئاپتونوم ئورگانلارغا قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى ئىچىدە، ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى مۇۋاپىق نىسبەتتە سەپلەپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھىم ئىشلاردا كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلىنىدۇ، ئادەتتىكى ئىشلاردا شەخسىي تەدبىر بەلگىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم، چوڭ ئىشلىرىغا چېتىشلىق بولغان تەدبىرلەرنى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى يىغىن شەكلى بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى، دائىمىي ئىشلار يىغىنى، مەخسۇس يىغىنى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى جامائەت ئىشلىرىغا قارىتا كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەيدۇ. دائىمىي خاراكتېردىكى كۈندىلىك جامائەت ئىشلىرى ۋە ئادەتتىكى ئىشلاردا ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بىۋاسىتە تەدبىر بەلگىلەيدۇ. مەيلى كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەش بولسۇن ياكى شەخسىي تەدبىر بەلگىلەش بولسۇن ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىدە ئاخىرقى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قاتلام دەرىجە تۈزۈمى بويىچە تەسىس قىلىنغان. فۇنكسىيەنىڭ بۆلۈنۈشى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن ئادەتتىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس، ھەممىسىدە نۇرغۇنلىغان فۇنكسىيەلىك تارماقلار تەسىس قىلىنغان، ئاپتونوم رايوندا نازارەت، ئىدارە، كومىتېت تەسىس قىلىنغان، ئاپتونوم ناھىيەلەردە بىر قانچە ئىدارە تەسىس قىلىنغان. ئومۇمەن شىنجاڭدا خېلى كۆپ ئوتتۇرا قاتلام تەسىس قىلىنغان، مەسىلەن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت ۋە ئون نەچچە ناھىيە قارايدۇ.

لېكىن، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ تەۋەسىدە يەنە ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

**2) شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيەلىك ئورگانلىرى**

(1) شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك فۇنكسىيەلىك تارماقلار. ھازىر شىنجاڭدا شەھەر رايوننى باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىگە ئىگە تارماقلار شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شەھەرنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزۈش بويىچە يەنە 11 كىچىك تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: ئاپتونوم رايونلۇق پىلان ۋە قۇرۇلۇش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر مۇھىتىنى قوغداش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناشنى پىلانلاش، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى باشقۇرۇش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش تارمىقى؛ جامائەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش تارمىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش تارمىقى؛ بازار باشقۇرۇش تارمىقى؛ باشقا تۈردىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش تارمىقى، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشخانىسى (ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ـ تەستىقلاش مۇلازىمەت زالى) ۋە شەھەر رايونلىرى ئىچىدىكى پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى شەھەر رايونىدىكى پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنى مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ـ تەستىقلاش مۇلازىمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

(2) ئاپتونوم رايونلۇق ئېچىش، قۇرۇش ئورگىنى. ئېچىش ـ قۇرۇش ئورگىنى شەھەر رايوننى ئېچىش ـ قۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنىدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق« بىرىنچى دەرىجىلىك ئېچىش، ئايلانما تەرەققىيات، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، تەڭپۇڭلۇقنى قوغلىشىش» تەك ئالاھىدە

ئىقتىسادىي ئېچىش سۇبىستانسىيەسى. ھەر قايسى ئېچىش، قۇرۇش ئورگانلىرى رايون ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنى پىلانلاپ، شەھەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى پىلانلاش، قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويىدۇ.

(3) كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى. ئۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ شۇ رايونغا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئورگىنى بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئاساسىي قاتلام خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولىدۇ. ئۈرۈمچىنى مىسال قىلساق، ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2008-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن شەھەردە جەمئىي 56 كوچا ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلغان.

(4) مەھەللە كومىتېتى. ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەر ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى تەربىيەلەيدىغان، ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئاپتونوم تەشكىلات بولۇپ، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئىشلىرىنى كېڭەشش، تەدبىر بەلگىلەش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىق فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۈرۈمچىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر 56 كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تەۋە 482 مەھەللە كومىتېتى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھەللە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا پائال ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**3) شىنجاڭنىڭ ماكرولۇق بازار تەرەققىيات ئەھۋالى**

بازارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇلازىمەت ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمەتكە قويغان جىددىي تەلىپى. ئوخشاش بولمىغان رايوننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى بازارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇلازىمىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر شىنجاڭ دۇچ كەلگەن ئاساسىي ئىجتىمائىي مەسىلە باشقا رايون بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كېلىپ چىققان بازارنىڭ تەرەققىيات پەرقىدىكى مەسىلە. شىنجاڭنىڭ بازار مېخانىزمى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، نامراتلىق، جامائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. جەمئىيەتنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بۇ خىل پەرقنى تېزلىكتە تۈگىتىشى ئاسان ئەمەس. چۈنكى ھازىر شىنجاڭنىڭ ماكرولۇق بازار تەرەققىيات ئەھۋالىدا ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ رىقابەت كۈچى نىسبەتەن ئاجىز بولۇش، بازارنىڭ يېتىلىش سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇش، بازارنىڭ كەسىپلەرنى تاللاش ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ناچار بولۇش، بازار قائىدىسى ساغلام بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاددىيلا قوللىنىلىدىغان فۇنكسىيە ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، چوقۇم شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئېھتىياجىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى، يەرلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان بازار باشقۇرۇش مېخانىزمىنى لايىھەلىشى لازىم.

## 2. شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك شۇكى، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلاشتۇرۇلدى. ئەمما،

www.uyghurkitap.com



شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يېتىشىپ ماڭالماي جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلالمىدى. دېمەك، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يەنىلا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**1) ئەگەشمىچىلىك ئېغىر، يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل**

شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىسلاھاتى چەتئەللەرنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونىدىكى ھۆكۈمەت ئىسلاھاتى قاتارلىق سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. گەرچە، چەتئەللەرنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ھۆكۈمەت ئىسلاھاتى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدا قوزغاتقۇچلۇق رولغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا بولۇشى ھەم كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىسلاھاتىغا بولغان بىلىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدەك رېئاللىقتىن ئېيتقاندا، دېڭىز بويى رايونى ۋە چەتئەللەرنىڭ ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا شىنجاڭدا قاراتمىلىققا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولىغا ماس كېلىدۇ. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدا ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت مەمۇرىي مۇلازىمەت ئېڭى، ئۇسۇلى ۋە مېخانىزمى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغانلىقتىن، بۇلار كارخانا تىپىدىكى ھۆكۈمەت، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى چەكلەپ تۇرماقتا.

**2) ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى يېتەرلىك ئەمەس**

شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسىغا يېتىشىپ ماڭالمىدى. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىش سالمىقى ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىدىن كىچىك بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ مىكرو قاتلاملىرىغىچە بىۋاسىتە ئارىلىشىۋېلىشى ۋە قامال قىلىش ھادىسىلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. «يېڭى جامائەت باشقۇرۇش» ئىدىيەسىگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى «قادىر ھۆكۈمەت»تىن «چەكلىك ھۆكۈمەت»كە ئۆزگىرىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. بىراق قانداق قىلىپ بۇ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر جىددىي دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا.

بىرىنچى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى كۆچەيتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا فۇنكسىيەلەرنىڭ كۈچىيىشىگە سەل قارالدى. شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى فۇنكسىيەسىگە سەل قارىدى. مەسىلەن، بەزى باشقۇرغۇچىلار ھۆكۈمەت تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي مائارىپ، داۋالىنىش، سەھىيە، مۇھىت قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جامائەت مۇلازىمەت فۇنكسىيەسىنى ئەمەلىيەتتە ئۈيغۇن كەلمىسىمۇ بازارغا ئىتتىرىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزدى ۋە قالايمىقان قىلدى. بۇلار شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋە جامائەت مۇلازىمىتى جەھەتلەردىكى فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىپ ئۆز نىشانىغا يېتىپ بولالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئالاقىدار ئۆلچەملەر دېگەندەك ئايدىڭلاشمىدى. بۇ شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئالاقىدار مۇھىم مەسىلە. ھۆكۈمەت فۇنكسىيە جەھەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، جامائەت مۇلازىمىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە يۈزلىنىپ، مەسىلىلەرگە ئەمەلىي ھۆكۈم قىلىشنى

ئۆلچەملەشتۈرۈشى لازىم. چۈنكى، ھۆكۈمەت مەلۇم بىر مەسىلىگە يۈزلەنگەندە ھەمىشە "كۆرۈنمەس قول" نىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەگەر، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈزۈم شەكلى بىلەن كاپالەتلىك قىلىنماي، ئەكسىچە ھۆكۈمەت ئورگىنى بىلەن خادىملارغىلا تايىنىلسا ھۆكۈمەت فونكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر تولۇق ھەل قىلىنمىدى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسپىي تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار ئاجىز بولغاچقا جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك تەربىيەلەپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى تەرتىپكە سېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇلارنى جەمئىيەتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش مەسىلىسى شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىسلاھاتى دۇچ كەلگەن بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشىدا ئەڭ ئۆتكۈر بولۇۋاتقىنى«شەھەر ناھىيەنى باشقۇرۇش» مەسىلىسى. شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەھەر بىلەن ناھىيەلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنىڭ كىچىكلىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر بىلەن ناھىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت شىنجاڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ «شەھەر ئارقىلىق ناھىيەنى باشقۇرۇش»ئىقتىدارى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان شەرقىي قىسىم رايونلاغا سېلىشتۇرغاندا تېخى تولۇق يېتىلمىدى، شەرقىي قىسىم رايونلاغا چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر زىچ توپلاشقان، شەھەرلىشىش يۈزلىنىشى بىر قەدەر يۇقىرى، شەھەر بىلەن ناھىيەنىڭ مۇساپىسى يىراق ئەمەس، شۇنداقلا، ھەر بىر مەركىزىي شەھەر باشقۇرىدىغان ناھىيەمۇ كۆپ ئەمەس. ئەكسىچە، شەھەرلىشىش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغان شىنجاڭدا

مەركىزىي شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈچى ئاجىز بولغانلىنىڭ ئۈستىگە، باشقۇرىدىغان ناھىيە سانى كۆپ. بۇ رېئاللىق شىنجاڭدا "شەھەر ناھىيەنى باشقۇرۇش" ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

### 3) قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭى نىسبەتەن تۆۋەن

شىنجاڭنىڭ يەرلىك ۋە ئاساسىي قاتلاملاردىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇنداق بەش جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم باشقۇرغۇچى خادىملار ھوقۇقنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ئۆزىنى ئادەتلىنىپ قالغان تىلى بويىچە«باشقۇرغۇچى» دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى تۆۋەن. (2) دۆلەت مەمۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت تەقسىماتى شەكىل جەھەتتە ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق فۇنكسىيەنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىشى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر بولغانلىقتىن، خىزمەت جەريانىدا مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىش ئەھۋاللىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. (3) دۆلەت مەمۇرلىرىدا قانۇننى ئاساس قىلمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، دۆلەت مەمۇرلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل قىلمىش دۆلەت قانۇنىنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. (4) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن، مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى بىلەن كەسپىنى قەدىرلەش ئېڭى نىسبەتەن كەمچىل بولغانلىقتىن، ئىش بېجىرگەندە بىخودلۇق قىلىش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرى مەۋجۇت. (5) ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن كېيىنكى نازارەتچىلىك بولۇپ رولى چەكلىك، ئەمما مەمۇرىي نازارەتچىلىك ئىش ئۈستىدىكى نازارەتچىلىككە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ رولىغا يېتەرلىك

www.uyghurkitap.com



ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ.

## 3.شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى

1) مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىش نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا ئىسلاھاتتا ئالغا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىشتا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. (1) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيەسىنىڭ ئىلغار تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىشى لازىم. ئەمما بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە نەتىجىلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغاندا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. (2) ئەقىل - پاراسەتنى دادىل ئىشقا سېلىش لازىم. ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ھەقىقىي ئۆگەنگۈچىگە ئايلانغىلى بولىدۇ، ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەر مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا بىر قەدەر پىششىق، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، ئۆز جايىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرۈشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراستىدىن پايدىلىنىشى لازىم.

2) ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش كېرەك. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى ئىقتىسادنى تەڭشەش، بازارنى نازارەت قىلىش، جەمئىيەتنى باشقۇرۇش، جامائەت مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت تۆت فۇنكسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت مۇلازىمىتى ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەسى. نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەڭشەش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى جەمئىيەت ۋە جامائەتنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. تەرەققىي قىلغان جايلارغا سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭدا ئىلگىرى جەمئىيەت باشقۇرۇش بىلەن جامائەت مۇلازىمىتىگە ئانچە ئېتىبار قىلىنمىغانلىقتىن، كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىپ، ھۆكۈمەت ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان قاتلام ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ھۆكۈمەتنىڭ كونكرېت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئاز بولمىغان پەرقلەر مەۋجۇت. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىدە رايون ئالاھىدىلىكىگە خاس ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ باشقا جايلارنىڭكىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرىكى ھەممە خىزمەتلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ دېيدىغان نۇقتىئىينەزەرنى ئۆزگەرتىپ، نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش لازىم.

3) مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ كۆلىمىنى مۇۋاپىق نىسبەتتە كېڭەيتىش لازىم. ئېلىمىزدە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ يېزا ـ بازارلارنى قوشۇۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن يېزا ـ بازارلارنىڭ سانى ئىخچاملانغان بولسىمۇ، ئەمما ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى زىيادە كىچىك بولۇش مەسىلىلىرى يەنىلا گەۋدىلىك بولماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دائىرىسى كىچىك ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نوپۇسى ئاز جايلارغا مەركەزلەشكەن. شىنجاڭدا بۇخىل ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ مەمۇرىي تەننەرخنىڭ يۇقىرى بولۇشى، بايلىقنىڭ ئىسراپ قىلىنىشى، ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ ناچار بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ،

شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ كەلمەكتە. ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەرلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا تۆت دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلىمى بار بولۇپ، ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەت، رايونلۇق ھۆكۈمەت، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، مەھەللە كومىتېتىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش، تۆت دەرىجىلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمى قانچە كۆپ بولسا مەمۇرىي ئۈنۈم ۋە پايدىنىڭ ئېشىشىنى شۇنچە چەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەر ۋە رايونلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇش قاتلاملىرى بىلەن ئورگانلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىسقارتىش كېرەك. شەھەرنىڭ ناھىيەنى، ئۆلكىنىڭ ناھىيەنى بىۋاستە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا يەرلىكنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھالقىلىرىنى ۋە باشقۇرۇش تەننەرخىنى ئازايتىپ، مەمۇرىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4) قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم: بىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، بىر تۇتاش تەربىيە ئالمىغانلار ياكى تەربىيەلەش ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولمىغانلارنى خىزمەتكە قاتناشتۇرماسلىق، سىياسىي، كەسپىي ساپاسى تۆۋەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، ئىنتىزامنى بۇزغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇش، توختاملىق ئىشچى، ۋاقىتلىق ئىشچىلارنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. يەنە بىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، يەنى گۇۋاھنامىنى ئاساس قىلىپ ئىش بېجىرىش، مەمۇرىي جازا بېرىش ۋە ئىسپات ئاڭلاش تۈزۈمى، جەرىمانە قويۇش بىلەن جەرىمانە راسخوتىنى يىغىۋېلىشنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا مەسىلە كۆرۈلسە مەيلى ئادەتتىكى خادىم ياكى رەھبەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەم تۆلەم تۆلەش تۈزۈمى، مەمۇرىي قانۇن يۈرگۈزۈشنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، مەمۇرلارنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جامائەت باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارە، ئادىل، ھەققانىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## پايدىلانمىلار


[1] تۇرسۇن قادىر: «مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011- يىلى 3- ئاي، 1- نەشرى.

[2] 李俊清.《中国民族自治地方公共管理导论》[M]，北京大学出版社，2008 年 10 月第 1 版.

[3] 张宝成，青觉.《民族地区政府能力的现状分析及影响因素》[J]，中央民族大学学报，2009 年第 2 期.

[4] 寇凤超.《中国行政管理体制改革的任务和策略》[J]，湖南行政学院学报，2009 年第 4 期.

[5] 韦付萍.《深化政府行政管理体制改革的思考》[J]，法制与社会，2008 年第 6 期.

[6] 唐铁汉.《中国行政管理体制改革的回顾与展望》[J]，国家行政学院学报，2008 年第 6 期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 09ـ028ـ01 (2012) 1005ـ5878

# گېزىتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى نۇقسانلار توغرىسىدا*

ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، گېزىت تەھرىرلىكىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار، گېزىتچىلىكتە تەھرىرلىكنىڭ مۇھىملىقى، نۆۋەتتە بەزى گېزىتلەردە ساقلىنىۋاتقان قىسمەن نۇقسانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىپ، بۇ خىل نۇقسانلارنى تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە بىر قەدەر كەڭ ۋە سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**: 本文较全面，系统的分析指出报业编辑中要遵守的有些规则，报业中编辑的重要性，目前部分报纸存在的有些缺点及其产生的原因以及改正的方法等一系列实际问题。

**Abstract:** This paper systematically analyzes and points out several defects and their causes in newspaper editing work, and emphasizes the importance of rule-following in newspaper editing.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K825.42    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەر قانداق بىر نەشر بۇيۇمى تەھرىرلىكتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس، مەيلى ئۇ مەشھۇر ئەرباب، قەلىمى پىشقان پېشقەدەملەرنىڭ ماقالە-ئەسىرى بولسۇن، مەيلى ئەمدىلەتىن قولىغا قەلەم ئالغان ئۆگەنچى ئاپتورلارنىڭ بولسۇن، ماقالە- ئەسەر تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەنىكەن سۈپەت ئالدىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەگەر مەزمۇن جەھەتتىن خاتا، سۈپەتسىز، تەھرىرلىكى ناچار ماقالە-ئەسەر نەشردىن چىقىپ كەتسە، بۇ شۇ ماقالە-ئەسەرنى تەھرىرلىگەن مۇھەررىرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى بولۇپلا قالماستىن، نەشرىياتنىڭ ئابرويىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. مۇھەررىرلەر ئۇلارنىڭ ماقالە-ئەسەرلىرىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن خاتا ئۆزگەرتىپ قويۇپ ئېلان قىلىنىپ كەتسە، بىر قىسىم ياكى پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى مۇھەررىر ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەھرىرلىك ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، نازۇك بىر خىزمەت.

مەيلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چوڭ گېزىتلەر بولسۇن، مەيلى ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك گېزىتلەر بولسۇن ۋە مەيلى كەسپىي گېزىتلەر بولسۇن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشۋىقات پىلانى، تەشۋىقات ۋەزىپىسى، تەشۋىقات دائىرىسى بولىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئالساق، تۆت خىل يېزىقتىكى بىر گېزىت، چوڭ ئوخشاشلىقتا بىردەك بولۇش، كىچىك جەھەتلەردە پەرقلىق بولۇش، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن ئىبارەت گېزىت چىقىرىش فاڭجېنى بويىچە نەشر قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدۇ. ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك گېزىتلەرمۇ شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدۇ. شۇڭا بۇ گېزىتلەر ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىلى، كۆزى، قۇلىقى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىلى، كۆزى، قۇلىقى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر-بىرىگە زىچ باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە-كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىدىكى باش مۇھەررىرلەر شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەشۋىقات تەلىپىگە ئاساسەن، كۈنلۈك، ھەپتىلىك، يېرىم ئايلىق، ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق، بىرىنچى بەش يىللىق پىلان،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 2- ئاينىڭ 28-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى (1953 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، گېزىت-رادىيو ئاخبارات تەھرىرلىكى، ئىملا-تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە كوررېكتورلۇق ماھارىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان . . . دېگەندەك بىر يۈرۈش ۋاقىتلىق تەشۋىقات پىلانلىرىنى تۈزۈپ، قانداق مەزمۇنلارنى، قانداق شەكىل بىلەن، قانچىلىك ۋاقىت تارقىتىش دېگەنلەرنى تەكشەپ تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك گېزىتلەر ئۆز دائىرىسىدىكى ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم ئۇچۇر-پاكىتلارنى مۇخبىر، ئىختىيارى مۇخبىرلار ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىلىق، گېزىت بېتىگە كەڭ-تار ئىستون ۋە تۈرلۈك شەكىللەردە ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى ئوقۇرمەنلەرمۇ گېزىتنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى رولىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، گېزىتخانىدىن ئىبارەت مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇ زاۋۇتنىڭ ھەر قايسى زاپچاسلىرىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقان مۇھەررىرلەر، بەت ياسىغۇچىلاردىن تارتىپ كوررېكتورلارغىچە زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كېچە-كۈندۈز دېمەي، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، نادىر مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان كونكرېت خىزمەتكە، مۇھىمى ئوقۇرمەنلەرگە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىدا ئەقلىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىنىمسىز تەر ئاققۇزماقتا.

ھازىر گېزىتلەرنىڭ سەھىپىسى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، شەكلى كۆركەم ۋە رەڭدار، يېڭى، ئىخچام، قىزىقارلىق، ئاممىباب بولۇپ، يېقىندا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، مۇھىم پاكىتلارنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن كىشىنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. دەرسىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى گېزىتلەردىن ياخشى بەت، ياخشى ماۋزۇ، ياخشى ماقالىلەرنى ئاختۇرۇش بىلەن بىللە، «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ» تۈرلۈك نۇقسانلارنىڭ بار-يوقلىقىغىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ گېزىتنى تولىمۇ زېغىرلاپ كۆرۈپ چىقىمەن. «ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار»، «داناسىدىمۇ سەۋەنلىك ئۆتىدۇ» دېگەندەك، بەزى گېزىتلەردە مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن قىسمەن نۇقسانلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن تۈزۈك. پاكىت كۆرسەتمەي تۇرۇپ «نەسىھەت»قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

## 1. نۇقسانلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

بەزى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالە-ئەسەرلەردە، دائىم ئۇنداق ياكى بۇنداق سەۋەنلىك، خاتالىقلار سادىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ بەزىلىرى ماقالە-ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدا، بەزىلىرى ماۋزۇسىدا، بەزىلىرى تىل - يېزىق ئىشلىتىشتە، يەنە بەزىلىرى بولسا بەت ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى نۇقسانلارنى ئوقۇرمەنلەر دەرھال بايقىۋالىدۇ، بەزىلىرىنى دەرھال بايقىۋالغىلى بولمىغىنى بىلەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خاتالىقى ھەققىي ئىسپاتلىنىدۇ. گېزىتلەردىكى خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، خاتالىقلارنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەبتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز: بىرىنچى خىلى، بەزى خاتالىقلار ئەسلىي ماقالىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەمدە ئۇنى مۇھەررىرلەر بايقىمىغان بولىدۇ. بۇنداق خاتالىقلارنى ئەسلىدىكى خاتالىق دەيمىز؛ ئىككىنچى خىلى، ئەسلىي ماقالىدە خاتالىق بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھەررىرنىڭ ئۆزگەرتىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ياكى زاۋۇتتا بېسىش جەريانىدا پەيدا بولغان خاتالىقلار؛ ئۈچىنچى خىلى، ئەسلىي ماقالىدە خاتالىق بار بولۇپ، مۇھەررىرنىڭ ئۆزگەرتىشى توغرا بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق يۈز بەرگەن بولىدۇ. كېيىنكى ئىككى خىل خاتالىق تەھرىرلەش ۋە بېسىش جەريانىدىكى خاتالىقلار بولغاچقا، كېيىنكى خاتالىقلار دەيمىز. مۇھەررىرلەرنىڭ ماقالە ئۆزگەرتىشتىكى مەقسىتى ئەسلىي ئارگىنالدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خاتالىقلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، كېيىنكى خاتالىقلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

خاتالىق-نۇقسانلارنىڭ دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ئاددىيتىنكى خاتالىق — يەنى گېزىتكە بولغان تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغان يېزىق خاتالىقى، گىرامماتىكا، لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىك، ئايرىم ئىشلار ياكى سانلىق مەلۇماتلاردىكى خاتالىق ۋە بىر ماقالىنىڭ گېزىتكە تەكرار چىقىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ خاتالىق — يەنى گېزىتكە بولغان تەسىرى زور بولغان ماۋزۇ خاتالىقى، پاكىت خاتالىقى، مۇھىم كىشى ئىسىملىكى، يەر-جاي ناملىرى ۋە ئىدارە ناملىرىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ. پىرىنسىپلىق خاتالىق — يەنى گېزىتكە تولدۇرۇۋالغۇسىز يامان تەسىر پەيدا قىلغان سىياسەت، سىياسىي خاراكتېرلىك يېزىق خاتالىقى ۋە پاكىت خاتالىقىنى كۆرسىتىدۇ. نۇقسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەھلىل قىلساق: بىرى، نۇقسان كۆرۈلگەن شۇ بەتنىڭ مەسئۇل «مۇھەررىر»ى بىر بولسا، ئاخبارات، نەشرىيات كەسپىدە ئوقۇمىغان، كەسپىتىن خەۋەرسىز، نەزەرىيەۋى ئاساسى يوق كىشى؛ بىر بولسا، كەسپىنى سۆيمەيدىغان، كۆڭۈل ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا يۈرۈيدىغان، بىپەرۋا كىشى؛ يەنە بىرى بولسا، مەسئۇل «مۇھەررىر» كومپيۇتېردا ماقالە تەييارلايدىغان، بەت ياسايدىغان، كوررېكتورلۇق قىلىدىغانلارغا ئارتۇقچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئاخىرقى نۇسخىنى كۆرمەيلا «بېسىشقا بولىدۇ» دەپ قول قويۇپ، گېزىتچىلىكنى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشىتىپ، ئانچە ـ مۇنچە پەلسەپەتىش بولۇپ قالسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ قارايدىغان كىشى بولسا كېرەك. قايسى خىل نۇقسان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردە پەقەت مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن خاتالىق پەيدا بولماي قالمايدۇ.

مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدىغان گېزىت بولسا، تەھرىر بۆلۈم ئىچى-سىرتىدىكى ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولغاچقا، ھەر قايسى مۇھەررىرلەر، بەت ياسىغۇچىلاردىن تارتىپ كوررېكتورلارغىچە، كىچىكى بىرەر تىنىش بەلگىسىدىن تارتىپ، بىرەر ھەرپ، بىرەر سۆز، بىرەر ئاتالغۇ، بىرەر جۈملە خاتالىقلىرى ۋە چوڭى بىر باسقۇچلۇق تەشۋىقات يۈنىلىشىدىكى خاتالىقلارغىچە ئەستايىدىل دىققەت قىلىشى، بۇنداق خاتالىقلارنىڭ بەتكە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

## 2. ماۋزۇ ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان نۇقسانلار

گېزىت ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدىغان ياخشى ماۋزۇلارغا تايىنىدۇ. ياخشى ماۋزۇلار خەۋەرنى جانلاندۇرۇپ كىشىگە ئىلھام بېرىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ماقالە ـ ئەسەرنى تولۇق ئوقۇشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ماۋزۇ گېزىتنىڭ كۆزىدۇر. ماۋزۇ توغرا بولۇشى كېرەك دېگىنىمىزدە، ئاساسىي پاكىتنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلەر توغرا بولۇشى، گىرامماتىكا، ئىستىلىستىكا، لوگىكا پەنلىرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ماۋزۇ قويغاندا، ئاساسىي مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بويىغا قاراپ كىيىم پىچىش؛ كۆپ مەزمۇننى ئاددىي، قىسقا جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش؛ كونىنى تەكرارلاۋەرمەي، يېڭىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇش؛ سۆز تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، قويغان ماۋزۇلىرىمىزدا قاراش، ئىدىيە ئېنىق ئىپادىلىنىشى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى ئالغا سۈرۈش تەكىتلىنىشى لازىم.

1) «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2011-يىلى 9-ئاپرېل 5-بەتتىكى« قورامىغا يەتمىگەنلەر ئارىسىدا «بەش بولۇش» تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى» دېگەن ماۋزۇ. بۇ ماۋزۇدا «چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى» دېگەن سۆز توغرا ئىشلىتىلمىگەن.

«چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» دېگەن بۇ سۆز ئىدىيە، تەشەببۇس، ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قۇشلارنىڭ قانات يېيىپ ئۇچقانلىق ھالىتىگە ئوخشاتقان سىمۋوللۇق سۆز. سىمۋول قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتە ئوخشاشلىقى،

ماسلىشىشچانلىقى بولۇشى لازىم. ھېچقاچان قانات چوڭقۇر يېيىلمايدۇ، بەلكى كەڭ يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چوڭقۇرلىششقا يۈزلەنگەن بولسا، ئۇنى «قانات يايدى» دەپ ئىپادىلەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

2) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ2011-يىلى 9-دېكابىرA03- بەتتىكى «7784 مودىن كۆپرەك جامائەت ئورمان يېرى خاتا قارار تۈپەيلىدىن ۋەيران بولدى» دېگەن ماۋزۇ. بۇماۋزۇدا «7784مودىن كۆپرەك» دېگەن سۆز توغرا ئىشلىتىلمىگەن.

«دىن كۆپرەك»، «غا يېقىن» سۆزلىرىنى پەقەت پۈتۈن سانلارغىلا قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، پارچە سانلارغا قوشۇپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى پارچە سانلار چەكلىك سان ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سانلارنىڭ ئارتۇق-كېمى بولمايدۇ. يۇقىرىقى ماۋزۇدىكى سان ئىنتايىن ئېنىق پارچە سان بىلەن ئاياغلاشقان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭغا «دىن كۆپرەك» دېگەن سۆزنى قوشۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ يەردە مۇھەررىرنىڭ كۆزدە تۇتقىنى يېرىم مو ياكى ئۇنىڭغىمۇ يەتمەيدىغان سان بولۇشى مۇمكىن. بۇنچىلىك ساننى «كۆپ، ئارتۇق» دەپ يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق.

3) «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2009-يىلى 6-ئىيۇن 04-بەت « پېشاۋاردىكى مېھمانسارايىنى پارتلىتىش ۋەقەسىگە مېھمانسارايىنىڭ خىزمەتچىسى ماسلاشقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ماۋزۇ. ئەسلىدە «مۇمكىن»دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى.

4) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ2011-يىلى 26-ئۆكتەبىرB03 «خەلقئارا خەۋەرلەر»بېتىدە «چوركىن:پەلەستىن ب د ت غا ئەزا بولۇش شەتىنى ھازىرلىدى، دېدى» دېگەن ماۋزۇ. بۇنىڭدىكى مەسىلە ئىملا خاتالىقى بولۇپ، «ر» فونېمىسى چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

5) شۇ گېزىتنىڭ 2009-يىلى 12-ئاۋغۇست سانىنىڭ «خەلقئارا خەۋەرلەر»بېتىدە «نۇتۇلغان ئامېرىكىلىق ئۈچ ساياھەتچىنىڭ قالايمىقانچىلىق بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەن ماۋزۇدا سۆز تەكرارلانغان.

6) شۇ گېزىت 2010-يىلى 12-ئۆكتەبىر 03-بەت «نالىبانغا زەربە بېرىش بىلەن بىللە يەنە سۆبەتلىششىمۇ تەكىتلەندى» دېگەن ماۋزۇ. ئەسلىدە «سۆھبەتلىشىش» ئىدى. بۇ ئىملا خاتالىقى ماۋزۇدىن باشقا يەنە تېكىست ئىچىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

7) شۇ گېزىت 2010-يىلى 2-ئىيۇن 03-بەت ««ئەل جەزىرە» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بەش ئايال دېكتورى ئىستېپا بەردى» سەرلەۋھىلىك ماۋزۇ. ئەسلىدە «دىكتورى» بولۇشى كېرەك ئىدى.

8) شۇ گېزىت 2011-يىلى 30-ماي 03-بەت «لوكھېد مارتىن شىركىتى خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمى ئۇچرىدى» سەرلەۋھىلىك ماۋزۇ. ئەسلىدە «ھۇجۇمغا» بولۇشى كېرەك ئىدى.

9) شۇ گېزىت 2011-يىلى 30-ماي 03-بەت «تاخال ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ھۇجۇمغۇ ئۇچرىدى» سەرلەۋھىلىك ماۋزۇ. ئەسلىدە «ھۇجۇمغا» بولۇشى كېرەك ئىدى.

## 3. بەت ۋە بەت ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى نۇقسانلار

گېزىت كىشىلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئاسان ئوقۇغىلى بولىدىغان قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم سەۋىيەدىكى بەلگىلىك بەت شەكلىنى قوللىنىش كېرەك. چۈنكى بەت مەزمۇننى چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. بەت مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى. بەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىدە ئىككى خىل زىددىيەت بار: بۇنىڭدا بەت مەزمۇنى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ، بەتنىڭ شەكلىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە چەكلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. بەتنىڭ شەكلى مەزمۇنغا بېقىنىپ، مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇلار بەت تىلى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بەت تىلى گېزىت يۈزىدە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەيدىغان مۇھىم ۋاستە. بىر پارچە ماقالە يېزىشتىن تارتىپ، تاللاش، ئۆزگەرتىش، ماۋزۇ قويۇش، بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە بولغان جەريانلاردا ئاپتورنىڭ ۋە گېزىتنىڭ ماقالىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ پاكىتقا بەرگەن باھاسىنى، گېزىتنىڭ مايىللىقىنى ياكى خاھىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەت

www.uyghurkitap.com



شەكلى مۇشۇ خىل باھا ۋە مايىللىقنىڭ داۋامى. بەتكە ھەرخىل ماقالىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، مەزمۇنىغا قاراپ، خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، گېزىت يۈزىدە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە، ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ (ماقالە-سۈرەت) مەزمۇنىنى ماۋزۇ ئارقىلىق مەنىلىك ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ماقالە-ئەسەرلەرنى بەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ماۋزۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئاق-قارىلىقى، ئىگىلىگەن ئورنى، شۇنداقلا باشقا ماقالىلەر بىلەن ئوخشاشمىغان ھالدا بىرلەشتۈرۈش قاتارلىقلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بىر پارچە ماقالىنىڭ بەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھەرخىل بەت تۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەزمۇننى ياكى ئالاھىدە تەسىر قوزغاشقا تېگىشلىك ماقالىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنىدىنمۇ كۈچلۈكرەك تەسىرگە ئىگە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن، ماۋزۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئىستونلارنىڭ كەڭ-تارلىقى، بىر بەتنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن، ئوڭ- سول تەرەپلىرىگە، ئوبزور ۋە تەھرىر ئىلاۋىسى، سۈرەت-رەسىم قوشۇپ بېرىش، ھەرخىل گۈل- نەقىش، سىزىقلار، تورلۇك رەڭ-بوياقلارنى بېرىپ، بېزەپ كۆرسىتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گېزىتكە بېرىلىدىغان ماقالە-ئەسەرلەر خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلماستىن، بەلكى بەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ مۇھەررىرنىڭ ماقالە-ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ پاكىتقا تۇتقان سىياسىي پوزىتسىيەسى، ئىدىيەۋى خاھىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم بىر پارچە ماقالە ئۆزىنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىگە قاراپ گېزىت بېتىدە ئۆز ئورنىنى تاپالمىسا، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، بەتنىڭ يۇقىرى ئوڭ تەرەپكە بېرىشكە تېگىشلىك ماقالە سول تەرەپكە ياكى تۆۋەن ئوڭ ياكى سول تەرەپكە بېرىلىپ قالسا؛ يۇقىرى سول تەرەپكە بېرىشكە تېگىشلىك ماقالە تۆۋەن ئوڭ ياكى سول تەرەپكە بېرىلىپ قالسا، خۇددى ئوڭ پۇتقا سول ئاياغ كىيگەندەك قاملاشمايدۇ. بۇ خىل نۇقسان كەسىپ ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئاسانلا سېزىۋېلىنىدۇ. تەكىتلەيدىغان يەنە بىر مەسىلە بەتتىكى بوشلۇق مەسىلىسى. بىر بەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاق يەر رەڭ بېرىشكە بولمايدىغان جاي دېيىلىدۇ. ماۋزۇنىڭ تۆت ئەتراپى، تېكىست، سۈرەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا مۇۋاپىق ئاقلىق قالدۇرۇلسا، ئاق-قارا ئوتتۇرىسىدا روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ-دە، تېكىست بىلەن ماۋزۇنى، تېكىست بىلەن تېكىستنى، رەسىم بىلەن تېكىستنى، رەسىم بىلەن سۈرەتنى روشەن گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن ئاقلىق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، بۇيەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان بەتتىكى ئاقلىق ئەھمىيەتسىز نەرسە بولماستىن، بەلكى پاكىتنى باشقىچە ئىپادىلەيدىغان شەكىل ھەم بەت تۈزۈشتىكى كۈچلۈك ۋاستىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

گېزىت بېتىنىڭ شۇنداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بار ئىكەن، ئۇنداقتا بەتتە قانداق نۇقسانلار ساقلاندى؟

1) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2008-يىلى 19-ماي 04- بېتىگە «ئەنئەنىگە قايتىش ۋە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش»، «ئەرلىرىڭلارغا سېلىق سالماڭلار!»، «ھاياتلىق دېڭىزى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ ماقالىلەر 2008-يىلى 23-ماي 08-بەتكە ۋاقتى ئۆزگەرتىلىپ تەكرار بېسىلغان.

2) شۇ گېزىت 2011-يىلى 27-ماي 05-بەتكە بېرىلگەن «بۇ مەھەللىدىكى ئەخلەت قاچان تازىلىنىدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە 2011-يىلى 28-ماي 05-بەتكە قايتا « يېڭىبەشەنجۇاڭ» مەھەللىسىدىكى ئەخلەت قاچان تازىلىنار؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا قايتا بېرىلگەن.

3) شۇ گېزىت 2011-يىلى 27-ماي 04-05-بەت ئارىلىقىغا بېرىلگەن «تېببىي ئۇچۇرلار» سەرلەۋھىلىك ئۈچ پارچە ساۋات خاراكتېرلىك ماقالە 2011-يىلى 28-ماي 04-05-بەت ئارىلىقىغا تەكرار بېرىلگەن.

4) شۇ گېزىت 2008-يىلى 20-ماي 12-بەتكە

بېرىلگەن «ئاستانە بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدا پويىز قاتنىدى» ناملىق بۇ ماقالە 2008-يىلى 28-ماي 05-بەتكە تەكرار بېرىلگەن.

5) شۇ گېزىت 2011-يىلى7-سېنتەبىر A06-بەتكە بېرىلگەن « ساختا دورا ساتقان يەتتە تور بېكىتى ئاشكارىلاندى» ماۋزۇلۇق ماقالە شۇ سانىنىڭ B01 بېتىگە « دۆلەت يېمەكلىك ۋە دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ساختا دورا ساتقان يەتتە تور بېكىتىنى ئاشكارىلىدى» دېگەن ماۋزۇدا تەكرار بېسىلغان.

6) شۇ گېزىت 2011-يىلى 16-ئاپرېل 04-بەتكە بېرىلگەن «شەھىرىمىزدە ئۆي باھاسى بىر يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم چۈشتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ 3- ئابزاسىدا مەزمۇن بىراقلا يۇقىرىقى ماۋزۇغا مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا تېمىغا -يەنى گەپ ئۆي باھاسى ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىللار توغرىسىدا سۆزلىنىپ كەتكەن.

7) شۇ گېزىت 2008-يىلى 14-ئىيۇن 02-بەتنىڭ ئاستىدىكى ئېلان ئورنى ئاق قالغان.

8) شۇ گېزىت 2008-يىلى 14-ئىيۇن 08-بەتنىڭ ئاستىدىكى ئېلان ئورنىغا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە 2008-يىللىق ئەدلىيە ئىمتىھانىغا تەكرار قىلىش سىنىپى ئېچىلىدۇ» دەپ ئېلان ماۋزۇسى بېرىلگەن، ئەمما جەدۋەل ئاق قالغان.

## 4. سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى خاتا قوللىنىشتىن پەيدا بولغان نۇقسانلار

ئاپتورلار ۋە مۇھەررىرلەر سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ شەكلىگىلا قارىماستىن، بەلكى مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىشلىتىشى، گىراماتىكىلىق مەنىسى، لېكسىكىلىق مەنىسى، ئەسلىي مەنىسى، كۆچمە مەنىسى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىشى، شۇ سۆزلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى بىلىشى، تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى پەرقلەندۈرۈشنى، سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلارنى ئايرىپ تەھلىل قىلىشنى بىلىشى لازىم. بىرەر سۆزنى توغرا چۈشىنىش، توغرا يېزىش ئۈچۈن ئۇنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرۈش كېرەك. ھەر بىر سۆزنىڭ تومۇرى قايسى، ئۇلىنىدىغان تەركىبلەر قايسى، ئۇلىنىدىغان تەركىبلەر قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىلمىگەندە، بىرەر سۆز ياكى فونېملاردىكى بىرەر چېكىتنىڭ ئاز ياكى كۆپ قويۇلۇپ قېلىشى ۋە ياكى ئاستى-ئۈستىگە قويۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن سۆزلەرنىڭ مەنىسى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەندە تەھرىرلەپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە تۆۋەندىكىدەك نۇقسانلار كۆرۈلمەي قالمايدۇ:

1) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2008-يىلى 24-سېنتەبىر سانىنىڭ بەت ئارىلىقىغا بېرىلگەن«تۇنۇگۈن پېرۇنىڭ جەنۇبىدا بىر ئاپتوبۇس جىلغىغا دومىلاپ كېتىپ، 13 ئادەم قازا قىلدى»، دېگەن خەۋەردىكى «دومىلاپ كېتىپ» سۆزى جايىدا ئىشلىتىلمىگەن. دومىلاش سۆزى ئەسلىدە يۇمۇلاق، شارسىمان، تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپس شەكىللىك جىسىملارغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن،« دومىلاتما توپ، دومىلاق قاچا، دومىلاق قازان، دومىلاق قالپاق دېگەندەك. «ئاپتوبۇس جىلغىغا دومىلاپ. . .» ئەمەس، «ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ» بولۇشى كېرەك ئىدى.

2) شۇ گېزىت 2011-يىلى 7-ئاپرېلB 1-بەتكە بېرىلگەن «جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ياردىرنى دەسسىۋالدى» دېيىلگەن. مۇشۇنداق «دەسسىۋالدى» دېگەندەك سۆزلەرنى جايىدا ئىشلەتمەيدىغان ئەھۋال بۇ گېزىتتە كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

«دەسسەش-دەسسىمەك» دېگەن بۇ كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، (1) ئۈستىگە ئايىغىنى قويۇپ تۇرماق، پۇتى بىلەن باسماق؛ (2) ئاياغ ئاستىغا بېسىپ ئەزمەك، يانجىماق؛ (3) قەدەم ئالماق،« ماڭماق »[1] دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاپتوموبىل چاقى دەسسەپ ئەمەس بەلكى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ سۆز ئۆز ئورنىدا توغرا قوللىنىلىشى كېرەك.

3) شۇ گېزىت 2008-يىلى 25-ئاپرېل 3-بەتكە بېرىلگەن «كوچىدا ھوشىدىن كەتكەن ئەر ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇھتاج بولماقتا» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە: «. . . بۇ كىشىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ۋە بىر قانچە قوۋۇرغا سۆڭىكى سۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھاراق ھىدى كېلىپ تۇرىدىكەن، ئۇنى

جەددىي ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلمىگەچكە دوختۇر ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئىچىدىكى قاننى ئېلىۋەتكەن...» دېيىلگەن. قاراڭ، «جەددىي ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلمىگەن» بىمارنى دوختۇر نېمە ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىدۇ؟

4) شۇ گېزىت 2009-يىل 8-ئاپرېل 03-بەتتىكى «مەكتەپتىكى تاسادىپىي ۋەقەگە قارىتا...» ناملىق ماقالىدە «مەكتەپ تەرەپ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھامىلىسى ئەمەس...» دەپ ئېلىنغان. بۇ سۆز ئەسلىدە «ھامىيسى» بولۇشى كېرەك ئىدى.

## 5. ئىملا ۋە ئۇنى توغرا قوللانماسلىقتىن كېلىپ چىققان نۇقسانلار

ئىملا ئۇ بىر قائىدە، يەنى توغرا يېزىش قائىدىسى. مۇئەييەن تىلنىڭ يېزىق سىستېمىسىدا شۇ كونكرېت تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىلغان، ئۇنى قوللانغۇچىلار بىردەك ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇسۇل ۋە قائىدىلەردۇر. ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۆتىۋەر ۋە يۈكسەك. ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ بۇرۇن يېزىق مەدەنىيىتىگە كىرگەن مۆتىۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكىدىن ئىبارەت قائىدە-قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغان، سۆز بايلىقى مول، ھەر قانداق تىلنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغان ئەۋرىشىم، مۇكەممەل تىللارنىڭ بىرى. بۇ تىل مىللىتىمىز بىلەن تەڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىكى نۇرغۇن تىلشۇناس، تەرجىمشۇناس، مائارىپشۇناسلار، ئەدىب-سەنئەتكارلار، ئاخبارات-نەشرىياتچىلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، جاپالىق ئىزدىنىشى بەدىلىگە ھازىرقىدەك مۇكەممەللىشىپ بېيىپ كەلدى. ئەمما، ئەينى دەۋرلەردە مەتبەئە، مۇھەررىر بولمىغاچقا ھەركىم ئۆز خاھىشى، ئادەتلەنگىنى بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىپ، ئوقۇپ كەلگەچكە، ئىملادا مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم-پەننىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇسى «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە:

«2694 : خېتى ئۈز يېزىلسا، كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋنۇر.
2695 : بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەڭ يۈرۈر،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر»[2] دەپ يېزىپ، خەت ۋە ئۇنىڭ بالاغەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سەنئەت ۋە ئېستېتىك نۇقتىدىن باھالىغان ۋە خەت بىلەن بالاغەتنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئەگەر خەت بۇزۇلسا تىل بۇزۇلىدۇ، تىل بۇزۇلسا ھەم خەت بۇزۇلىدۇ. خەتتە ئىپادىلىنىدىغان بالاغەت تۆۋەنلىسە تىلنىڭمۇ بالاغىتى تۆۋەنلەيدۇ، دەپ يېزىپ خەتتاتلارغا يۇقىرى تەلەپ قويغان.

15-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە جامائەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل-قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە يېزىق ۋە ئىملا ئۈستىدە توختىلىپ: «كاتىپلار، شائىرلار سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىقى، سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدارى. خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى ئامانەت ساقلاشتۇر. ئامانەتنى ئىشلىتىۋېلىش خىيانەتتۇر، ئامانەتچى خىيانەت قىلسا، ئۆز ئىشىدا ئەيىبلىك بولىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ قولىنى كەسمەك كېرەك»؛ «خېتىمۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق مۇنداق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق. مۇنداق ساقالنى قىرقىپ، ھاجەتخانىغا تاشلىغان ياخشى»[3] دەپ يېزىپ خەتنى سەت يازغان ۋە خاتا يېزىۋاتقانلارنى قاتتىق قامچىلىغان. خەت دېگەن سەنئەت، توغرا ۋە چىرايلىق يېزىلغان خەت كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى، كۆڭۈل ئازادىلىكى بېرىدۇ. خەت خاتا، سەت يېزىلسا تىلنى بۇزۇپلا قالماي، بەلكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «كاتىپلار» دەل يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار، شائىرلار، مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە مۇھەررىرلەردۇر. دېمەكچى

بولغان سۆزىمىز قول بىلەن يېزىلىۋاتقان ماقالە- ئەسەرلەر ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى گېزىتلەرگە چىقىپ بولغان نۇقسانلار ئۈستىدە كېتىۋاتقاچقا، تەنقىد نىشانىمىزنى شۇ مەسئۇلىيەتسىز «مۇھەررىرلەر»گە قارىتىمىز، ئەلۋەتتە. كوررېكتور ۋە بەت ياسىغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تىلىمىزدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ئۈچۈن، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا-تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلارنى قەرەللىك هالدا ئېلان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا هەرقايسى كەسىپ، پەنلەرگە دائىر لۇغەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن نەشر قىلىنىپ بولدى. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتىمىز تۇرۇقلۇق، گېزىتتە خاتالىقلارنى قويۇۋېتىدىغانلار زادى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ دېگۈمىز كېلىدۇ. مانا قاراڭ:

1) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2010- يىلى 29-مارت سانىنىڭ 07-بەتتىكى «ناۋادا خىزمىتىڭىزدىن زېرىكىپ قالسىڭىز» ناملىق ماقالىدە «تەسەۋۋۇر قىلالايسىز» دېگەن سۆز «تەۋەسسۇر قىلالايسىز» دەپ ئېلىنغان.

2) شۇ گېزىتنىڭ 2010- يىلى6- مارت سانىنىڭ 1-بېتى بىلەن 3-بەت ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا خەۋەردە «بىر ئىختىساشۇناس ئادەتتىكى ئۆي سېتىۋالغۇچى سالاهىتى بىلەن. . . »دەپ ئېلىنىپ. « د » فونېمىسى چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

3) شۇ گېزىتنىڭ2010-يىلى 29-ئاپرېل سانىنىڭ 06-بەتتىكى««نوچى»لىقىڭىز ئەسقاتمايدۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە «. . . قەشقەر يېڭىشەھەر ناهىيىلىك قاناتخانىغا قامالدى» دەپ بېسىلغان. بۇ جۈملىدە ئىككى نۇقسان بار، بىرى، «ناهىيەلىك» سۆزىدىكى يەنە بىرى، «قاماقخانا» سۆزىدىكى ئىملا خاتالىقى.

4) «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2010-يىلى 5- فېۋرال 4-بەتكە بېرىلگەن «تۈركىيە بىلەن ئامېرىكا كورد ئىشچىلار پارتىيەسى قوراللىقلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە تېكىست ئىچىدە «پارتىيەسى» سۆزى «پارتىيىسى» دەپ خاتا بېسىلغان.

«مۇھەررىرلەر ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېلىپلاشقان هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئاممىباپ، ساغلام، چۈشىنىشلىك، راۋان، ئىملاسى توغرا ئەسەر قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.»

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك ئالىمى، پەيلاسوپ، سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە : «... نەشرىياتچىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە غايەت مۇھىم ‹مەنىۋى رىزىق دەرگاهى!› گېزىت-ژۇرنال، نەشرىيات مۇھەررىرلىرى مىللىي مەدەنىيەت بىناكارلىقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچ ئۆتەيدىغان ئىنژېنېرلىرى. ئۇلار خۇددى دىن قىسسىلىرىدە سۆزلەنگەن مالائىكىلەردەك يىراقنى كۆرەرلىككە، تەخىرسىز ۋاقىت قارىشىغا ۋە مۇقەددەس پاكلىققا، دانىشمەنلەردەك خەلققە، ئەقىلگە، بىلىمگە، ھەقىقەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتكە، بىناكارلاردەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش، ئورۇنلاشتۇرۇش، نۇرلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا، گېيولوگلاردەك جاپا چېكىپ بايلىق ئىزدەپ تېپىش روھىغا ئىگە بولىدىكەن، خەلقىمىزنىڭ ‹مەنىۋى رىزىق دەرگاهى› پىداكار تۆھپىكارلار سارىيىغا ئايلىنىدۇ.»[4] دەپ يېزىپ مۇھەررىرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ناهايىتى يۇقىرى باها بەرگەن.

مۇھەررىرلەر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇستازلاردۇر. ئالدى بىلەن تىل ئۇستىسى بولۇپ، ئاۋامغا تىل ئۆگىتىشى كېرەك. ئىنكاسلارغا پەرۋا قىلماي، ئۆزىمىز بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، ئانا تىلىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلەش پىرىنسىپى ۋە قائىدىلىرىنى بۇزساق، قانداقمۇ خەلقىنىڭ تىل-يېزىق ئۇستازى بولالايمىز؟

«. . . ئانا تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن بىر خەلقپەرۋەر يازغۇچىنىڭ ‹كوچا تەرتىپىنى بۇزغان ئادەملەرگە ساقچى پۈشتەك چالىدۇ-يۇ، نېمە ئۈچۈن بىر پۈتۈن تىلنى بۇزۇۋاتقان ئادەملەرگە هېچكىم

www.uyghurkitap.com



پۇشتەك چالمايدۇ» دېگەن سۆزى تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ، ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. گېزى كەلگەندە بۇ ھېكمەتكە شۇنى قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇ، مۇھىتنى بۇلغىغۇچىلارنى مۇھىت ئاسراش خادىملىرى مۇھىت ئاسراش قانۇنى بويىچە جازالايدۇ. يۇ، نېمە ئۈچۈن خەلقنىڭ بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى، ۋىجدان-نومۇسى، ئۆتمۈشى، ھازىرى، كېلەچىكىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىچى بولغان تىلنى بۇلغىغۇچىلار جازالانمايدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، تېخى بىزدە رەسمىي تىل- يېزىق قانۇنى يوق!»، «بۇنداق تىل زەبۇنچىلىقى ئاساسەن تەربىيەلىنىشى ناچار، ئانا تىلغا خام-ناباپ تەرجىمانلاردىن، مۇخبىر، مۇھەررىرلەردىن كەلمەكتە. ئۇلار مەلۇم مەنىدىن ئانا تىلىمىزنىڭ ‹قاتىلى› سۈپىتىدە ئاخبارات- نەشرىيات ساھەسىدە مەجرۇھلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى پاكىزە، ساپ ئانا تىل مۇھىتىدىن چەتنىتىپ، ئەبجەش تىل قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرماقتا.»[5]

بىر مۇھەررىر ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندا بالىلىرىنىڭ دادىسى-ئانىسى بولغىنى بىلەن، تەھرىرلىك جوزىسىدا ئولتۇرۇپ قىزىل قەلەمنى قولىغا ئالغاندا، ھەرگىز ئۆزىگە ياكى ئائىلىسىگە، دوست-بۇرادەرلىرىگە تەئەللۇق بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئاخبارات-نەشرىيات ئورگىنىغا، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن قەلەم تەۋرىتىدۇ. ئۇنىڭ تاللىغان، ئۆزگەرتكەن، ماۋزۇ قويغان، بەتكە ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىر پارچە ماقالىسى شۇ دەرىجىلىك ئورگاننىڭ سۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەھرىرلىكنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى گېزىت سۈپىتى ۋە تەشۋىقات ئۈنۈمىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گېزىتنىڭ سەۋىيەسى، تەھرىرلىك سەۋىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر مۇھەررىر ئۆز خىزمىتى جەريانىدا، ھەر بىر پارچە ماقالە- ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىن تارتىپ گېزىت بېتىگە چىققىچە، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا كوللېكتىپنىڭ ئەمگىكىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىدا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتىماسلىقى، گېزىتچىلىكتە، ئەگەر نۇقسان پەيدا قىلىپ قويسا، بۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدىغانلىقىنى، بەلكى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ خىزمىتىگە ئاھانەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. شۇڭا، ھەر بىر مۇھەررىر ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىدا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلمىسىلا، گېزىتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ يۈز كېلەلىگۈدەك دەرىجىدە خاتاسىز چىقىرالايدۇ.

## ئىزاھلار


[1]«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتى»[M]، 3-توم 65-بەت.

[2]يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى 5-ئاي نەشرى. 573-بەت.

[3] «ئەلىشىرنەۋايى ئەسەرلىرى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى 11-ئاي نەشرى.

[4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: « كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى»[M]، شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993-يىلى 19-يانۋار سانى.

[5] قۇربان مامۇت: «ئۆز تىلىمىزنى تېپىۋالايلى»[J]، راديو-تېلېۋىزىيە گۈلزارى، 1998-يىلى 4-ساندىن.


## پايدىلانمىلار


1. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2008-يىلدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

2. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2008-يىلدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

3. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2008-يىلدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

4. ئوسمان ئۆمەر: «ئاخبارات تەھرىرلىكى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىلى 7- ئاي نەشرى.

5. ھاجى مۇھەممەت: «ئاخبارات ۋاستىلىرى تىل-يېزىق مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك»[J]، زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى، 2000- يىلى 2- سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06_037_04(2012) 5878_1005

# شىنجاڭدا رۇس تىلى ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى ھەققىدە مۇلاھىزە*

**زۇلھايات ئامانۇللا**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەتئەل تىلى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولغان رۇس تىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ماقالىدە 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا بىر نەچچە قېتىم كۆتۈرۈلگەن رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، ھازىرقى ۋەزىيەتتە رايونىمىزدا رۇس تىلىغا، جۈملىدىن رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىش سەۋەبلىرى شىنجاڭدىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رۇس تىلى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى تەكلىپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 俄语在新疆地区有着深远的影响，自 19 世纪末以来新疆先后出现多次俄语学习热潮。本文从新疆地域特色出发，结合新疆民族企业特点，较详尽地分析了目前新疆地区需要俄语，特别是俄语翻译人才的原因，并针对俄语专业人才培养提出了相应的建议。

**Abstract:** Russian and Xinjiang region has a close relationship. Several Russian learning upsurges have appeared since the end of the 19th century. Beginning with Xinjiang regional characteristics, combining the features of Xinjiang ethnic enterprises, this paper gives a detailed analysis of the needed Russian talents in Xinjiang at present, and puts forward several suggestions on Russian personnel cultivation.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C961** **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

رۇس تىلى روسسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان مۇھىم تىل بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى تىكلەپ، دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. رۇس تىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

## 1. شىنجاڭدا ھەرقايسى دەۋرلەردە رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى

### 1) روسسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ۋە ساياھەتچىلىرىگە تەرجىمانلىق قىلىش ئۈچۈن رۇس تىلى ئۆگىنىش

روسسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، مائارىپ ئەھۋاللىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ھەمدە شىنجاڭغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن جەھەتتە يەنە رۇس تىلىنى بىلىدىغان تەرجىمانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئەينى چاغلاردىلا نۇرغۇن شىنجاڭلىق يول باشلىغۇچى رۇس تىلىنى ئۆگىنىپ، روسسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە تەرجىمانلىق

---

* بۇ ماقالە 2012 -يىلى 9- ئاينىڭ 14 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى پىلانلىق فوند تەتقىقاتى «شىنجاڭدا يۇقىرى سەۋىيەلىك رۇس تىلى ئېغىزچە تەرجىمانلىرىنى تەربىيەلەش تەدبىرلىرى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ (نومۇرى 11XJJA740003) باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** زۇلھايات ئامانۇللا (1973 -يىلى 6 -ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قىلغان، ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان، شۇنىڭدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىگىچە شىنجاڭدا رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان. بۇ مەزگىلدىكى رۇس تىلى ئۆگىنىش ناھايىتى ئاز ئادەم بىلەن چەكلەنسىمۇ، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن يەنىلا مۇھىم ئىدى، شۇڭا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

**2) رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى**

ئېلىمىز بىلەن روسىيەنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تارىختىن بۇيان ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلگەچكە، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېقىندىن ھەمكارلاشقان. بولۇپمۇ سوۋېت ئەدەبىياتى ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى ئاساس قىلغان رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرى ئارىسىدا روسىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچى، شائىرلىرىدىن پوشكىن، بېلىنسكىي، ئاننا ئەخماتوۋا، ماياكوۋىسكى، پاستېرناك، بېلىنسكى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە رۇس يازغۇچىلىرىنى بىلمەيدىغىنى ئاز. قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى بار. يۇقىرىقىدەك ئامىللار تۈپەيلىدىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدا رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئاساسلىقى رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش، ئۆگىنىش مەقسىتىدە كۆتۈرۈلگەن، نەتىجىدە نۇرغۇن رۇس تىلى تەرجىمانلىرى يېتىشىپ، رۇس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەرجىمە قىلىنغان چەت ئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە رۇس يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭدىن شىنجاڭ خەلقى بىلەن رۇس تىلىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن دوستلۇق ئالاقىسى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

**3) ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى ۋە رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى**

شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگىنى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ئەزەلدىن ياۋروپا، ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سودا ئالاقىسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇشى ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ يىلسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، رۇس تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سودا ئالاقىسى مىسلىسىز دەرىجىدە تېز گۈللىنىپ، نۇرغۇن جۇڭگو شىنجاڭلىق سودىگەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە چىقىپ تىجارەت قىلىدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دە بېرىلگەن «قورغاس ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان قاتناش ۋاسىتىلىرى تېز كۆپەيدى»[1] ناملىق بىر خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قورغاس پورتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلىنغان قاتناش ۋاسىتىلىرىلا 10 مىڭ 630 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 364 مىليون 619 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، قورغاس تەكشۈرۈش، كارانتىن ئىدارىسى مەھسۇلاتلارنىڭ ۋاقتىدا ئېكسپورت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 24 سائەت تاموژنا مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى رۇس تىلىنى ئاساسلىق ئالاقە قورالى ياكى ھۆكۈمەت تىلى قىلغانلىقتىن، جۇڭگو شىنجاڭغا سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا ياكى جۇڭگو شىنجاڭلىق سودىگەرلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققاندا، رۇس تىلىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى، رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرى كۆپلەپ ئېچىلدى، بۇ سودا پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئاساسلىقى رۇس تىلىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلدى، يەنى سودا ئالاقىسى، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، رۇسچە سۆزلىشىشنى بىلىدىغانلارغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشتى، رۇس ئېغىز تىلىغا بولغان تەلەپ يېزىق تىلىغا بولغان تەلەپتىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن تەربىيەلەش مەركەزلىرى رۇسچە تېز سۆزلىشىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئېغىز تىلىنى ئاساس، يېزىقچىنى قوشۇمچە قىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى كۆپەيتتى. جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىدە «چېگرا رايون مېھمانخانىسى» دەك چوڭ چېگرا پورتلىرى، قورغاس، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن سودا پورتلىرى ئېچىلدى. بۇ سودا پورتلىرىنىڭ ئېچىلىشى رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**4) مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەتنىڭ غەربنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي كارخانىچىلارنى قوللاش، مىللىي كارخانىلارنى يۆلەش سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي كارخانىلار تېز كۆپەيدى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىچىدە مىللىي كارخانىلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ سودا ئالاقىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس تىللىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بولغاچقا، رۇس تىلى تەرجىمانىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى رۇس تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلىنى تەڭ بىلىشنى تەلەپ قىلىشتەك ئېھتىياجقا قاراپ يۈزلەندى.

## 2. رۇس تىلى ئۆگىنىشنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالى

شىنجاڭدىكى مىللىي كارخانىلار مىللىي يېمەك-ئىچمەك، مەدەنىيەت، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ساھەلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بىلەن نۇرغۇن جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا، شىنجاڭدىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تېزلا بازار تاپتى، بۇنداق رېئاللىق جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سودا ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ يىلسېرى قويۇقلىشىشى سەۋەبىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇرغۇن مىللىي كارخانىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا يۈزلەندى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دە، «شىنجاڭنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىغا يۈزلەندى» [2] ماۋزۇلۇق چوڭ بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى مىللىي كىيىم-كېچەك كارخانىلىرى ئۆزبېكىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىيىم-كېچەك كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا تېخىمۇ يۈزلەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچقان. شىنجاڭ «مارىئاننا» مىللىي

www.uyghurkitap.com



كەشتىچىلىك چەكلىك شىركىتى بۇ كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ، بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق مىللىيچە كەشتىلەپ تىكىلگەن كىيىم-كېچەك زاكاس قىلىش توختامى ئىمزالىغان. مۇشۇنداق بىر مىللىي كىيىم-كېچەك شىركىتىنىڭ بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق توختام ئىمزالىشى مىللىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا ئالقىشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن مىللىي كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە رۇس تىلىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ، بولۇپمۇ رۇسچە ئېغىز تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياج داۋاملىق ئاشىدۇ.

شۇ ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ «ئىلچى» كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك مەھسۇلاتلىرى كېلەر يىلى ئۆزبېكىستان بازارلىرىغا كىرىدىكەن، يېقىندا ئۆزبېكىستاندىكى كىيىم-كېچەك سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن كىيىم-كېچەك ۋاكالىتەن سېتىش ئىشلىرىنى كېڭەشكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا. «ئارمان»، «ئىخلاس» قا ئوخشاش خەلقئارالاشقان مىللىي يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرى ۋە ئادەتتىكى يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى.

ئاپتونوم رايون 2011- يىلى ئاۋغۇستتا «شىنجاڭنىڭ خاس يېمەك-ئىچمەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان سىياسەت-تەدبىرلەر» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مىللىي يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشى، كۆپىيىشى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياج داۋاملىق ئاشىدۇ، بولۇپمۇ سودا رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياج داۋاملىق ئاشىدۇ.

«ئاسىيا كىندىكى» تورىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا تاشقى سودا كارخانىسى 6000 دىن ئاشقان[3]. ئەلۋەتتە، بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھېچ بولمىسا شۇ ئەللەر بىلەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى، ئىشلەپچىقىرىلىشى جەھەتتە قىسمەن ئالاقىسى بار. بۇنداقتا، 6000 دىن ئارتۇق تاشقى سودا كارخانىسىلا ئاز دېگەندە 6000 دىن ئارتۇق رۇس تىلى تەرجىمانىغا مۇھتاج بولىدۇ (ئەلۋەتتە، ھازىر بۇنىڭدىنمۇ كۆپ).

## 3. شىنجاڭدا رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىڭ يوللىرى

**1) رۇس تىلى ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك**

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ خىل ئۆرپ-ئادەت ئۇچراشقان، گىرەلەشكەن جاي بولغاچقا، رۇس تىلى خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۆگىنىدىغان مۇھىم تىل بولۇپ كەلگەن، شۇڭا خېلىدىن بېرى، شىنجاڭدا رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان فاكۇلتېت ياكى كەسىپلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ 1924- يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى رۇس تىلى ۋە قانۇن كەسپى ئاساسىدا رەسمىي قۇرۇلغان. بۇ دەل رۇس تىلى كەسپى تەربىيەلەشنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە 90 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ھازىر رۇس تىلىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن چەتئەل تىلى تەربىيەلەش كۇرسلىرى رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ، بىراق بۇ يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، رۇس تىلى ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك.

ئادەتتە رۇس تىلى تەربىيەلەش كۇرسلىرى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەشنى ئاساس قىلغان، رۇس تىلى

ئۆگەنگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇمىغان ياكى ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا رۇس تىلى ئۆگىنىۋالغان، شۇڭا، ئۇلارنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانلىق سەۋىيەسى يۇقىرى ئەمەس. ئۇلار رۇس تىلىنى راۋان سۆزلىسىمۇ ياكى بىۋاسىتە تەرجىمانلىق قىلالىسىمۇ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولمىغانلىقتىن، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايۋاتىدۇ ياكى كارخانىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، مائارىپ تارماقلىرى رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلەش تارماقلىرىغا بولغان باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇشى، مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس رۇس تىلى تەرجىمانلىقى، سودا رۇس تىلى، رۇس تىلى ئېغىزچە تەرجىمانلىق قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلىپ، تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس بويىچە تەربىيەلەپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە مۇنتىزىم ئوقۇتۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن يۇقىرى سەۋىيەلىك رۇس تىلى تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئالىي مەكتەپلەر مەخسۇس ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان سىنىپ، فاكۇلتېتلارنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رۇس تىلى تەرجىمانلىرىنى كۆپەيتىشى كېرەك، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئورتاقلىقى بار، شۇنداق ئىكەن، بۇ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى رۇس تىلىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا يۈزلەنگەن مىللىي كارخانىلارمۇ يىلسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت مىللىي كارخانىچىلارنى داۋاملىق قوللاش سالمىقىنى زورايتىۋاتىدۇ، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى رۇس تىلى تەرجىمانلىق كەسپى بويىچە سىستېمىلىق تەربىيەلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق قىلغاندا رۇس تىلى تەرجىمانلىرى تىلنىڭ، تەرجىمىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىدىنمۇ چىقالايدۇ.

**2) ساننى قوغلاشماي، ساپانى قوغلىشىش كېرەك**

«ئاسىيا كىندىكى» تورىنىڭ خەۋىرىدە [4] دېيىلىشىچە، شىنجاڭ ئىلىم-پەن ئۇچۇر ئىنستىتۇتى شۇ يىلى مارت كىرىشى بىلەنلا ئىككى رۇس تىلى سىنىپى ئاچقان، سىنىپ ئېچىلىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچى توشۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن رۇس تىلى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق بۇنداق قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش كۇرسلىرى، مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئاساسەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئوقۇيدۇ، شۇڭا، ئادەتتىكى ئالاقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساقلا كۇپايە دەپ قارايدۇ، بۇنداق تەربىيەلەنگەن كۇرسانتلار ساندا بار، ساپادا يوق تەرجىمان بولۇپ، رۇس تىلى تەرجىمانلىق ساھەسىنى قالايمىقان قىلىدۇ. شۇڭا، سىستېمىلىق تەربىيەلەش، ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيەلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

«شىنجاڭ شەھەر گېزىتى» دە [5] كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر شىنجاڭدىكى ئالىي دەرىجىلىك رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياج بەكلا يۇقىرى ئىكەن، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن تاشقى سودا كارخانىلىرى رۇس تىلى ئالىي دەرىجىلىك تەرجىمانلىرىنى تاپالمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىكەن.

شىنجاڭ ياۋروپا-ئاسىيا سودا يەرمەنكىسى تەييارلىق ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىمىزچە، يەرمەنكە مەزگىلىدە رۇس تىلى يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرجىمانلارغا بولغان ئېھتىياج باشقا تىللارغا قارىغاندا ناھايىتى يۇقىرى بولغان. نەق مەيدان رۇسچە ئېغىز تىلى تەرجىمانلىرىنىڭ كۈندىلىك كىرىمى 5000 يۈەن دەپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىن شىنجاڭدا رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى، بولۇپمۇ ساندا بار، ساپادا يوق تەرجىمانلارغا ئەمەس، ھەقىقىي قابىلىيەتلىك، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى مول رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گەرچە كارخانا، سودا ساھەسىدە ئېغىز تىلى تەرجىمانلىقى بەكرەك مۇھىم بولسىمۇ، ئېغىز تىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەرجىمانلىرىنىڭ ساپاسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى تاشقى سودا كارخانىلىرى چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇس تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنى يالغۇز تىل جەھەتتە تەربىيەلەپلا قالماي، خەلقئارا مۇناسىۋەت، كىشىلىك ئالاقە، ئەخلاق، ئوبراز قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەش كېرەك، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئوخشاشلىق بار. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلىگەندە، خەلقئارا مۇناسىۋەت، كىشىلىك ئالاقە، ئەخلاق، ئوبراز قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەشكە بەك كۈچ كەتمەيدۇ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى رۇس تىلى تەرجىمانلىقى بويىچە تەربىيەلەشتىكى بىر ئەۋزەللىك، ئەلۋەتتە.

**3) روسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تىل تەربىيەلەش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك**

رۇس تىلى تەرجىمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى روسسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت، مائارىپ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت سەۋىيىلىك، قەرەللىك تەربىيەلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، شىنجاڭلىق ياشلارنى كۆپلەپ روسسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە چىقىرىپ، مەخسۇس رۇس تىلى بويىچە تەربىيەلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا چەت ئەللەر بىلەن بولغان مائارىپ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندا رۇس تىلىنى قارىغۇلارچە بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. رۇس تىلى تەرجىمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولۇشى، چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مەدەنىي، ئىلمىي بولۇشى، باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماي قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## ئىزاھلار


[1] «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2012- يىلى 28- ئىيۇلدىكى سانى.

[2] «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2012- يىلى 3- ئاۋغۇستتىكى سانى.

[3] «ئاسىيا كىندىكى» تورىنىڭ 2010- يىلى 5- ئاپرېلدىكى خەۋىرى.

[4] «ئاسىيا كىندىكى» تورىنىڭ 2010- يىلى مارتتىكى خەۋىرى.

[5] «شىنجاڭ شەھەر گېزىتى» نىڭ 2012- يىلى 14- مايدىكى سانى.


## پايدىلانمىلار


1. «ئاسىيا كىندىكى» تورى.
2. «تەڭرىتاغ» تورى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2012)04_043_08

# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە*

ئابلاجان مەھەممەت(ئۈمىديار)

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ نۇقتىلىق ھالدا ئىنسانلاردا ئىلمىي تەبىئەت قارىشىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ، ئىنسانلاردىكى قىممەت قارىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىقلارغا قارىتا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە كونكرېت تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ماقالىدە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：生态批评是一种思想文化批评活动，它主要地强调自然环境观念并进行探究人类的自然观与社会价值观，将对他们当前的思想、文化、科技、生产和生活方式、社会发展模式等产生的影响会怎么样的。本文就生态批评的研究范围及其方法简述自己的看法。

**Abstract:** The Ecocriticism is one of the ideological and cultural criticism activities. It mainly emphasizes natural environmental idea and explores the value of human society and human conception toward nature, includes the human effects such as their current ideology, culture, science, manufacture, life style and social development mode, etc. This thesis discusses research category and methodology of Ecocriticism.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913.9 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارغا تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش ۋە ئىدىيە مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئەت بىلەن ئىناق بولغان يېڭىچە مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى گەرچە بىۋاسىتە ھالدا كونكرېت ئېكولوگىيەلىك تۈزەش ھەرىكىتىگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت يىلتىزىنى قېزىپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن تەنقىد ئېلىپ بارىدۇ.

## 1. ئىنسان مەركەزچىلىكى تەنقىدچىلىكى

ئىنسان مەركەزچىلىكى قارىشى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىدە ئەڭ ئاۋۋال ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيەۋى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكىدۇر، چۈنكى ئۇ ئېكولوگىزمغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىدىيەۋى سىستېما. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسان مەركەزچىلىكى خاھىشى «ئىنجىل»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدىيەلەرگە چېتىلىدۇ. ئارستوتېلنىڭ ئىنسان مەركەزچىلىكى نۇقتىئىنەزەرى، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىنسان ھەممە مەخلۇقتىن ئۈستۈن تەلىماتى قاتارلىقلاردىن

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابلاجان مەھەممەت(1963 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تارتىپ تاكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىدىكى ئىنسان دۇنيانىڭ هۆكۈمرانى دېگەن قاراشلارنىڭ هەممىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدە تەبىئەت دۇنياسى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنغان. ئەمما ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانسېرى ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە قويۇۋېلىشقا باشلىغان. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىياتتا ئاساسەن ئىنسان يادرو قىلىنغان بولغاچقا، هازىرغىچە خېلى كۆپ كىشلەر ئەدەبىيات ئۇقۇمىنى «ئىنسانشۇناسلىقتۇر» دەپ ئاددىي مەنىدە چۈشىنىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەسى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق دىققەتنى ئاساسەن ئىنسانغا ئەهمىيەت بېرىش، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىدىلا چەكلەپ، رېئال مەسىلىلەرنى ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ قىممىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى نۇقتىسىدىنلا ئويلىغان. ئەمما ئەدەبىياتنى نوقۇل ئىنسان نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس. هاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتىدىن ئايرىلغان هالدا ئادەم ۋە جەمئىيەتنى مۇكەممەل تونۇش، شۇنداقلا يەنە ئەدەبىياتنى مۇكەممەل چۈشىنىش تەس. ئەدەبىياتنى نوقۇل هالدا ئادەم نۇقتىئىنەزەرى بويىچىلا تەتقىق قىلغاندا، ئىنسان مەركەزچىلىكى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئېكولوگىيە كرىزىسنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىدىكى ئوينىغان سەلبىي رولىنى هەقىقىي تونۇش مۇمكىن ئەمەس. ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت يىلتىزىدا ئەڭ زور ۋە ئەڭ چوڭقۇر بولغان بىر ئاساسى يىلتىز ئىنسان مەركەزچىلىكى ئىدىيەسىدۇر.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى قارشى تۇرىدىغان تەبىئەتكە سەل قاراپ ئىنساننى مەركەز قىلىش ئىدىيەسى ئىنسان ئاساسىي گەۋدىچىلىكى بىلەنمۇ ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. نوقۇل ئىنسان ئاساسىي گەۋدىچىلىكى قارىشىنىڭ قىممەت يادروسى مۇنداق ئىككى تەرەپتىكى قاتماللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى ساهەسىدە نوقۇل ئادەمنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئادەمنى مەركەز قىلىش، ئادەمنى هۆكۈمران دەپ قاراشنى تەكىتلەپ، تەبىئەتكە سەل قاراپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك چېكىنىشنى تېزلىتىدۇ.

## 2. «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» قارىشى تەنقىدچىلىكى

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشى بىلەن ئىنسان مەركەزچىلىكى قارىشى ئورتاق مەنبەگە ئىگە. ئۇ تۈپ يىلتىزى جەههەتتىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە قارشى ئىدىيەۋى خاهىشتۇر. ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ پەرزەنتى، شۇنداق ئىكەن ئاتالمىش «تاغنى تالقان قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە»ئىنساننىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش شوئارى بۈگۈنكى كۈندە تەبىئەتتىن يىراقلاشقان، خاراكتېرى-پەزىلىتى ئاينىغان كىشلەرنىڭ سەپسەتەسىگە ئايلىنىپ قالدى. قەدىمدىن هازىرغىچە زور مىقداردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسانلارنىڭ قەهرىمانلىقى ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشى، كونترول قىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ تەبىئەتكە سەل قارالدى. بۇ خىل خاهىشنى بىز «ئىلئادا»ئېپوسى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى قەدىمكى ئەمگەك، ئوۋچىلىق قوشاقلىرىدىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى ئەسەرلەرگىچە مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشنى تەنقىدلەپ، ئۇنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە قايتا باهالاپ چىقىش، يېڭىچە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش جەههەتتىكى ۋەزىپىسى مۇشكۈل.

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشى ئومۇمىي خاراكتېرلىك هادىسە بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئېكولوگىيە كرىزىسنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ

مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەتتىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش، جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش، ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش، مەدەنىيەت، دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇشقا كېڭەيتىدۇ. ئىنسانلاردا ھازىر بار بولغان مەدەنىيلىك ناھايىتى زور دەرىجىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە بويسۇندۇرغۇچىنىڭ مەدەنىيلىكىدۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشىغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەنقىدى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قاراتقان بۇ خىل زومىگەرلىك پوزىتسىيەسى، نەپسانىيەتچىلىك قارىشى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە قارىتا قايتا ئويلىنىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكىمۇ پايدىلىق.

## 3. ئىستەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قارىشى تەنقىدچىلىكى

ئىستەك دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل تەبىئىي نورمال ھادىسە. ئىستىكنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلى دەپ قاراش ئىدىيەسى غەربتە نىسبەتەن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. گېگېل مۇنداق دېگەن:«ئەگەر جىنسىي ھەۋەس بولمىسا، دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى»[1]. بۇ گەرچە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە قاراش بولسىمۇ، لېكىن غەرب مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن. ئەنئەنىۋى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئىستەك ۋە قىممەت قارىشى ئۇنىڭدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىستەك قارىشى ئىنساننىڭ نەپسىنى تامامەن چەكلەشنىمۇ، پۈتۈنلەي قويۇۋېتىشنىمۇ تەكىتلىمەيدۇ، بەلكى مۇۋاپىق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ نورمال ماددىي ئىستىكىنىڭ تارىختا ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىشى ئىنسانلارنى خېلى زور دەرىجىدە چۆچۈتكەن. غەرب ئەللىرىدە، ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئىنسان ئىستىكىنى چەكلىشىگە ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش مەزگىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش ئارقىلىق قارشى تۇرۇلغان. غەربنىڭ ئىستەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن شادلىنىشى ئەينى مەزگىلدە فېئوداللىزمغا ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىگە قارشى تۇرۇشتا ئاز-تولا ئىجابىي رول ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى چەكلەيدىغان فېئوداللىق مەدەنىيەت تەدرىجىي يوقالغان. لېكىن ئەڭ ئەجەللىك بولغىنى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئىستىكى خۇددى قامالدىن بوشىتىلغان ئالۋاستىغا ئوخشاش قۇتراپ، ئەسلىدىكى چەكلەنگەن ھالەتتىن غەيرىي نورمال يامان سۈپەتلىك ئېشىش ھالىتىگە كىرگەن.

ئىستەك-ھەۋەسكە بېرىلىش بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۆزئارا قارىمۇ ـ قارشى مەنىگە ئىگە ئۇقۇم. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىي ئەسەردە ئىنساننىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى ئىپادىلەشكە قارىتا كەڭ كۆلەمدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئىنسان خاراكتېرى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان شائىر، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى پىرىنسىپى ۋە قارىشى ئارقىلىق قايتا ئوقۇلىدۇ ۋە قايتا شەرھلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاتالمىش «ئىستەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قارىشى» غا قارىتا گۇمان ۋە تەنقىد قارىشىدا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستەك-ھەۋىسىنى ئىلھاملاندۇرۇش تەبىئەت ۋە ئىنسانلارغا زادى قانچىلىك ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسانلارنىڭ ساغلام ۋە توغرا تەرەققىياتى نوقۇل ھالدا ئىنساننىڭ ئارزۇ-ھەۋىسىنى قاندۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئىنساننىڭ خاراكتېر-پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس ئىناقلىقى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىناقلىقىنى، ئىجتىمائىي ئادالەت قوغلىشىشنى تۈپ

www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىشى زۆرۈر. ئارزۇ ـ ئىستەكنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئىنساننىڭ ھەققىي ئەركىنلىكى ۋە بەختىمۇ؟ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بۇ خىل ئاتالمىش «ئارزۇ ـ ئىستەكنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» دەپ قاراش سەپسەتىسىگە قارىتا تەنقىد ئېلىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر نىشانى قىلدى.

## 4. نوقۇل تەرەققىيات قارىشى تەنقىدچىلىكى

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى نوقۇل ماددىي تەرەققىياتنىلا ئەمەس بەلكى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت، ئەخلاق، قىممەت قارىشى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىم ساھەسى رىم كۇلۇبىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى «ئىقتىسادىي ئېشىش مەستانىلىقى مەدەنىيىتى» گە قارىتا گۇمانلىنىش، تەنقىد قىلىش قارىشىدا بولغانىدى. 1925 ـ يىلى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە دىداكتىكا ئالىمى رېئوپورد ئىقتىساد بىرىنچى، ماددىي تەرەققىيات ئەلا دېيىدىغان تەرەققىيات قارىشىنى تەنقىدلەپ، «نوقۇل تەرەققىيات ياكى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا تەرەققىي قىلىش خاھىشى ھازىر پۈتكۈل مىللەت، پۈتۈن دۆلەتتە ئىستەك ـ ھەۋەسنى غىدىقلايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، بۇ خىل نوقۇل تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل راك ھۈجەيرىسى خاراكتېرلىك ئاڭ شەكلى ئىكەنلىكىنى ھېچ كىم كۆرەلمەيۋاتىدۇ» دېگەن.

تەرەققىيات ھالقىلىق ئىجتىمائىي مەسىلە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. ئەمما قانداق شەكىلدىكى تەرەققىيات يولىنى تاللاش، قانداق تەرەققىيات سىياسىتىنى بەلگىلەش يالغۇز دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پۈتكۈل ئېكولوگىيە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. غەرب دۆلەتلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئاۋۋال تەرەققىي قىلىش، كېيىن تۈزەش يولى ئەمەلگە ئاشمايدىغان نەرسە بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي كۆتۈرۈلۈشتىن كېيىن، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيەلىك كۆتۈرۈش كۈچى زور دەرىجىدە چېكىنىپ، بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئەمەلگە ئاشمىدى. قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرى، يازغۇچى مەمەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۆغا» قاتارلىق پوۋېستلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تەبىئەتكە بولغان مۇستەبىتلىك ۋە نوقۇل تەرەققىياتنى قوغلىشىدىغان تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ بىمەنىلىكى، تەبىئىي مۇھىتقا بولغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىلمىي تەرەققىيات دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنىڭ ئىلمىيلىشىشى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى گۇمانتار پەنلەر ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەركىن ئازادلىقىنى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ماس ـ ئىناق مۇناسىۋىتىنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىنى ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىپ، تەرەققىيات قارىشىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە قايتا بېكىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، تەرەققىيات سىجىل، نورمال ۋە ئىلمىي بولغاندىلا ئاندىن جەمئىيەت مۇقىم ۋە ئىلمىي ھالدا ئالغا باسالايدۇ.

## 5. پەن ـ تېخنىكىنى ئەلا بىلىش قارىشى تەنقىدچىلىكى

پەن ـ تېخنىكا تۈپ مەقسەت ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر خىل ۋاسىتە. غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئويغىنىشى، بولۇپمۇ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتە بارغانسېرى زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ قارىلىپ،

ئەخلاقتىن، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇلدى. ھەتتا ئىنسانلار ھەممە جايدا پەن-تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ يەتتى. ئەمما كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بىزگە پەن-تېخنىكىنىڭ مۇتلەق ۋە مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ھەتتا گۇناھلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەن-تېخنىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش قارىشىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك قاراش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز تەبىئەتنىڭ ئەسلىي گۈزەللىكى ۋە ماھىيىتىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئەتنىڭ نورمال ئىلگىرىلىشىگە زور توسقۇنلۇق قىلدى ۋە جانلىقلار تۈرىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىنى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەرنى شەكىللەندۈردى. ھازىرقى كۈندە ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە پەن- تېخنىكا «گىگانت پەن-تېخنىكا»غا ئايلىنىپ، پۈتكۈل يەر شارى ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىقنى ئۆزۈل-كېسىل ۋەيران قىلغۇدەك زور تەھدىتنى ھازىرلاپ بولدى. پەن-تېخنىكىنىڭ زىيانلىق تەرىپى شۇكى، ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۇستۇن چاغلاپ تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىش، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلىشىگە مۇداخىلە قىلىش ۋە ئۇنى بۇزمىلاش، پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان، تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش قىيىن بولغان بۇلغىنىشنى شەكىللەندۈرۈش، يادرو تېخنىكىسى ۋە بىئولوگىيە قۇرۇلۇشىنى قوللىنىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا خىرىس ئېلىپ كېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانلار پەن-تېخنىكىنى نازارەت قىلىنىشنىڭ سىرتىدا قويماسلىقى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۇستىدە قايتا ئويلىنىشى، قايتا تەكشۈرۈشى ۋە نازارەت قىلىشى، ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر. پەن-تېخنىكا ئالدىدىكى بىرىنچى نۇر ھالقىسى فىلولوگىيە، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ۋە بارلىق ھەقىقەت بىلەن ئادالەت ئىزدىگۈچى پۇقرالارنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئالاھىدە ھوقۇق-ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە نازارەت قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە چەكلەشتىن ئايرىلغان پەن-تېخنىكا خۇددى نازارەت قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە چەكلەشتىن ئايرىلغان ھوقۇققا ئوخشاش كونتروللۇقنى يوقىتىشى، مۇستەبىتلىك (پەن-تېخنىكا مۇستەبىتلىكى) كە ۋە غالجىرلىققا يۈزلىنىشى مۇقەررەر. ھازىرقى پەن-تېخنىكا يەر شارىنىمۇ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكۈدەك غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنى ۋەھىمىگە سالىدىغان دەرىجىگە قەدەم قويدى. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئەگەر ئۆز كونتروللىقىنى يوقىتىپ قالسا، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى بەلكىم سىياسىي گۇرۇھلار ۋە سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئاقىۋىتىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە، پەن-تېخنىكا رېئاللىقتا يۈزلىنىشى، يېشىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇ پەقەت «يېشىل پەن-تېخنىكا» بولغاندىلا ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. يېڭى ئېكولوگىيە پەن-تېخنىكىسىدا چوقۇم تەبىئەتنى، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىدىيەۋى قاراش بولۇشى كېرەك. ئۇ چوقۇم ئىنسان مەركەزچىلىكى ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر شارىنى كونترول قىلىشتەك قىممەت خاھىشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئېكولوگىيەلىك پەن-تېخنىكا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىركىشىشتىن قول ئۈزۈپ، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى تونۇش ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ئەمەلىي قوللىنىشتا ئىزچىللىق بىلەن بىرگە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈگىتىپ تەبىئىي مۇھىتقا پايدىلىق بولغان يېڭى ئېنېرگىيە ۋە بايلىقلارنى يارىتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئەدەبىي ئەسەرنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئاتالمىش پەن- تېخنىكا ھەممىدىن ئەلا نۇقتىئىنەزەرىنى تەنقىدلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى قوللانماسلىقنى تەكىتلىمەيدۇ، ئۇ تەتقىقات جەريانىدا پەن-تېخنىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە كرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنىمۇ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى پەن-تېخنىكىنىڭ يېشىل پەن-تېخنىكىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى نازارەت قىلىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ قالايمىقان قوللىنىلىشىنى چەكلەپ، تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېكولوگىيەگە بولغان مۇداخىلىسىنى ئازايتىشقا كۈچ قوشىدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي مۇهىتقا بولغان تەسىرى نازارەت قىلىنمىسا، مەلۇم دەرىجىدە چەكلەنمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، شۇڭا ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭمۇ ئېكولوگىزم قارىشى بولغان پەن-تېخنىكىنىڭ بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتى ۋە مۇستەبىتلىكىگە قارىتا تەنقىد قىلىش ۋە نازارەت قىلىش هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

## 6. ئىستېمال مەدەنىيىتى تەنقىدچىلىكى

ئىستېمال ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىدە قەدىمدىن هازىرغىچە زور ئۆزگىرىش بولدى. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىسى چېكىنىشكە باشلاپ، «ئىشلەپچىقىرىش» قا قارشى مەنىدىكى ئۇقۇمغا ئايلاندى. 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كىشىلەر «ئىستېمال جەمئىيىتى»، «ئىستېمال مەدەنىيىتى» نى مۇهاكىمە قىلغاندا، بۇ يەردىكى ‹ئىستېمال› ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى بىئولوگىيەلىك ئېهتىياجدىن هالقىغان ئارزۇ ۋە هەۋەسنى قاندۇرىدىغان پائالىيەت ۋە تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلىي ئېهتىياجنى قاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى تاۋارلارنى توختىماي يارىتىش ۋە يېڭىلاپ ئىشلەپچىقىرىش، بۇ ئارقىلىق غىدىقلانغان ئىستەكنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلغىنى تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك ئەهمىيىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل غەيرىي مەنىدىكى ئىستېمال بىلەن مۇۋاپىق ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى پەرق هەرگىزمۇ ئاددىي سان پەرقى بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ئەخلاقى ۋە قىممەت چۈشەنچىسى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شەكلى ۋە مەۋجۇتلۇق هالىتىدىكى پەرق بولۇپ، ئۇ ئېكولوگىيە كرىزىسى بىلەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ئىستېمال مەسىلىسى مۇهىت كرىزىسىنىڭ يادروسى. نۆۋەتتە، ئىنسانلارنىڭ جانلىقلار چەمبىرىكىگە بولغان تەسىرى مۇهىتقا بېسىم ئېلىپ كېلىپ، زېمىننىڭ هاياتلىقنى قوللاش ئىقتىدارىغا تەهدىت ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ خىل تەهدىت ماهىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئېچىپ، ئېنېرگىيە ۋە خام ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشتە مەنمەنچىلىك قىلىش، ئىسراپچىلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان.

ئىستېمال مەدەنىيىتى 20-ئەسىردە كېلىپ چىققان. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تاۋار ئۇشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىقتىسادنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور مىقداردىكى ئىستېمالنىڭ سىجىل ئېشىشىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئېهتىياجدىن هالقىغان ئىستېمالنىڭ ئېشىش ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىدە ئىستېمال تەدرىجىي ئۆز ماهىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلاپ، ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئېشىش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىستېمال ئېهتىياجىنى قاندۇرماستىن، بەلكى ئىستېمالنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادنى داۋاملىق ئاشۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىستېمال بىلەن ئېهتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، يەنى ئۇ نورمال ئىستېمال ئارقىلىق ئېهتىياجنى قاندۇرماستىن، بەلكى ئۇشۇقچە ئىستېمالغا يېتەكلەش، قىزىقتۇرۇش، قايمۇقتۇرۇش ۋە ئېهتىياجنى غىدىقلاش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز بولغان ئىستېمال دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئورۇنسىز ئىستېمال قىلىش ۋە ئىسراپچىلىق قىلىشنى تۇرمۇشنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، خورىتىلغان ئېنېرگىيە مىقدارى زورىيىپ، تۇرمۇشتىن چىقىرىلغان ئەخلەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىدۇ. ئېنېرگىيەنىڭ ئارتۇق خورىتىلىش جەريانىدا مۇهىت ئېغىر بۇلغىنىپ، تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە سىجىللىقى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك

ئەدەبىياتىدا شائىر مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، نەۋايى، خاراباتى قاتارلىقلارنىڭ ئىنساننىڭ نوقۇل ماددىي ئېھتىياجى ۋە ماددىي ئىستېمالغا زىيادە بېرىلىش خاھىشىنى چەكلەشنى ماددىي تۇرمۇش بىلەن مەنىۋىيەتنىڭ ماس ۋە تەڭپۇڭ ھالەتتە تەرەققىي قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ ئەخلاق قارىشى» ناملىق ئەسىرى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى، شەخسىي مەنپەئەت ۋە نەپسىنى تىزگىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلارنى ئىپادىلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئوتتۇرھال بولۇشنى تەكىتلىگەن. ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «سەببى سەييارە»داستانىدا شۆھرەتپەرەس، ھەشەمخور، ئەيش-ئىشرەتكە زىيادە بېرىلگەن چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە مۇستەبىت شاھ بەھرامنىڭ ئوۋ مەيدانىدىكى ھالاكەتلىك تىراگېدىيەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنساننىڭ شەخسىي ھاۋايى- ھەۋەس، ئورۇنسىز ئىستېمال قوغلىشىشتەك پاسسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەنقىدلىگەن بولسا، يەنە بىر داستانى «سەددى ئىسكەندەر»دە ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ھەددىدىن زىيادە ماددىي بايلىقلارنى توپلىغان شانۇ-شەۋكەتلىك شاھ ئىسكەندەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قول ئاستىدىكىلەرگە:« مېنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار، ماددىي دۇنيا ھېچنىمىگە قادىر ئەمەس، ئەل جامائەت مەندەك سەلتەنەتلىك شاھنىڭمۇ مۇشۇ پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە قۇرۇق قول كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقىدەك تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى نوقۇل ماددىي بايلىق توپلاش ياكى ئىستېمال قىلىشتىلا ئىپادىلەنمەيدىغانلىقى، ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ ئىستېمالغا بولغان تەنقىدى ئىپادىسىنى بىر قىسىم ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، فىرانسىيە يازغۇچىسى رابلېيس (1494-1553) ئۆزىنىڭ «گىگانت ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىپ، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ماددىي ئىستېمالنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پادىشاھ كالا گۆشى كونسېرۋاسى ياسىتىش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 14367 كالىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. خانىش بىر قېتىمدا 16 سېنتىنىر، يەنى ئىككى توڭ ئالتە داس قېزىنى يەۋېتىدۇ. گىگانت ئادەم كاگانىديا بوۋاق ۋاقتىدىلا ھەر كۈنى 17913 تۇياق كالىنىڭ سۈتىنى ئىچىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەشنىڭ 16-ئەسىردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش مەزگىلىدە ئاكتىپ رولى بولغان بولسىمۇ، تەبىئىي بايلىقلار بارغانسېرى كېمىيىۋاتقان، ئېكولوگىيە كرىزىسى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە پاسسىپ رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە.

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ماكانى ياكى خالىغانچە تالان-تاراج قىلىش ئوبيېكتى بولماستىن، بەلكى مەڭگۈلۈك ماكانى ھەم تىرىكچىلىك دەسمايىسى. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى تىزگىنلەش، ئىسراپچىلىقتىن يىراق تۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ رىزقى-نېسىۋىسىگە خىيانەت قىلماسلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل روھ «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە باشقا كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى يازغۇچىسى كەرسېن 1953-يىلى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلەپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستېمالىنى يولغا قويۇشنى تەكىتلەپ، «دۆلەتنىڭ ھەقىقىي بايلىقى زېمىندىكى بايلىقلار يەنى تۇپراق، سۇ، ئورمان، كان زاپىسى ۋە ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن ھەم بۈگۈنكى زامان كىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىنىش ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن تەبىئىي بايلىقلارغا كاپالەتلىك قىلىشتەك قوش قاتلاملىق ئېھتىياج ئەڭ ئومۇميۈزلۈك قىممەتكە ئىگە سىجىل تەرەققىيات پىلانى»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىستېمال مەدەنىيىتى تەنقىدچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com



جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرى مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئەدىبلىرى جەمئىيەتتە ئىستېمال راۋاجلانغاندىن كېيىن، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك نۇقسان ۋە بىمەنە تەرەپلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى ئىنسانلارنى ھالاكەتكە باشلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان. ئەپسۇس ھازىرغىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور زىيانلىق ئاقىۋىتىنى تېخى تونۇپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەنگلىيەلىك ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچى جوناسېن بېيت (Jonathan.Bate) مۇنداق دېگەن:«مىلادىيەنىڭ ئۈچىنچى ئىراسى ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن تەبىئەت كرىزىسقا لىق تولدى. بۇ خۇددى زور ئاپەت ئۆز بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەندىلا ھەممەيلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلغانغا ئوخشايدۇ....تەبىئىي مۇھىت تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇڭا بىز زادى يولنى نەدىن باشلاپ خاتا باستۇق دېگەن ئەشۇ كونا سوئال ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىشىمىز كېرەك»[3].

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە زىت بولغان نوقۇل ئىنساننى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى مەركەز قىلغان ئەدەبىياتنىڭ داۋاملىشىشى ماھىيەتتە ئېكولوگىيەلىك ئاپەتنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدىبلىرىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز يېڭىچە خاھىشتىكى ئەسەرلىرى ۋە ماقالە، ئوبزورلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئاڭ، تەپەككۇرىنىڭ تەبىئەتكە بولغان زىيانلىق تەسىرى، جىنايى قىلمىشلىرىنى تەنقىدلەپ، نوقۇل ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يادرو قىلىنغان قاتمال ئەدەبىياتنى تەدرىجىي ئاخىرلاشتۇرۇشى زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى ماھىيەتتە بىر خىل قاتمال ئاڭ، تەپەككۇرنىڭ تەسىرىدىكى جىنايى جاۋابكارلىقنى قوزغىلىدۇرۇش خاراكتېرىدىكى يېڭىچە ئىدىيەۋى پائالىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى بولغان جوزۇۋ. مىكېئىر «ئەدەبىيات زادى ئەسلىدىن بىزنى تەبىئەت ھاياتىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئىجادىي ھەرىكەتمۇ ياكى بىزنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتمۇ؟ شەپقەتسىز تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە تەبىئىي تاللاش نۇقتىسىنەزەرىنى چىقىش قىلغاندا ئەدەبىيات زادى بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە ئامانلىقىمىزغا پايدىلىق رول ئويناۋاتامدۇ ياكى ئەكسىچە بىزنىڭ ھالاكىتىمىزنى تېزلەشتۈرۈۋاتامدۇ؟»[4] دەپ كۆرسەتكەن. ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىياتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەت يارىتىشتا چوقۇم ئىنسان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېر، پەزىلىتىنى تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇشى، تەبىئىي ئېكولوگىيە كرىزىسىغا مەسئۇل بولۇشى، ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ئەسلىدىلا چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىش، ئىنسان خاراكتېرىدىكى چېكىنىش ئامىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشنى مەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز زۆرۈر.

## ئىزاھلار

[1] ۋاڭ نو: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت تەنقىدى»، chinese.xmu.edu.cn تورىدىكى ماقالە 2-بەت.

[2] رېچىل. كەرسېن: «ھاياتلىق ماكانى»، بوستون 1972 -يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 155-بەت.

[3] جوناسېن بېيت: «زېمىن ناخشىسى»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 2000-يىلى نەشرى (ئىنگلىزچە) 124-بەت.

[4]جوزۇۋ. مېكئىر: «مەۋجۇتلۇق كومېدىيەسى: ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيە»، ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتى، 1997-يىلى، نەشرى 4-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. ۋاڭنو: «ياۋروپا-ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى تۇنجى نەشرى.
2. جاڭ يەنمېي قاتارلىقلار:«ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى»، خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.
3. ئابلاجان مەھەممەت: «ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 2010- يىللىق 4- سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2012)04_051_05

# ئۇيغۇر تىلى ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا*

ئاززۇگۇل شېرىپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا ئاڭلاپ يېزىش ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش، سۆزلەرنى ئەستە تۇتۇش، گىرامماتىكىلىق بىلىملەرنى پىششىقلاشتا ناھايىتى پايدىلىق. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان خاتالىقلارنى تۈرگە ئايرىش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلدى.

**摘要:** 听写是一种行之有效的教学手段，对提高学生的语言技能，单词拼写，单词记忆，语法知识等十分有益。本文通过对维吾尔语专业学生听写练习中常见错误的归类及分析，从教学角度分析解决这些错误的方法。

**Abstract:** Dictation is one of the most useful teaching techniques. It trains students' language skill, spelling skill, word memorizing skill and improves their grammatical knowledge. By analyzing and categorizing several common errors that Uyghur students would commit in dictation exercises, this paper discusses and analyzes several solutions which will be helpful to solve those problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H05 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئاڭلاپ يېزىش مەشىقى تىل ئوقۇتۇش جەريانىدىكى دائىملىق مەشىق تۈرى بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسال مەشىق تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ چېتىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئاڭلاپ يېزىش مەشىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى سىناپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلەرنى ئىگىلەش ئەھۋالى، ھەرپلەرنى قوشۇپ يازالىشى، گىرامماتىكىلىق بىلىملىرى، ئالايلۇق ھەر خىل زامان، ئىگە ـ خەۋەر بىردەك بولۇش، شەخس بىردەك بولۇش، ھەرخىل قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى دېگەندەك، شۇنداقلا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنىمۇ سىنايدىغان بىر خىل مەشىق تۈرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەيرىي تىل ئىقتىدارى يەنى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى، ئاڭلاپ يېزىش سۈرئىتى، قوشۇپ يېزىش ئادىتى ۋە ئىقتىدارىنىمۇ سىنايدۇ. تىلشۇناس تىم بوۋېن(Tim Bowen) مۇنداق دېگەن: «ئاڭلاپ يېزىش ھەم مەقسەتلىك ئۆگىنىش ھەم ئىمكانىيەتلىك ئۆگىنىشتۇر»، دېۋىس پەند (Davis Pand) قاتارلىقلار بولسا مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئاڭلاپ يېزىش بىر خىل پايدىلىق بولغان ھەم مۇقەررەر بولغان مەشىق تۈرى بولۇپ، مەشىق ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرەلەيدۇ، ئاڭلاپ يېزىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن تەپەككۇرىنى ئاشۇرىدۇ».

كۆپ يىللىق ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە ئاساسەن، بىزمۇ ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بولۇپمۇ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىشتا، ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈشتە، گىرامماتىكىلىق بىلىملەرنى پۇختىلاشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەدبىر ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئەمما ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس. گەرچە ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنى تولۇق ئۆگىنىپ بولغان، ھەرپلەرنىڭ قوشۇپ يېزىش قائىدىسىنى ئىگىلەپ بولغان بولسىمۇ، ئاڭلاپ

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئاززۇگۇل شېرىپ (1974 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يېزىش مەشىقىدە يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلار مەۋجۇت. بىز ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىكى 84 خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىنى ئىستاتىستىكا قىلغان ئىدۇق، نەتىجىدە بۇ ئاڭلاپ يېزىش ماتېرىيالىنى تولۇق، توغرا يازالىغان ئوقۇغۇچى چىقمىدى. بۇ قېتىمقى سىناققا ئىشلەتكەن ماتېرىيالىمىز «پەرۋاز» ژۇرنىلىنىڭ 2009ـ يىلى7ـ سانىغا بېسىلغان «بەخت ۋە خۇشاللىق نەدىن كېلىدۇ» دېگەن تېمىدىكى 108 خەتلىك قىسقا ھېكايە بولۇپ، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن 32 ھەرپنىڭ ھەممىسى تولۇق كۆرۈلگەن. بۇ 108 سۆزلۈكنىڭ ئىچىدە ئوخشاش گىراماتىكىلىق شەكىلدە تەكرارلىنىپ كەلگەن 29 سۆزنى چىقىرىۋەتكەندە، جەمئىي 79سۆزلۈك (گىراماتىكىلىق تۈرلىنىشى بىلەن ) قالىدۇ. بۇ قېتىمقى سىناقتا مانا مۇشۇ 79 سۆزلۈكنى تولۇق ھەم توغرا يازالىغان ئوقۇغۇچى چىقمىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خاتا يازغان سۆزى ئەڭ ئېزىنىڭ ئۈچكە (بۇ ئوقۇغۇچى ناھايىتى ئاددىي سۆزلەرنى خاتا يېزىپ قويغان) ، ئەڭ كۆپىنىڭ 35 كە يەتكەن. 79 سۆزلۈكنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلاردىن خاتالىق كۆرۈلمىگەن سۆز پەقەت تۆۋەندىكى ئون سۆزلا بولۇپ، ئۇلار «ۋە، بىر، توپ، ئۇلار، زادى، دەپ، ماڭا، دەپتۇ، سىلەرگە، مانا»دىن ئىبارەت . بىز بۇ سۆزلەرنى تەھلىل قىلساق، بۇ سۆزلەر ئاز ھەرپلەردىن تەشكىللەنگەن ياكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان سۆزلەر بولغاچقا، خاتالىق كۆرۈلمىگەن. قالغان 69 سۆزلۈكتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خاتالىق كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خاتالىق ئەڭ كۆپ بولغان سۆز «پالاق» دېگەن سۆز بولۇپ، 84 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئون ئوقۇغۇچىلا بۇ سۆزنى توغرا يازالىغان. قالغان 74 ئوقۇغۇچى بۇ سۆزنى 22 خىل شەكىلدە يازغان. مەسىلەن: «پاراچى، پاراپ، تاللاپ، تاراپ، پالا، پارا، تالا، تالاپ، كالا، خالاق، تالار، پاراق، پەش، ھاراق، پاراق، پەخلەر، پالاپ، پالىراق، پاقلاپ، قاتا، پاراخ، پالاخ» قاتارلىقلار بولغان. بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىي سۆزگە ئازراق يېقىن كەلسە، بەزىلىرى پەقەتلا يېقىن كەلمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خاتالىق كۆپ كۆرۈلگەن يەنە بىر سۆز «قولۋاق» دېگەن سۆز بولۇپ، بىزگە بۇ سۆزنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان 21 خىل شەكلى ئۇچرىدى. مەسىلەن: «قورۋاق، قورۋاپ، قولۋاغ، قورۋا، قولۋا، قولۋاپ، قورۇۋاق، قورۋار، قوناق، كورۋاق، كولۋات، قولۋات، كولۋاق، قولاق، قوۋاق، قورۋات، قوۋۋاق، قورۋاك، قۇۋۋا، قولۋاك، قوۋاڭ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاتالىق كۆپ كۆرۈلگەن سۆزلەردىن يەنە «غەم-قايغۇغا، سوقراتتىن، ئاۋۋال، ياققا، قايرىپ، قويۇپ، ھەرىدەپ، چۈشۈرۈلۈپتۇ، ئۇرغاچ، مەقسەت، ۋاقتىڭلار، تەگمىگەندە، توساتتىن» دېگەندەك سۆزلەرمۇ بار.بۇ خىل خاتالىقلارنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىز تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئىگە بولدۇق.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ توغرا بولماسلىقى، تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبىدىن، تەلەپپۇزى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرەلمەي، بۇ تاۋۇشلارنى قوشۇپ يازغاندا، كۆپ خاتالىق سادىر قىلغان. بۇ خاتالىقلارنى بىر نەچچە جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**1) «ل» ۋە «ر» تاۋۇشىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك**

«ل» تاۋۇشى تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، جاراڭلىق، قوۋۇز تاۋۇشى. «ر» تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، جاراڭلىق، تىترەڭگۈ تاۋۇش. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىككى تاۋۇشنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

1ـ جەدۋەل

| توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى | توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى |
|---|---|---|---|
| سوقرات | سوقلات | كېلىدۇ | كېرىدۇ |
| قايرىپ | قايلىپ | ئاۋۋال | ئاۋۋار |
| دۇچار | دۇچال | | |

ئەگەر ئوقۇتقۇچى «ر» تاۋۇشىنى كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىپ، تىلنى كۆپرەك تىترەتسە، ئوقۇغۇچىلار ئايرىيالايدۇ، بولمىسا بۇ ئىككى تاۋۇشنى ئاسان پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ياكى بولمىسا «ر» تاۋۇشىغا

ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەچكىمۇ «ل» تاۋۇشىنى «ر» تاۋۇشى قىلىپ يېزىپ قويىدۇ( مەسىلەن، 1-جەدۋەل).

**2) «ك»، «ق» تاۋۇشلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك**

«ك» تاۋۇشى تىل ئۇستى-ئوتتۇرا تاڭلاي، جاراڭسىز، پارتلىغۇچى تاۋۇش، «ق» تاۋۇشى بولسا تىل تۈۋى - كىچىك تىل، جاراڭسىز، پارتلىغۇچى تاۋۇش. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىككى تاۋۇشنى دەسلەپكى ساۋات چىقىرىش مەزگىللىرىدە تەستە ئىگىلىگەچكە، ھەر قېتىملىق ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە بۇ ئىككى تاۋۇشنى پەرق ئېتەلمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن(2- جەدۋەل):

2- جەدۋەل

| توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى | توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى |
|---|---|---|---|
| قولۋاق | كولۋاق | غەم-قايغۇغا | غەم-كايغۇغا |
| قولۋاق | قولۋاك | سوقرات | سوكلات |
| يىقتىپ | يىكتىپ | | |

**3) «خ»، «غ» ۋە «ھ» تاۋۇشلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك**

«خ» تاۋۇشى تىل تۈۋى-كىچىك تىل، جاراڭسىز، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، «غ» تاۋۇشى تىل تۈۋى-كىچىك تىل، جاراڭلىق، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، «ھ» تاۋۇشى تاۋۇش قاپقىسى، جاراڭلىق، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش. بۇ ئۈچ خىل تاۋۇشتا ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا قايمۇقۇپ قالىدۇ. «غ» بىلەن «ھ» تاۋۇشى خەنزۇ تىلىدا بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى ساۋات چىقىرىش مەزگىللىرىدە قىينىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە پەرقلەندۈرەلمەي، ئالماشتۇرۇپ يېزىپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن(3- جەدۋەل):

3-جەدۋەل:

| توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى | توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى |
|---|---|---|---|
| ھەرىدەپ | خەرىدەپ | غەم -قايغۇغا | خەم-قايغۇغا |
| ھەرىدەپ | غەرىدەپ | ئۇرغاج | ئۇرخاج |
| غەم -قايغۇغا | ھەم-قايغۇغا | | |

**4) «م»، «ن» ۋە «ڭ» تاۋۇشلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك**

«م» تاۋۇشى قوش لەۋ، جاراڭلىق، دىماغ تاۋۇشى، «ن» تاۋۇشى تىل ئۇچى-چىش مىلىكى، جاراڭلىق، دىماغ تاۋۇشى، «ڭ» تاۋۇشى تىل ئۇستى - يۇمشاق تاڭلاي، جاراڭلىق، دىماغ تاۋۇشى بولۇپ، بۇ ئۈچ تاۋۇشنىڭ ھەممىسى دىماغ تاۋۇشى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار دائىم بۇ ئۈچ تاۋۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن(4- جەدۋەل):

4- جەدۋەل

| توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى | توغرا يېزىلىشى | يېزىلغىنى |
|---|---|---|---|
| ۋاقتىڭلار | ۋاقتىنلار | يوغان | يوغاڭ |
| بىرىڭلار | بىرىنلار | ئىنتايىن | ئىنتايىڭ |
| يوغان | يوغام | | |

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاپ يېزىش مەشىقىدىكى «پەرقلەندۈرەلمەسلىك» ھادىسىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ق» بىلەن «خ» نى، «ئې» بىلەن «ئى» نى، «ئا» بىلەن «ئە» نى، «ئو» بىلەن «ئۇ» نى، «ئۈ» بىلەن «ئۆ»نى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋاللىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاپ يېزىش مەشىقلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر تەرەپتىن، تاۋۇشلارغا پىششىق بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى تولۇق ئىگىلىيەلمىگەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەپتىن، سۆزلەرگە پىششىق بولماسلىقى ياكى ئالدىراپ خاتا يېزىپ قويىشىدىنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى سىناقتا «مەقسەت» دېگەن سۆزنى 84 ئوقۇغۇچىدىن 50 ئوقۇغۇچى «مەخسەت» دەپ يازغان. «ئېگىز» دېگەن سۆزنى 84 ئوقۇغۇچىدىن 56 ئوقۇغۇچى «ئىگىز» دەپ يازغان. ئاھاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە يۇقىرىقى «پەرقلەندۈرەلمەسلىك» ھادىسىسىدىن باشقا يەنە «چۈشۈرۈپ قويۇش» ھادىسىسى بار بولۇپ، بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىقلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

(1) ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن ئوخشاش ئىككى تاۋۇشنىڭ بىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇش. ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش ھەرپنىڭ ئارقا-ئارقىدىن كېلىش ئەھۋاللىرى دائىم ئۇچرايدۇ، بىراق ئوقۇغۇچىلار دائىم ئۇنىڭدىكى ئىككى تاۋۇشنى بىر تاۋۇش دەپ قاراپ، پەقەت بىرلا تاۋۇشنى يازىدىغان ئەھۋاللار بەك كۆپ. بۇ قېتىمقى سىناقتا ئوخشاش تاۋۇشلار ئارقىمۇ-ئارقا كېلىدىغان سۆزلەردىن «خۇشاللىق، سوقراتتىن، ياققا، توساتتىن، قاتتىق، قولۋاققا، ئاۋۋال» قاتارلىق يەتتە سۆز بولۇپ، تەخمىنەن 50 ئوقۇغۇچى بۇ سۆزلەردىكى ھەرپلەرنى چۈشۈرۈپ، «خۇشالىق، سوقراتىن، ياقا، توساتىن، قاتىق، كولۋاقا، ئاۋال» قاتارلىق شەكىللەردە يازغان.

(2) «ر» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇش. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم سۆزلەر ئارىسىدىكى ۋە سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار دائىم يېزىقتا «ر» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن، «بېرىڭلار» دېگەننى «بېرىڭلا»، «ۋاقتىڭلار» دېگەننى «ۋاقتىڭلا» دەپ يازغان ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەس.

(3) ئاھاڭلاپ يېزىش مەشىقىدىكى ئۈچىنچى خىل ھادىسە «قوشۇپ قويۇش» ھادىسىسى بولۇپ، بۇ ئاساسەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى قوشۇپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ، كۆپىنچە قوشۇپ قويىدىغان ھەرپ «ي» ھەرپى بولۇپ، ئادەتتە «ئى، ئې، ئۈ» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئىزدەپ»نى «يىزدەپ» دەپ، «ئېيتىپ»نى «يېيتىپ» دەپ، «ئېگىز»نى «يىگىز» دەپ، «ئىزدىمىدىغان»نى «يىزدىمىدىغان» دەپ، «ئىنتايىن»نى «يىنتايىن» دەپ، «ئۈچۈن»نى «يۈچۈن» دەپ يازغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا تەركىبىدە «ئو، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى بار سۆزلەرگە شۇ خىل تاۋۇشلارنى قوشۇپ يازىدىغان ئەھۋال بەك كۆپ، مەسىلەن: «ئۇرغاچ» دېگەن سۆزنى «ئۇرۇغاچ» قىلىپ، «سوقرات» دېگەن سۆزنى «سوقۇرات» قىلىپ، «قولۋاق» دېگەن سۆزنى «قولۇۋاق» قىلىپ يازغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرىدى.

(4) يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن سىرت ئوقۇغۇچىلار يەنە ناھايىتى ئالدىراپ كېتىش ياكى بەك جىددىيلىشىپ كېتىش قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۆزلەرنى خاتا يېزىپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر نەچچە تاۋۇش پەقەت بىر چېكىت ياكى بىر پەشتىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىراپ خاتا يېزىپ قويۇشىنىمۇ ئاھاڭلاپ يېزىش مەشىقىدە نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى چۈشەنچىمىزنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمىز.

(1) ئاساسىي مەشىق ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. فونېتىكا ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەشتىن بۇرۇنلا تەلەپپۇز جەھەتتىكى خاتالىقىنى تۈگىتىپ، توغرا بولمىغان تاۋۇش ۋە ئىنتوناتسىيەنى تۈزىتىپ، چوڭ مىقداردا قېلىپلاشقان تاۋۇش ئۇچۇرى ۋە ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. دەسلەپكى ساۋات چىقىرىش مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچىلار كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاۋۇش ئۆتكىلىدىن توغرا، ئۆلچەملىك ئۆتۈشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

(2) ئوقۇتقۇچىلار فونېتىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندىن سىرت يەنە سۆز ياساش قائىدىسى، سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق تۈرلىنىشىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى، قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىياتلىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ

سۆزلەرنى ئەستە قالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

(3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز خاتالىقىنى ئۆزى تېپىپ توغرىلىيالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئوقۇتقۇچى تەكشۈرىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئوقۇغۇچى تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ تەكشۈرمەيلا تاپشۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچى تەكشۈرگەن تاپشۇرۇقنى قايتا ئېچىپ كۆرۈپ باقمايدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇتقۇچىغا يۆلىنىۋېلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆگىنىش ھەر ۋاقىت پاسسىپ ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى مۇۋاپىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلاپ يېزىش قەغىزىنى تەكشۈرتۈپ، ئۆز خاتالىقىنى بايقاشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئۈستىدىن بىر كۆرۈش كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ، ئەستايىدىل بولىدۇ. ھەر قېتىملىق خاتالىقنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرىدۇ ھەم ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى كەمچىلىكلەرنى بايقايدۇ.

(4) ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا، ئۆلچەملىك يېزىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىسلەپكى ساۋات چىقىرىش مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقىنى چىرايلىق يېزىشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. كۈندىلىك مەشىقلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يېزىشىنى ھەر ۋاقىت ئەسكە سېلىشى كېرەك.

خۇلاسىلىساق، گەرچە ئۇيغۇر تىلىدىكى 32ھەرپنى تولۇق ئۆگىنىپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى توغرا ئاڭلاپ يازغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب كۆپ تۈرلۈك بولىدۇ، ئالايلۇق، تەلەپپۇز جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋۇشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىنتوناتسىيەدىكى قوشۇپ ئوقۇش، بوش ئوقۇش، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپپۇزى، تىلدىكى ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، ئوقۇغۇچىلاردىكى جىددىيلىشىشلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا ئاڭلاپ يېزىشىغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللاردۇر. يۇقىرىدىكى بايانلار پەقەت ئوقۇغۇچىلار دائىم سادىر قىلىدىغان خاتالىقلارنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى نەشرى.

[2] دەي چىڭشيا: «ئىككىنچى تىل ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى.

[3] Tim Bowen, Dictation: New Method, new possibilities [J].Reviews, 1990(9).

[4] Davis Pand M Binvolncri .Dictation: New Method, new possibilities [M], Cambridge: Cambridge University Press 1988.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 056 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا*

تۇرنىسا روزى
(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىدە بىر قانچە يۈرۈش كېلىش قوشۇمچىلىرى بار بولۇپ، قەدىمكى ئەسەرلەر تىلىدا ئىپادىلەنگەن مەنىسىگە ئاساسەن، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى 8 كېلىشتىن ئەمەس، بەلكى 11 كېلىشتىن تەركىب تاپقان، بۇ ماقالىدە، سۆزلەرنىڭ تۇرغۇن ۋە تۈرلەنگەن ھالەتتە كېلىشى، قوشۇمچىلىرىنىڭ تۈرلىنىشى، جۈملىدىكى رولى، ياسىلىش ئۇسۇلى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要：** 本文主要论述在古代文献语言中回鹘语名词的“格”范畴中名词的“格”词缀有好几类，按回鹘语名词的“格”范畴所表示的意义来辨认回鹘语名词“格”的组成。回鹘语名词“格”范畴中不仅有 8 个“格”而且有 11 个“格”。及在词缀的构成方式、作用等问题举例进行分析。

**Abstract:** According to the ancient writings, it is found that there were 11 noun cases instead of 8 in ancient Uyghur language. This thesis mainly studies the role of the cases in sentence, the structures, and categories with several examples.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەسىنى ئىگىلەش ۋە چۈشىنىشتە، ئىسىم كاتېگورىيەسىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە قائىدىسىنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن سۆزلەرنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق سىستېمىسىدا ھەر قانداق ئىسىم ئىسىملىشىش جەريانىدا ئۇنىڭغا گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ خىل گىرامماتىكىلىق مەنىلەر كېلىشلەرنى، تەۋەلىكنى ۋە سانلارنى ياسايدىغان قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە كېلىپ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ھاسىل قىلىشى ۋە جۈملىدە بىرەر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتىشى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرەر كېلىش شەكلىگە ئىگە بولۇشىغا باغلىق.

## 1. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى

ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى ئىسىمنىڭ سان شەكلى ئاساسىدا ياكى سان شەكلى بىلەن تەۋەلىك شەكلى ئاساسىدا ئىپادىلىنىپ، ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىسىمنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدىكى ۋەزىپىسى بەلگىلەيدۇ. كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىش- ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى، پەيدا بولۇش ئورنى ۋە يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيەسى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 8- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: تۇرنىسا روزى (1959 -يىلى 6- ئايدا تۇغۇلغان) كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

گىرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا كېلىشتۈرۈش يولى ئارقىلىق تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

**1) باش كېلىش**

باش كېلىشنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىسى بولمايدۇ، ئۇ ئىسىمنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بىلدۈرۈپ، باشقا كېلىشلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ ۋە كۆپلۈك سان، شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئاساسەن «كىم، كىملەر، نېمە، نېمىلەر، نېمىسى، قايسى، قايەر» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ، سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە جەھەتتە ئىگە، ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر ۋە بەزىدە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

**(1)** باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدە ئىگە بولۇپ كېلىپ، بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

Ol bäg tirilip kälip örü olturup ash ichkü qoltï. (AY)

**(2)** جۈملىدە قاراتما ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

Ay inim, alp titgülük tawar alp ish näng inchip isig öztä artmaz tip tidi. (AY)

**(3)** ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ئېنىقلانغۇچى شەيئىنىڭ يەنە بىر خىل نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

Ol ach bars üskïntä suna yattï. (AY)

**(4)** بەلگىلىك شارائىتتا خەۋەر بولۇپ كېلىپ، ئىگىنىڭ تۈر تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

Adaqï agharlagh ichlig udchï qïzï (MS) [1]

**2) ئىگىلىك كېلىش**

ئىگىلىك كېلىش، تەۋەلىگۈچى شەيئىنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ئىسىم بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە جەھەتتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى «ing، ïng، üng، ung»، «nang، näng، nung، nüng، nïng، ning»، «ïg، ik» قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدە «كىمنىڭ، كىملەرنىڭ، نېمىنىڭ، نېمىلەرنىڭ، نېمىسىنىڭ، قايسىسىنىڭ» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. «ing، ïng، üng، ung، nang، näng، nung، nüng، nïng، ning» قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىپ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ئېنىقلانغۇچى، شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىم ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، بەزىدە ئىگە ۋە خەۋەرمۇ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

**Ning:** ishilärning küvänch könglin turghurghalï tarqarghalï qunchular ätöz-in bälgürtüp ïduq älikin ikig tutup ägirä yarlïqadï. (MS)

**Nïng:** qamagh qurtlarnïng qonguzlarnïng tirgini. (AY)

**nüng:** sizing ädgülüg taluy ögüznüng uchïn qïdïghïn,bu yaghïz yir arqasïntaqï idiz taghlarïgh basqughlarïgh barcha qoq qïchmuqtäg ushatuship sanïn saqïshïn bilgäli bolghay. (AY)

**nung:** bizning urughïbïz säning yïghachungnung uurughï bolmux bolub turur. (OQ])

**ung:** ulugh mxamaya qatunung ayaghuluq markatraxtalïgh tigli ärdinisi bulu yrlïqamïsh. (AY)

**üng:** öngi taqï yigräk bilgä bilik boltuqmäz. nom kirtününg kirtüsintä öngi taqï yigräk bilgülük nom bultuqmaz. (AY)

**ing:** (ay)duqta bizing inimiz purnaki … (unamamix ötrü),(MS)

**ig:** irinch yarlagh käyiklärig ämätü öltürüp käntü öz-ümüzni igidür biz (MS)

**ik:** bu urïlar manga könglin siz-ik ayïtghalï saqïnurlar. (MS)

**3) چۈشۈم كېلىش**

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن باغلىنىپ، ئىش-ھەرىكەتنى ئۇستىگە

www.uyghurkitap.com



ئالغان شەخس ياكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈشۈم كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «igh، ïgh، ugh، üg، agh، äg، ogh، ög، gh، g»، «in، ïn، n، un، ün»، «nï، ni» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە «كىمنى، نېمىنى» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

«igh، ïgh، ugh، üg، agh، äg، ogh، ög، g» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئادەتتە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان، ئەمما كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن، ياكى سانلار بىلەن ئېنىقلانغان ئۆزەك شەكلىگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

**ïgh:** otuz artuq ulugh il ulushlarïgh käzip ygrmi yïlï tüni yorïp bu nom ärdini bashlap älik tümän shloklüg qamagh sanï tört yüz (…änä)tkäkchä nom bitiklärig (qalïsïz ötkür üp tawghach tilinchä (äwirtip,ymä) (AY)

**üg:** bu qamagh tïnglghlar üch türlüg köngülüg tarqaru kitärü umayuqlarï üchün, üch ätöztin ïraq öngi ötrülüp, üch ätözkä täggäli umazlar. (AY)

**agh:** köz tägsig yärdä tängri tängrisi burhanagh ülgüzüz sansïz tängrilär quvraghï ortusïnta ärdinin ätmïx altunlugh tagh osughlugh yüz iki yig(i)rmi türlüg ulugh qut buy(a)nlagh chogh yalïnïn arslan-lagh örgün üz-ä olturup nom nomlayu y(a)rlïqa-mïxïn (MS)

«in، ïn، n، un، ün» بۇ قوشۇمچىلار چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ III شەخس شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

**ïn:** älig bäg chantallarqa yarlïgh yarlïqadï bu yaghïlar qïzlarïn yäti öngi ätözlärïn bïchïp käsip suburghanlar ara kämishinglär … (MS)

**in:** nom tözintä köngüllärin särgürüp turqurmaq ärür. (AY)

**ïn:** ol ilik qannïng qatunlarïn qïrqïnlarïn ïnanchlarïn ulatï bodunïn qarasïn alpïnta, ämgäkintä adasïnta tudasïnta isig özlüg qorqïnchïnta köyü közätü tutunglar tip yrlïqadï. (AY)

«nï، ni» قوشۇمچىلىرى كۆپرەك ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان، ئەمما كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمىگەن ئۆزەك شەكلىگە قوشۇلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ خىل شەكىل قېلىپلىشىپ، ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىگىمۇ ۋە كۆپلۈك شەكلىگىمۇ قوشۇلىدىغان بولغان. مەسىلەن:

**nï:** aghïr ayïgh qïlïnchïmïznï aritu (rmn sü) zürmn tip köngül öritkil. (AY)

**ni:** tüz kärinchsiz tükäl bilgä tängri tängrisi burhan sizing vazanpat qïlmaqlagh toyïn bolghuluq ishingizni bütürgäli, (MS)

### 4) يۆنىلىش كېلىش

يۆنىلىش كېلىش، ھەرىكەتنىڭ يۆلىنىشى ۋە نىشانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. يۆنىلىش كېلىشتە تۈرلەنگەن ئىسىملار ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «qa، kä، gha، gä»، «gharu، qaru، gärü، kärü، ra، rä، ru، rü» قاتارلىق ئىككى يۈرۈش بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن سۆز يىلتىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىغا قاراپ قوشۇلىدۇ. يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمگە، نېمىگە، نەگە» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

aghiliq + qa (خەزىنىگە)؛ äw + kä (ئۆيگە)؛ + ïch gärü(ئىچكىرى)؛ tabghach + gharu (جۇڭگوغا، تابغاچقا)؛ tash + ra (سىرتقا)؛ käsh + rä (كەينىگە).

**kä:** tïnlïghlar adralmaq-lagh achagh ämgäkkä ärtingü chomur –lar ärti…(MS)

**gä:** ämti bu saqïnchïngïzlar iyin bu nom ärdini tïltaqïnta ädgügä tägmish tïnlghlarïgh sözlä(mish krgäk). (AY)

**qa:** bu yirtinchü yir suwda togha bälgürä yrlïqap bish älik yïl tözi tïnlghlarqa asigh tüsü qïlïp…(AY)

**gha:** ikinti adïnlargha tayanïp turghuluq töz. (AY)

**qaru:** bu toghmaq ölmaq sansar ichintä tägzinturtachï ämgäklig tägzinchtin tashqaru itmädächi igit äsük atqangghular ärür. (AY)

**gärü:** satïghchï äränlär ichgärü otug birdilär: qamaghï barïrmïz. (IKTH)

**gharu:** tashgharu ilinchugä atlanturdï. (IKTH)

**kärü:** qamagh tangrilär birkärü köyü közättü uz tutup körkitürlär ularqa ädgüli ayïghlï tüsh utlïgh. (AY)

**ra:** ontïn sïngarqï burxanlara körü yrlïqap umugh ïnagh bolu yrlïqazunlar. (AY)

**rü:** köni bilgä biliklig küch ärsär, qltï trs tätrü yangïlmaqlarïntïn öngi ötrülmish, (AY)

**ru:** tängri tängrisi burhannïng ät özintä bäsh bodughlugh yaruq yaltrïq ünüp matyadis ulushtïn sudlanu kälip tüzün maytrining ät özin ongaru tägsinip t(ä)ngri burhan ödintä turur täg maytri bodis(a)v(a)t üsküntä yashayu täbränchsizin turdï. (MS)

**rü:** anta ötrü ayaghqa tägimlig maytri bodis(a)v(a)t artuqta artuq ögrünchülüg sävinchlig bolup äzüksüz yazuksuz kököush önglüg körtlä köz-in badarï bramanagh titürü körüp inchä täp tädi. (MS)

### 5) چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىش ئىش- ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى، سەۋەبىنى شەرت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. چىقىش كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «din، tin، dïn، tïn، dun، tun، dün، tün، dan، tan، dän، tän» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، كەڭ- تارلىق، ئوچۇق- يېپىقلىق، جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى بىلەن كېلىدۇ. چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمدىن، نېمىدىن، قايەردىن، قاچاندىن» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ جۈملىدە تولدۇرغۇچى ھەم ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. يەنى «كىمدىن، نېمىدىن» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولغانلىرى تولدۇرغۇچى، «قايەردىن، قاچاندىن» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولغانلىرى ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

**dïn:** ärdämlig arzïlar qoptïn sïngar taghlartïn arïghlardïn yïghïlïp kälirlär (MS)

**tïn:** ol balïqtïn üntün nä ünä birlä ök qltï tül tüshäp odunmïshtäg tiritügüm bu ärür tip tidi. (AY)

**tin:** tot toliy achïgh ämgäklärintin ozup, qutrulup tängäsizin yig üstünki burxanlar ädgüsingä tägdächi bolurlar. (AY)

**din:** ular barcha yirümädin artamadïn tükällig bütä tägingäylär. (AY)

**dän:** kik aw awlaya turur ärdi, künlärdän song kächälärdän song yigit boldi. (OQ])

**tän:** nägün säkiz on artuqï säkiz utun nizvanilar kirin köngülüntän közintän arïtu bärdim. (MS)

**tan:** bir arïgh äwtä azu arawantan sangramta ud mayaqïn suwap mantal qïlïp chintan tütsük köyürüp tapïq uduq qïlsun. (AY)

**dün:** oshul oghul anasïnïng kögüzündün oghuzni ichip mundun artïghraq ichmädi. (OQ])

بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئەممىدى.

### 6) ئورۇن كېلىش

ئىش- ھەرىكەت ياكى شەيئىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇش ئورنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئورۇن كېلىش، ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «dä، da، tä، ta» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمدە، نېمىدە، قايەردە، قاچان» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە ھالەت بولىدۇ. يەنى «كىمدە، نېمىدە» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان ئىسىملار تولدۇرغۇچى، «قەيەردە، قاچان» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان ئىسىملار ھالەت بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن كېلىشتىكى قوشۇمچىلار چىقىش كېلىش بىلەن ئارىلاش قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئورۇن- چىقىش كېلىش دەپمۇ ئاتالغان. «dä، da» قوشۇمچىلىرى بەزىدە چىقىش كېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنە جەھەتتە ئادەتتىكى چىقىش كېلىش بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com



baligh + ta (شەھەردە)؛ öd + dä (ۋاقتتا)؛ ilig + tä (قولدا).

**da:** sakymuni burxannïng säkiz ulugh chaytilarïlï krtirakut taghda ulatï andïn öngi on bulung yïngaqlartaqïlï adïn öngilärtä ymä yrlïqadachï nomlugh ätözlärkä ymä angïdïp öchmish amrïlmishlarqa ürük uzatï töz täpüm üzä yükünürmn. (AY)

**tä:** chit tiginning yimishlikintä ulugh yït körünchük körkitü yarlïqapüch türlüg orunlarnïng ornaghïn yig üstünki bütürmäk qïltachï tirtilarïgh utmïsh yigätmish chaytïqa yükünürmn. (AY)

**ta:** anta basa äzrua tängri ötüngingä baranas ulushta arsiwdan sangramda nomlugh tilgän täbrädi (MS)

### 7) ۋاستە كېلىش

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ، ئاساسەن ئىسىملارنىڭ بەلگىلىك گىرامماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق پېئىلغا بېقىنىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلانغان، راۋاجلانغان ۋاقتىنى، سەۋەبىنى، شەيئىنىڭ نېمىدىن بارلىققا كەلگەنلىكى، ۋاستىسى ياكى ئۇسۇلى قاتارلىق تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ۋاستە كېلىش «ïn، in، un، ün، an، än، n» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدە سۆز ئارقا ياردەمچىسى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

**in:** tängri tü- türlüg hua chächäkin yirig yolugh itär yaratur ärdi…(MS)

**un:** altunun kümüshün ätip yaratïp ay(aghaylar) agharlaghaylar. (MS)

**ün:** köngülün turghurmaq ornatmaq ärsär, qltï at tözlüg nomlar alqugha atqanghuluq töz titir. (AY)

**ïn:** bu nomlugh ätöznüng awantïn tïltaghïn bilgülük körükin turghuluq orunïn tüshin utlïsïn, tayanghuluq bashlaqïn ärtingü alp saqïnghuluq,alp sözlägülük tip titir. (AY)

**än:** yana ymä singil küdägülärim kälinän tügüz küdägü, künäli chächäk qïz,bushï ädräm küdägü. (AY)

ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسى «ïn، in، un، ün» لار ئىگىلىك كېلىشىنىڭ 3- شەخس شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

**in:** tïnlghlar kösüshinchä öngi öngi adruq adruq kükäliglär üzä yaruqlugh körkdäshlärin orun orun sayu qodu yrlïqap, ol körkdäshläri üzä, (AY)

ۋاستە كېلىشىنىڭ 3- شەخس ئاساسىدا «ïn، in، un، ün، an، än» لار «n» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

yär + än (يېرىدىن)؛ aghïz + ïn (ئاغزىدىن)؛ boghuz + ïn (بوغۇزىدىن)، orun + ïn (ئورنىنى)؛ bolz + un (بولسۇن)؛ kälin + än (كېلىن، كېلىنلىرىم).

### 8) بېرىش كېلىش

بېرىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئاساسەن ئىش-ھەرىكەت قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئورۇن، ۋاقىت، سەۋەب، مەقسەت قاتارلىق تۈرغۇن مەنىلەرگە بۆلىنىدۇ. بېرىش كېلىش «gha، qa، gä، kä»، «a، ä»، «ïnga، ingä، na، nä» قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچىلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. «كىمگە، نېمىگە، نېمىدە» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە تولدۇرغۇچى ھەم ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

«gha، qa، gä، kä» قوشۇمچىلىرى سۆز يىلتىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىغا قاراپ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

kök qalïq + qa (كۆك ئاسمانغا)؛ öz + kä (ئۆزىگە)؛ köngül + kä (كۆڭلىگە)؛ ayagh + qa (ھۆرمەتكە)؛ yir tilgänin + gä (يەر چەمبىرىكىگە)؛ yüzin + gä (يۈزىگە)؛ alokachintamani + gha (ئالوكاچىنتامانىگە).

**qa:** chimbal atlgh yimiŞligdä atiŞdit üzä tuta yrlïqamiŞ chaytiqa yükünürmn. (AY)

**qa:** sidiligh alokachintamanigha tört mxaranchlarqa sïmtaghsïz äd tawar birtächi wayshirawaniqa shiryapatlïgh sariputiriqa birgärü yükünürmn. (AY)

**kä:** bu üchägü bir tüshtä yumqïn üntilär ilinchükä. (AY)

**kä:** bilikkä tayanmaqï üzä (mängü)titir. (AY)

«ïnga، ingä، na، nä» قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ

تەۋەلىك 3- شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

oghlan + ïnga (ئوغلانلىرىغا)؛ nom qapïgh + ïnga (نوم ئىشىكىگە)؛ öng + ingä (رەڭگىگە)؛ ärgülär + ingä (جايلىرىغا)؛ äbi + nä (ئۆيىگە).

**ingä:** baqshïmïz tngrilär kntü öz ärgüläringä kirtilär äzrua, (AY)

**ïnga:** on oruntaqï bodistwlarnïng tözlarinkä yïldïzlarïnga yarashï kösüntächi blgürtächi. (AY)

**ïnga:** bulïtsïz tüntäki tolu tägirmi arïgh süzük ay tngri kntü arïghïnga süzükingä nätäg tükällig räsär, (AY)

«a، ä» بۇ قوشۇمچىلار ئىسىمنىڭ تەۋەلىك 1-2- شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

bashi üz + ä (بېشى ئۈستىدە)؛ bir tamïsïmqi + a (بىر قىسمىنىلا)؛ yashim + a (يېشىمغا)؛ altunqï + a (ئالتۇندەك). azqïa (بىرئاز) arïghï üzä (پاكلىق)، birki + ä بىرلا قېتىم.

**a:** tangrim siz yäg yitinchsiz ädgülüg taluy ichintä bir tamïsïmqïa ülüshin. (AY)

**ä:** tangrim, küchkiäsi yitmishchä ädgülüg taluyunguznung tamy(a)shïmcha ülüshin ögä tägintim. (AY)

**ä:** tängridäm singäklig tüzün maytrining bashï üzä tägz-intürüp ordusïnta yorïr ärdi … (MS)

**ä:** arïghï üzä king ulugh adïnlar säwip körgülük ming kün tngri yruqï birgärü yrutu tururtäg. (AY)

### 9) ئورۇن- بەلگە كېلىش

ئورۇن- بەلگە كېلىش ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش دائىرىسى ياكى ساھەسىنى بىلدۈرىدۇ. ئورۇن- بەلگە كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «täki ، däki ، taqï» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن شەكىللىنىدۇ. ئورۇن- بەلگە كېلىشتىكى بۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدە «نەدىكى، قايەردىكى» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

**täki:** bulïtsïz tüntäki tolu tägirmi arïgh süzük ay tngri kntü arïghïnga süzükingä nätäg tükällig räsär, (AY)

**däki:** yashïntäg bulïttäg közdäki köktäg yulatäg bksizin yrpsizin körürlär. (AY)

**taqï:** yïlqi azunmïntaqï irinch yrlïq tïnlghlarqa mäng sachmaq…(AY)

### 10) ئوخشىتىش كېلىش

بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن خاراكتېر، شەكىل، ئالامەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى ياكى مەلۇم ئورتاقلىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوخشىتىش كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «täg, täk, däg» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. جۈملىدە «كىمدەك، نېمىدەك، قايەردەك» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچىنىڭ، ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ھەرىكەت ياكى سۈپەتنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

**täg:** taqï ymä qltï tültäg yilwitäg köwiktäg köligätäg salqïmtäg yashïntäg bulïttäg közdäki köktäg yulatäg bksizin yrpsizin körürlär. (AY)

**däg:** adaghï ud adaghïdäg, bälläri böri bälläridäg yaghrï kix yaghrïdäg, kögüzü adugh kögüzüdäg ärdi. (OGH)

**täk:** orunlugh bolghu köngülüg, wazirtäk bak qatïgh köngülüg, (AY)

### 11) تەڭلەشتۈرمە كېلىش

تەڭلەشتۈرمە كېلىش، بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان مىقدار ياكى دەرىجە جەھەتتىكى مەلۇم ئورتاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تەڭلەشتۈرمە كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «chä، chilik» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. جۈملىدە «نېمىچىلىك، كىمچىلىك، كىمچە، نېمىچە» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

**chä:** anï üchün burhanlar mängü turtachï,

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ärkinchä qïltachï,inch mängilig arïgh süsüg tip titirlär (AY)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىدە كېلىش قوشۇمچىسىدىن بىر نەچچە يۈرۈشى بولۇپ، جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن، مەلۇم بىر كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىش ئارقىلىق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ تەسۋىرى جەدۋىلى

| كېلىش | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | نۆل | Bars, altun, balïq, bäg, |
| ئىگىلىك كېلىش | ing, ïng, üng, ung, nang, näng, nung, nüng, nïng , ning , ïg , ik | qurtlarnïng, ishilärning, bädäninüng, qatunung yïghachungnung, kirtününg |
| چۈشۈم كېلىش | igh, ïgh, ugh, üg, agh,äg, ogh, ög, gh, g ,in, ïn,n, un, ün , nï, ni | tawarigh, qïzlarïn, ogukunguzni köngülüg, burhanagh, qïlïnchïmïznï |
| يۆنىلىش كېلىش | qa, kä, gha, gä , gharu, qaru, gärü, kärü, ra, rä, ru, rü | aghiliqqa, äwkä, tabghachgharu, ichgärü, birkärü, ädgügä, käshrä |
| چىقىش كېلىش | din tin, dïn, tïn, dun, tun , dün, tün, dan, tan, dän, tän | tämürtin, küntïn, közdän tashdin, qantan ,oghuzdan,öngtün, kündün, orundun, arïghlardïn |
| ئورۇن كېلىش | da,dä,ta,tä | balighta, iligtä,sangramda |
| ۋاسىتە كېلىش | an,än,un,ün,in,ïn | azhun, kälinän, chächäkin, aghïzïn, köngülün, |
| بېرىش كېلىش | gha, qa, gä, kä, ïnga, ingä, na, nä, a, ä , | qalïqqa, köngülkä, yüzingä, oghlaninga, qapïghinga, yashima, äbinä , altunqïa |
| ئورۇن بەلگە كېلىش | däki ,täki , taqï | Tüntäki, közdäki, oruntaqï |
| ئوخشاتما كېلىش | täk, täg,däg | chïbïqtäg, kögüzüdäg, qalïqtäk |
| تەڭلەشتۈرمە كېلىش | chä , chilik | Köngülinchä, |

بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ھېلىھەم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. يېقىندىن بۇيان نەشر قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت كىتاب ۋە دەرسلىك قوللانمىلاردا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى 8 كېلىشتىن تەركىب تاپقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئوخشاتما كېلىش، ئورۇن بەلگە كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش»لەر تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ماقالىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى 11

كېلىشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىدە، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «täk, täg,däg»، ئورۇن بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى «taqï , täki, däki»، تەگلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىلىرى «chilik، chä»نىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## ئىزاھلار

[1] «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت» (MS ) بەلگىسى بىلەن، «قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ئالتۇن-يارۇق» (AY) بەلگىسى بىلەن، «قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» (OGH) بەلگىسى بىلەن، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» (IKTH) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەندى.

## پايدىلانملار


1. ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى.
2. تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەترېھىم: «قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى.
3. تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998-يىلى 10-ئاي نەشرى.
4. مۇھەممەترېھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 8-ئاي نەشرى.
5. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى 9-ئاي نەشرى.
6. گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ : «قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى 11-ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com

33 ـ يىللىق 4 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 4 期
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 04_064_04(2012) 1005_5878

# لوپنۇر شېۋىسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە

مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

(قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى** : بۇ ماقالىدە لوپنۇر شېۋىسىدە ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئايرىم سۆزلەر بىلەن ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بىرقىسىم سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل ساقلىنىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەر ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلدۇ.

**摘要**: 本文列举了诸多实例阐述了罗布泊方言与被称为维吾尔族文化的丰硕成果《突厥语大词典》各别词汇的相近之处，这些词汇在当今维吾尔语中失传，但在罗布泊方言之中仍广为流传和使用，并剖析了罗布泊方言与《突厥语大词典》各别相近词汇流传今的原因。

**Abstract:** This thesis compares Lopnur dialect and particular vocabularies from the masterpiece “Compendium of the Turkic Dialects” with numerous examples, to point out the similarities between these two subjects. Besides, analyzes the reason which caused these vocabularies has been preserved and used in modern Uyghur language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

لوپنۇر تولىمۇ ئۆزگىچە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلىق، دېڭىز ـ ئوكياندىن ناھايىتى يىراق، ھەممە تەرىپى قۇم بىلەن قاپلانغان، دەريا، ئېقىن ۋە كۆللىرى يېتەرلىك؛ خاس تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىگە؛ مۇرەككەپ قىسمەتلىك، مول مەزمۇنلۇق ئۇزاق تارىخي كەچۈرمىشلەرنى ئۆتلۈق يۈرىكىدە ساقلاپ، ئەلمىساقتىن سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقان تەڭداشسىز جەلپكار ماكان. يەنى تارىم ئويمانلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن مەنداش لوپنۇر دالاسى (قەدىمدە مەشرىق بىلەن مەغرىبنى تۇتاشتۇرغان كارۋان يوللىرىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي تارماق يولى ئۆتۈشىدىغان مۇھىم رايون) «كونا لوپ»، «يېڭى لوپ» ۋە «چوڭ لوپ»، «كىچىك لوپ»لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەۋۋىلىدە لوپ، لوپ كۆلى، تارىم ۋادىسى، تارىم ئويمانلىقى، تەكلىماكان قاتارلىقلار جۇغراپىيەلىك بىر گەۋدە ئىدى. شۇڭا، «لوپ» سۆزىنى «كۆل» ئاتالمىسى بىلەن قوشۇپ چۈشەنسەك ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى، ھازىرقى لوپنۇر (لوپلۇقلار) نامى «جاڭگال، جاڭگاللىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز «لوپ»قا، موڭغۇلچە «كۆل» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نۇر» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن («لوپ + نۇر = لوپنۇر») ياسالغان.

مەزكۇر يېزىلمىنىڭ تېما دائىرىسى، ئۇنىڭدا دېمەكچى بولغانلىرىمدىن ھازىرقى لوپنۇر (لوپلۇقلار) نىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئېتنوگرافىيەسى ۋە تارىخي كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار ھەققىدە ئارتۇقچە توختىلىشىم ھاجەتسىز. چۈنكى، بۇ ھەقتە تارىخچى موللا مۇسا سايرامى، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف، لوپنۇرشۇناس مۆيدىن سايىت بوستان، ئېتنوگراف ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، دوكتور، ياش ئالىم ئەسەت سۇلايمان، ياش تەتقىقاتچى غالىپ بارات ئەرك، ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ مارك ئاۋرېل ستەين قاتارلىقلار سىستېمىلىق، كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مەن بۇ يەردە پەقەت لوپنۇر دىيالېكتى (شېۋىسى) قورغىنىنىڭ

---

* بۇ ماقالە 2012ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار (1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان) كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، نەشرىياتچىلىق ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بوسۇغىسىغا ئوڭۇشلۇق يۈزلىنىشلىش مەقسىتىدە لوپنۇر (لوپلۇقلار) نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى خۇسۇسىدا ئۇزۇندە قىستۇردۇم خالاس.

دېمىسمۇ لوپنۇر (لوپلۇقلار) دىيالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى (ئۈچ دىيالېكت) ئارا كۆلىمى ئەڭ كىچىك (لوپنۇر ناھىيەسى ۋە چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مەرەن يېزا تەۋەسى)، ئىشلىتىدىغان ئادىمى ئاز بىر دىيالېكت. لېكىن، لوپنۇر (لوپلۇقلار) نىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېتنىك تەركىبى، ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرى، بىرنەچچە يۈز يىل تەنھالىق (غېرىبلىق) تا ياشىشى، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق خاسلىقلىرى؛ ئۇزاق ئەسىردىن بۇيان ئۆگمەي، ئەبجەشلەشمەي، ئەسلىي رەڭگىنى ساقلاپ، بىر خىللا مۇھىتتا ئۆز پۈرىقى، ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئالاھىدە، ئۆزگىچە شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىشى ھەرخىل مەنىۋى ئارىلاشمىلىق، جۇملىدىن تىل بۇلغىنىشلىرىدىن ئاساسەن خالىي، قەدىمكى ئانا تىلىمىزغا بەكلا يېقىن، مۇستەقىل لوپنۇر (لوپلۇقلار) شېۋىسىنى ساقلاپ كەلگەن.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىقتىساد، سودا ـ سانائەت، ساياھەت، مائارىپ، قاتناش، پۇل - مۇئامىلە، تىل ـ يېزىقلىرى بىلىپ ـ بىلمەي يەر شارىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەبجەشلىشىۋاتقان، مەلۇم مەنىدە بۇلغىنىش بىلەن ئۆز يېشىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئوتتۇرىسىدا شەپقەتسىز، كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقان، ماكان ۋە زاماننىڭ قاتتىق تاللىشىغا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئۆتكۈر رىقابەتلىك دەۋردە لوپنۇر (لوپلۇقلار) لۇقلار ۋە لوپنۇر شېۋىسىدەك يارالمىش ھالىتىنى ئەينەن ساقلاش بەختىگە مۇشەررەپ بولۇش جاھاندا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. لوپنۇر شېۋىسىنىڭ بۇ خىل تەگداشسىز خاسلىقى بۈگۈنكى لوپنۇرلۇقلار (لوپلۇقلار) نىڭ ئەڭ ئوچۇق، توغرا، ساپ تىل ئىستېمالىدا ئەينەن ساقلىنىۋاتقان ئايرىم سۆزلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سەمەرىلىك ئۇزاق ئۆتمۈشى ۋە گۈزەل كەلگۈسىدە زىنھار كەم بولسا بولمايدىغان، بۈيۈك تىل قامۇسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئايرىم سۆزلەر بىلەن بولغان يېقىنلىق مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەزكۇر تېمىنى چىن پاكىتلار بىلەن دەلىللەش مۇددىئاسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان، ئەپسۇسكى ھازىر ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىمىزدا يوق (ئاللىبۇرۇن ئىستېمالدىن قالغان)، بەختىمىزگە يارىشا لوپنۇردا ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئايرىم سۆزلەردىن ئۆرنەك مىسال كۆرسىتىمەن:

ئىن - يىن، قويننىڭ يىنى تېكىست 49-بەت (تۆۋەندە بېرىلگەن رەقەملەرمۇ بەت سانىنى بىلدۈرىدۇ)

ئەتەك - ئېتەك (62)
ئاغىل - ئېغىل، قوتان (66)
ئاۋا - ئاتا، دادا (76)
ئۆرپەك - تۈكلىرى ھۈرپەيگەن (ئادەم ۋە ھايۋانغا قارىتىلغان) (88)
ئۇسسۇن - ئۇستۇن، يۇقىرى (92)
ئۆلتاڭ - تېگى، كېمىنىڭ تېگى (98)
ئۇجماق - جەننەت (100)
ئورغۇق - ئورغاق (101)
ئۇسەك - ئۇستەك، تۆپىلەپ بېرىش (101)
ئاراڭ - ئايران، قېتىق (102)
ئىسسە - ئىزدە (193)
گەملەندى - كېسەل بولدى (بۇ سۆز ھايۋانلارغىلا ئىشلىتىلىدۇ) (257)
بولۇشتۇ - يان بېسىشتى (287)
سۆكتۇ - سۆكۈش، تىللاش، ھاقارەتلەش (279)
سىرتىغ - خەۋەر، دېرەك، مەزمۇن، مەنە (353)
يىنچۇ - ئۈنچە (ئۇ ئۈنچە تىزدى) (409)
يىغاچ - ياغاچ؛ دەرەخ، دەل ـ دەرەخ (411)
ئوغۇش - ئۇرۇق، جەمەت، ئەجداد (464)
قارىشتى - قارشىلاشتى، قېرىشتى (474)
قاۋۇشتى - جەم بولدى، بىر بولدى (478)
سۇغۇلدى - پەسەيدى، ئازلىدى، ياندى (سۇ) 496
مانىلدى - چىلاشتى، مىلەندى (سۇغا) 506

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەۋىندى ـ باش قويدى، باش ئەگدى، تېۋىندى، بويسۇندى، خىزمەت قىلدى (507)

تەرۋىدى ـ تەۋرىدى، قىمىرلىدى (556)

ساقاق ـ ئېڭەك (625)

يارىشتى ـ بەسلەشتى، چېپىشتى، بەيگىگە چۈشتى... (751)

تۈپ ـ كۆتەكنىڭ تۈۋى، كۆتەك، تۈۋ، تەكىت، ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۈپى (779)

قايغىق ـ قېيىق (821)

تاۋا ـ تاپا، تاپا ـ تەنە (927)

سىڭەك ـ چىۋىن (961)

قالقىدى ـ لەيلىدى، سۇ يۈزىدە لەيلەش (971)

ياڭشاش ـ غۇدۇراش، بىلجىرلاش، چالۋاقاش، تىللاش، قارغاش (975)

سەڭدەش ـ يەڭگىش، بوشىنىش (988)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان كونا ـ يېڭى نۇسخىلىرىنى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ گۈل كۆرگەندەك ئارىلاپ كۆرۈش نەتىجىسىدە، دەسلەپكى قەدەمدە يۇقىرىقىدەك سۆزلەملەردىن 100 نەچچىنى چېلىقتۇرغان بولساقمۇ، تولۇق ئېھتىياج تۈپەيلى پەقەت 30 نەچچە سۆزنىلا تونۇشتۇردۇق. مۇشۇ خۇسۇستا بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. بۇنىڭدىن كېيىن، قىزىقىش، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشقا بەل باغلىغان دۇنيا جامائىتى، جۈملىدىن تىلداش ۋە دىلداشلارنىڭ خاس تېمىلار بويىچە تۈركۈملەپ كىتاب يېزىپ چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل. چۈنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۆز ھەقدارلىرىنىڭ قول سېلىپ تەتقىق قىلىشىنى ھېلىمۇ سۈكۈتتە كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تۈگىمەس خەزىنە. ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئارا سېلىنغان مەڭگۈلۈك ئالتۇن كۆۋرۈكى ـ ئوكيانۇس.

خوش، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر مۇقەددەم يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئايرىم سۆزلەر بىلەن ھازىرقى لوپنۇر شېۋىسىنىڭ بۇنچە يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل ساقلىيالىشىدىكى تۈپ سەۋەب زادى نېمە؟ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇپ بېقىشنى راۋا كۆردۈم.

بىرىنچى، لوپنۇر (لوپلۇقلار)نىڭ ناچار جۇغراپىيەلىك شارائىتى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەلمىساقتىن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە بېكىنىپ تەنھا ياشىغانلىقى، جاھان غوۋغالىرىدىن ھەر ۋاقىت مۇستەسنا قېلىپ، ئۆز دۇنياسىدا مۇستەقىل كۈن ئېلىشلىرى؛ ئوزۇقلۇق، مۇھىت، سۇ، ھاۋا ھەتتا روھىيەتتە يېشىللىققا قېنىپ ياشىشى، يىراق ـ يېقىن بىلەن ئاساسەن ئالاقە قىلماسلىقى، لوپنۇر سىرتىغا چىقىش ۋە سىرتتىن كىرىشنىڭ بولماسلىقى، ئۆرپ ـ ئادەت، سودا ـ تىجارەت، تىل، قاتناش قاتارلىقلاردا ئەبجەشلىك، بۇلغىنىشلاردىن ئاساسەن خالىي بولالىشى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى خاسلىقىنى ئاپىرىدە قىلغان.

ئىككىنچى، لوپنۇر (لوپلۇقلار) ئىسلام دىنىغا كېيىن كىرگەن. بۇ رايوندا ئىسلام دىنى تارقىلىشىنىڭ كېيىنرەك بولۇشى، ئىسلام قائىدە ـ شەرئىيلىرىنىڭ ئادا بولۇشىدا ئىزچىللىشالماسلىقى، دىنىي مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىقلار لوپنۇر دىيالېكتى (شېۋىسى) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنى ئەينەن ساقلاپ قېلىپ، تىل ئىستېمالىدا ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي ئىشلىتىلىشى ...... دۇنيادىكى باشقا تىللار، جۈملىدىن ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ كىرىش ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ تۇرۇشىغا ئالاھىدە مەدەت بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان 10 ـ ئەسىردىن (قەشقەر ـ ئاتۇشتا)، ئومۇملاشقان 16 ـ ئەسىرگىچە (كۇچا، تۇرپان، قومۇل، خوتەن) ئارىلىقتىكى 600 يىلدا ئەرەب ـ پارس تىللىرى (مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتلىرى)؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزى ۋە ئاساسلىق ئىككى دىيالېكتىغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە، ھەتتا ئايرىم ھاللاردا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن، سىڭىپ كىرگەن ـ يۇ، لوپنۇر دىيالېكتى (شېۋىسى)غا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، تەسىر كۆرسەتتى دېگەندىمۇ تولىمۇ ئاستا، ئاز، ئۈزۈك شەكىلدە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا ئىككى دىيالېكتقا قارىغاندا، لوپنۇر (لوپلۇقلار) دىيالېكتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

تەركىبلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قېلىش بىلەن بىرگە، لوپنۇر دىيالېكتى «ئەك ئوچۇق، توغرا» ۋە ساپ، ئۇنىڭدا ئەرەب ـ پارس تىل ـ سۆزلىرى ئىنتايىن ئاز. مەلۇم مەنىدە، بۇ ئۇنىۋېرسال ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئەك ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىر تىلنىلا بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان كىشلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشلەرنىڭ تىلى بۇزۇق بولىدۇ......» دېگەنلىرىگە ئوخشاش.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلىرىنى ئۆز تەركىبىدىكى دىيالېكت، جۈملىدىن ھەرقايسى شېۋىلەردىن (شەخسەن لوپنۇر دىيالېكتىدىن) سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە لوپنۇر شېۋىسىدەك قەدىمكى تىلىمىز كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان تىل قامۇسى ۋە تىل ئامبىرىدىن ئوزۇق ئېلىش ئارقىلىق تولۇقلاش، ئۆز تىلى ئاساسىدا يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇ ئىجاد قىلىش لازىم. بولۇپمۇ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا ـ ئىسىم ياساشتا، ئانا تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ياساش، تارىخىي يادىكارلىقلارغا، لوپنۇر شېۋىسىگە ئوخشاش ساپ شېۋىلەرگە كۆپرەك مۇراجەت قىلساق، مەسىلەن، «كۆز قارچۇق»، «چوشقا كۈچۈكى» دېگەنىنىڭ ئورنىغا «قاراق»، «نورۇشەن» دېسەك. ئىمكانىيەت تۇرۇقلۇق ھۇرۇنلۇق قىلىپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ، ھە دېگەندە باشقا تىللاردىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتىن ساقلانساق.

## پايدىلانمىلار


1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (I، II توم) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.
2. ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (3 — 1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.
3. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
4. مويدىن سايىت بوستان: «لوپنۇر ئەسلىملىرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.
5. مارك ئاۋرېل ستەين: «كىرورانغا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.
6. نىياز كېرىم، زىۋدە ساتتار: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 08 ـ 068 ـ 04(2012) 5878 ـ 1005

# سەنئەت ۋە سەنئەتكارنىڭ ساپاسى توغرىسىدا*

تۇرسۇنجان لېتىپ (ياركەندى)

(شنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 830043)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە نۆۋەتتىكى سەنئەت قىزغىنلىقى، سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، تۈرلىرى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ شۇنداقلا، سەنئەتكار ۋە سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى تەتقىق قىلىنىپ، ھازىرقى زامان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە كەسپىي ماھارىتى ھەققىدە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：** 本文中，通过研究和探讨我区目前的艺术热点，艺术的基本特点，种类，形成和发展过程，并论述艺术人才与艺术活动的相互关系。提出了现代艺术人才应具备的综合素质和技能要求。

**Abstract:** By analyzing recent popular art form, basic features of art, types of art, the formation and development process of art and the relationship between artists and artistic activities in Xinjiang Uyghur Autonomous Region, this thesis puts forward several requirements that modern artists should be qualified to enhance their comprehensive quality and professional skill.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J03 ماتېرىيال بەلگىسى: A

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇمار خەلق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، شۇنداقلا، بۇگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئىچىدىن تۈركۈملەپ سەنئەتكارلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقى ۋە ئاتاقلىق چولپانلىرىمىزنىڭ كۆپلۈككە تېخىمۇ گەپ سىغمايدۇ. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چاڭقاپ كەتكەن خەلقىمىز ئارىسىدا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۆتۈرۈلگەن سەنئەت قىزغىنلىقى ھەقىقەتەن مىللىتىمىز ئىچىدىكى سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار سانىنىڭ ئۆتكەن ھەرقانداق بىر دەۋردىكىدىنمۇ بەكرەك ئېشىشىغا سەۋەب بولدى دېيىشكە بولىدۇ. تەھلىل قىلىشىمچە، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى، يەنە بىرى سەنئەتنىڭ تاۋارلىشىشى.

تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىغا كەلسەك: بۇنىڭدىن بۇرۇن، پەقەت رادىيودىنلا سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ سىيماسىنى كۆرۈش قىيىن ئىدى. ئەنە دىلىكتە، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن چولپان ئەمەس بەلكى، بىر ـ ئىككى قېتىم سەھنىگە چىققانلارنىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت تونۇيدىغان بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىدا جەمئىيەتكە تونۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بىر خىل «نام ـ ئاتاق پىسخىكىسى» شەكىللىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىش بىلەن بارچە ئادەم سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سەھنىگە ئىنتىلىدىغان ھالەت مەيدانغا كېلىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە باشقا كەسپلەرگە قىزىقىدىغانلار نىسپىي ھالدا ئازايدى ۋە ھەتتا سەنئەت ساھەسىدە ئەمەلىي ماھارەتكىلا بېرىلىپ، كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇمايدىغان، نەزەرىيە ئۆگىنىشتىن بېشى ئاغرىيدىغان سەنئەتكارلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

سەنئەتنىڭ تاۋارلىشىشى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن بۇرۇن، مەملىكىتىمىزدە سەنئەت بىرخىل تەشۋىقات ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش چەكلىنەتتى. ئىسلاھات ـ

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇنجان لېتىپ ( 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، مۇزىكا نەزەرىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېچىۋېتىشتىن كېيىن سەنئەتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماستىن بەلكى، بىر سەكرەپلا يۇقىرى كىرىملىك ساھەگە ئايلانغاچقا، ھەممەيلەن سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىزىقىدىغان، قىزغىن چاۋاكلارغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ «كۆڭۈللۈك پۇل تېپىش پىسخىكىسى» شەكىللەندى، نەزەرىيە تەپەككۇرىغا يۈرۈش قىلىدىغانلار ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. مانا بۇ، سەنئىتىمىز ۋەخەلقىمىزنى نادانلىققا باشلايدىغان خەتەرلىك ئەھۋال.

شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئەمەلىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپلا قالماستىن ، مۇكەممەل كەسپىي ئىلمىي نەزەرىيەلەرنىمۇ پۇختا ئۆگىنىشى، خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىلىم-پەن ساھەلىرى بىلەن كەڭرى شۇغۇللىنىشىنى تەكىتلەش ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، بىر مۇكەممەل سەنئەتچى بولۇش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا سەنئەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇنداقلا سەنئەت ئىلمى ۋە نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى بىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز كەسپىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

تۆۋەندە مەن ھەۋەسكارلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن، سەنئەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بارلىققا كېلىش جەريانلىرى ھەمدە سەنئەتكارنىڭ ساپاسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. سەنئەت دېگەن نېمە؟

سەنئەت، ئىنسانلارغا خاس بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشىمىزغا خىلمۇخىل تۈس بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. سەنئەتتىن ئايرىلغان ئىنسان تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، بىرقىسىم كىشىلەر «سەنئەت دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن تېخىچە مۇكەممەل كۆز قاراشقا ئىگە ئەمەس. خېلى كۆپ ساندىكىلەر پەقەت ناخشا-ئۇسسۇلنىلا سەنئەت دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا، سەنئەت توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

سەنئەت — ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ئىدېئولوگىيەسى بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارغا خاس بولغان، ئىنسانىيەتكە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى سەنئەتچىلەر شۇغۇللىنىۋاتقان خىلمۇخىل سەنئەت كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەنئەت ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، ئارخىتېكتورا، كەشتە-نەقىش، ئويمىچىلىق، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت، تىياتىر، كىنو، سىرك، سېھىرگەرلىك، كونسېرت قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇلار، تۈرلۈك ۋاسىتىگە ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئاجايىپ رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە.

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى بولۇپ، ئۇ، تىلنى بەدىئىي ۋاسىتە قىلىپ ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى، ئېڭىنى تەربىيەلەش جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

مۇزىكا — ئاۋاز سەنئىتى شۇنداقلا ئاڭلاش سەنئىتى بولۇپ، «دۇنياۋى ئورتاق تىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش رولىغا ئىگە بولغاچقا، ھېسسىيات سەنئىتى تەركىبىگە ئايرىلىپ ئورۇنداش سەنئىتى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ، ۋاقىت خاراكتېرىگە ئىگە سەنئەت تۈرى بولۇپ، ھەرخىل يېقىملىق ۋە ئالاھىدە قانۇنىيەتلىك ئاۋاز ( ئاھاڭ) لارنىڭ مۇۋاپىق ئۇسلۇب بىلەن تەشكىللىنىشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئابستراكت ئوبرازلارنى تىكلەپ، خىلمۇخىل ئىدىيەۋى ھېسسىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەنئەت تۈرىدۇر.

ئۇسسۇل — ھەرىكەت سەنئىتى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلار بەدىنىنىڭ مەقسەتلىك ھالىدىكى بارلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى ھەمدە غەم-قايغۇسى ۋە شاد-خۇراملىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تەسۋىرىي سەنئەت (رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىقلار) ـ كۆرۈش سەنئىتى بولۇپ ئۇ، قەغەز، رەخت ۋە باشقا ماتېرىياللار ئۈستىدە ھەر خىل شەكىللەر ۋە رەڭگىلارەڭ بوياقلار ئارقىلىق تۈرلۈك تەسۋىرلەرنى يارىتىپ، شۇنداقلا، تاش، تۇپراق، مېتال، ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئويۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىدۇ. بۇ سەنئەت تۈرىنىڭ ئاتالغۇسى دەسلەپتىلا مەناسى بويىچە ئەمەس بەلكى خەنزۇچە خەت بويىچە ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغاچقا، كىشىلەر تا ھازىرغىچە خاتا ھالدا «گۈزەل سەنئەت» دەپ ئاتاپ كېلىشمەكتە. بۇ بىر لوگىكىلىق خاتالىق. چۈنكى، دۇنيادىكى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىچىدە گۈزەل ۋە سەت سەنئەت دەپ ئايرىلمايدۇ.

بىناكارلىق ـ ئىستېمال سەنئىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ تاش، تۇپراق، خىش، مېتال، ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەم شەكىللىرىنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن باشقا سەنئەت تۈرلىرىمۇ ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل ۋاستە ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل سەنئەت تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، سەنئەت ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ئىجتىمائىي ئاڭغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىم ئېستېتىك ئامىلدۇر.

## 2. سەنئەت پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى

سەنئەت پائالىيىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى. ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن بارلىققا كەلگەن ھەمدە باشقا ئىنسان پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرگە ئىگە. سەنئەت پائالىيىتى بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق رېئال دۇنياغا بولغان تونۇشىمىز، چۈشەنچىمىز ۋە ھېسسىياتىمىزنى كۈچەيتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت دۇنيانى ۋە ئۆزىنى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەنىۋى ئەركىنلىك، مۇكەممەل نىشان ۋە غايىگە ئىگە بولىدۇ. سەنئەت پائالىيىتى ئادەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيا، سەنئەت ئىجادىيىتى، سەنئەت ئەسىرى ۋە سەنئەتنىڭ تارقىتىلىشى قاتارلىق تۆت مۇھىم ئامىل ۋە ھالقىدىن شەكىللىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ماركس مۇنداق بىر فورمۇلانى ئوتتۇرىغا قويغان: «سەنئەت پائالىيىتى ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، سەنئەت مەھسۇلاتى، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش جەريانىدۇر. شۇنداقلا ئۇ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى، سەنئەت مەھسۇلاتى، سەنئەت ئىستېمالىنىڭ جەريانى ھېسابلىنىدۇ». مانا بۇ قاراش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەنمەكتە.

سەنئەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە ھادىسە. ئۇنىڭ تارىخى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن ئۇزۇن. ئەڭ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ سەنئەت پائالىيىتى زادى قانداق پەيدا بولغان؟ بۇ توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بەزى يازما خاتىرىلەر ۋە يالدامىلارغا ئاساسەن قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئىزلىرى ۋە مەنبەلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. سەنئەتنىڭ مەنبەسى ۋە شەكىللىنىشى سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى، ئىنسانلاردا يېزىق مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ كىشىلەر سەنئەتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدە ناھايىتى كۆپ ئىزدەندى. ھەتتا بۇ ھەقتە قاتتىق تالاش-تارتىشلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بىر قەدەر بۇرۇنراق بولغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئىلمىي تەتقىقات، گىرۇسسېنىڭ (Grosse) «سەنئەتنىڭ مەنبەسى»

دېگەن كىتابى بولۇپ، كېيىنچە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە كىتاب يېزىلغان بولسىمۇ بىراق، ھازىرغىچە كۆپ سانلىق كىشى قوبۇل قىلالىغۇدەك بىرەر خۇلاسىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ، تەتقىقات تا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

قەدىمكى زامان سەنئىتى ئىپتىدائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەۋجۇت بولغان. شۇڭا سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. ئۇ مەزگىللەردە سەنئەت ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى (دىنىي پائالىيەتلەر) ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى، جەمئىيەت ئەمەلىيىتى قاتارلىقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى جەريانىدا، سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى تەدرىجىي ئاساستا مۇستەقىللىققا ئىگە بولغاندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ باشقا مەنىۋى پائالىيەتلىرى بىلەن چېگراسى روشەن ئايرىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما خاتىرىسى بولغان «نەسىرنامە» دە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئوۋچىلىق ۋە ئۆڭكۈر مەدەنىيىتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىنسانلارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەنگەن :

ئۇرۇپ چاق-چۇق تاشنى تاشقا،
مۇڭگۇز كۇلاھ كىيىپ باشقا.
تېپىچەكلىشىپ ئۇينار ئۇسسۇل،
ئۆڭكۈر توشار ھوۋ-ھوۋلاشقا.

قەدىمكى زامان ئادەملىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن بۇ بىر كۇبلېت شېئىردىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چالغۇ ئەسۋاب، كىيىم-كېچەك، ئۇسسۇل ۋە ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىپتىدائىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇزىكىلىق پائالىيەت ئىنسانلار تەرىپىدىن تىلدىنمۇ بۇرۇن پەيدا بولغان ئەڭ بۇرۇنقى سەنئەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىكى ئاچلىق يوسۇندا ئىجاد ئەتكەن بەلگىلىك ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولغان مەنىۋى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسپانىيەلىك ئاقسۆڭەك مارسىللىنو (Marseilleno) بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاشتا تاسادىپەن ھالدا بىر ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىنى بايقىغان. بۇ، دۇنياغا مەشھۇر «ئالتامىرا ئۆڭكۈر سەنئىتى» بولۇپ، بۇ ئۆڭكۈر سەنئىتى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇز مىڭ يىلدىن ئون مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سىزىلغان تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل رەسىم ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسى ۋە بوياقلار جەھەتتە ئالاھىدە ئۇسلۇب يارىتىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان سەنئەتكارلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھەتتا ھازىرغىچە بەزىلەر بۇ ئەسەرلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ «ئەڭ بۇرۇنقى رەسىم سەنئىتى» دەپ ئاتالدى.

## 3. سەنئەت نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە بولغان تونۇشىمۇ تەدرىجىي شەكىللىنىپ بارغان. پەقەت 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق سەنئەتشۇناس كانراد. فېدېرىل (Conrad.Federil,1841-1895) تۇنجى قېتىم «سەنئەتشۇناسلىق ئىلمى» نى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۆپىنچە كىشىلەر بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان «ئېستېتىكا» ئىلمىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. ھەمدە گەرچە بۇ ئىككى پەن بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كىرىشمە پەنلەر بولسىمۇ بىراق، بۇلار ئارىسىدا يەنىلا ئالاھىدە پەرق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ «سەنئەتشۇناسلىق ئىلمى» تەدرىجىي مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگەن، كانرادمۇ «سەنئەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ پېشۋاسى» دەپ نام ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۇڭگونىڭ سەنئەتشۇناسلىق ئىلمى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بىر قەدەر كېيىنرەك بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرى ياپونىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىدا زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بىر نەچچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، نەتىجىلەرمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. بىراق كەسپلەشكەن سەنئەت تەتقىقاتى كۆپرەك، ئومۇملاشقان سەنئەت تەتقىقاتى ئازراق بولدى. شۇنداقلا غەربنىڭ تەرجىمە قىلىنغان نەزەرىيەلىرى كۆپرەك، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن قېزىۋېلىنغانلىرى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تەتقىقاتلار ئىنتايىن ئاز بولدى.

«سەنئەتشۇناسلىق ئىلمى» دائىرىسى كەڭ بولغان ئىلىم بولۇپ، ئۇ «سەنئەت نەزەرىيەسى»، «سەنئەت تەنقىدى»، «سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. ھازىرقى زامان سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتى يەنە «سەنئەت پسىخولوگىيەسى»، «سەنئەت سوتسىيولوگىيەسى»، «سەنئەت تارقىتىش ئىلمى»، «سەنئەت پەلسەپەسى»، «سەنئەت باشقۇرۇش ئىلمى» قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇلار، سەنئەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلما سىستېمىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «سەنئەت نەزەرىيەسى»نى ئەڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ئىلىم دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 4. سەنئەت تەرەققىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئىقتىساد يۈكسەلسە ئەلۋەتتە سەنئەتنىڭمۇ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، سەنئەتنى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شانلىق تارىخى، يۈكسەك مەدەنىيەت بايلىقى ۋە مول مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيسىز.

سەنئەت ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل قانۇنىيەت بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھەرىكەت پرىنسىپى. ئۇ، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي يۆزلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ھەرخىل ئامىللار ئىچىدە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش بىر جۈپ ئەڭ مۇھىم كاتېگورىيە ۋە ئاساسىي قانۇنىيەتتۇر.

سەنئەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتە ۋارىسلىق قىلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىنىش ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق قارىشىنىڭ داۋاملىشىشى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر دەۋردىكى سەنئەت ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋردىكى سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى شەرتتۇر. كېيىنكى دەۋردىكى سەنئەتنىڭ پېشانىسىگە ئالدىنقى دەۋردىكى سەنئەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تامغا بېسىلغان.

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى، ئىدىيەسى، ھېسسىياتى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىلەر بەزىدە ھازىرقى رېئال تۇرمۇشقا ماسلاشماي قالىدۇ. شۇڭا، يېڭى قانۇنىيەت ۋە ئۇسۇلۇبلار ئۈزلۈكسىز ھالدا بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت ئىزدىنىدىغان مەنىۋى ئەركىنلىك يولىدا سەنئەت ھەرگىزمۇ ئالدىنقىلارنىڭ نەتىجىسى ئۈستىدە توختاپ قالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ، يېڭى دەۋرگە ماسلاشقان ھالدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ تۇرىدۇ. ناۋادا بىز، ئالدىنقىلار ياراتقان ئۆلچەم ۋە رامكىلار بويىچىلا ئىش قىلساق، بۇ پەقەت كۆچۈرمىچىلىكتىنلا ئىبارەت بولۇپ، تەرەققىيات ۋە دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ چاغدا سەنئەت ئۆزىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قىممىتىنى يوقىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېڭىلىق يارىتىشىمىز تېخىمۇ مۇھىم. بىز تەشەببۇس قىلغان «بۇرۇنقىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ،

كېيىنكىسىگە يول ئېچىش» تىكى مەقسەت پەقەت، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن تېخىمۇ يېڭى كەلگۈسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

## 5. سەنئەتكارنىڭ ساپاسى

سەنئەتكار دېگىنىمىز، مەخسۇس سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى. ئۇلار سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. سەنئەتكار ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىكىلىق زوقلىنىش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىغۇچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ھەمدە ئېستېتىكىلىق زوققا ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى. ئۇلار مۇستەقىل خۇسۇسىيەتكە ۋە مول ھېسسىياتقا ئىگە بولغان، مەخسۇس سەنئەت تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن ئېستېتىكىلىق زوقلىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەردۇر. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى ۋە ئېستېتىكىلىق زوقلىنىش ئېھتىياجىنى قامدىغۇچىلاردۇر.

ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھازىرقىدەك ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغان سەنئەتكارلار مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ زور تەرەققىياتى نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كېلىپ، ئاز بىر قىسىم ياخشى تەربىيە كۆرگەن، تېخنىكىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كىشىلەر سەنئەت پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. مانا بۇلار دۇنيادا ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا چىققان سەنئەتكارلار ھېسابلىنىدۇ (ئەلۋەتتە ئۇلار مەخسۇس كەسپىي سەنئەتكارلارمۇ ئەمەس).

سەنئەتكارلارنىڭ سالاھىيىتى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سەنئەتكارلار يەنىلا ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەسپلەشمىگەن. بىراق ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ تەدرىجىي ھالدا مەخسۇس كەسپكە ئايلىنىپ، سەنئەتكارلارمۇ مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر توپىغا ئايلاندى. نەتىجىدە ئۇلار ئىشتىن سىرتقى سەنئەتكارلىقتىن تەدرىجىي ئاساستا كەسپىي سەنئەتكارلارغا ئايلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇستەقىل سەنئەتكارلاردىن بولۇپ قالدى.

ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىكىلىق زوق ئېھتىياجى تەبىئىي نەرسە بولۇپ، ئوخشاشلا سەنئەتكارلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇقەررەردۇر. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىرى بار بولۇپ، بۇلارغا ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. دۇنيادا، ئۆزىنىڭ خاس سەنئىتى بولمىغان مىللەت مۇكەممەل مىللەت ھېسابلانمايدۇ. گەرچە ئەڭ كەمبەغەل، ئەڭ قالاق مىللەت بولغاندىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سەنئەت پائالىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىرى بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېھتىياجى كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، سەنئەتكارلارمۇ بەلگىلىك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولىدۇ ھەمدە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. سەنئەتكار ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ۋە ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. شۇنداقلا، ھەممىلا كىشى سەنئەتكار بولالمايدۇ. سەنئەتكار ئاددىي ئادەم بولۇش بىلەن بىرگە بەلگىلىك سەنئەت تەربىيەسىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە تالانتلىق ئادەمدۇر. شۇڭا ئۇلار تۆۋەندىكى ساپالارغا ئىگە بولۇشى كېرەك:

**1) ئىلغار دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىكىلىق يۈزلىنىش قارىشى بولۇش**

سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بەدىئىي زوق ۋە مەزمۇن ئەمەلىيەتتە سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىكىلىق يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا،

www.uyghurkitap.com



ھەقىقىي سەنئەتكارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىلغار دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىكىلىق يۈزلىنىشكە ئىگە بولغان ھەمدە سەنئەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە كىشىلەردۇر. ھەقىقىي سەنئەتكارلار سەنئەتنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى ياكى نام چىقىرىشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارىماي، بەلكى ئۆمۈرلۈك خىزمىتى ۋە ئارزۇسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلايدۇ ھەمدە ئۆز كەسپى ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتتىن يانمايدۇ ھەمدە چەككەن جاپالىرى راھەت بىلىنىدۇ. ھەقىقىي سەنئەتكارلار ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ھامان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ۋە ئۆز كەسپىگە بولغان چوڭقۇر مېھر-مۇھەببەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. قولىنىڭ ئۈچىدا ئىشلەش، ئەپلەپ- سەپلەپ جان بېقىشنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلىدۇ.

## 2 ) كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇش

ھەقىقىي سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك بىلىم ۋە مۇۋاپىق بىلىم قاتلىمىغا ئىگە بولۇش كېرەك. شۇنداقلا، باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ھەمدە ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكار: بىرىنچىدىن، چوقۇم تەبىئىي پەنلەردە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە فىلولوگىيە ئىلمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئۈچىنچىدىن، ئىمكان بار سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن مول بىلىمگە ئىگە بولۇشى، تۆتىنچىدىن، يەنە كەڭرى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 3) ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە بولۇش

بۈيۈك سەنئەتكارلار ئادەتتە، ئىلغار ئىدىيەلەرگە ئىگە مۇتەپەككۇرلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. مانا بۇلار ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ تەربىيەلىنىشىنىڭ يادروسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى تۈپەيلى ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ ساقلىنىدۇ.

## 4) مول ھېسسىياتقا ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولۇش

سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل ئالاھىدە بولغان مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتۇر. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، سەنئەتكارنىڭ كۈچلۈك سۇبيېكتىپ ئامىللىرىنى سەنئەت ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. سەنئەتكارلار كۆپىنچە ھېسسىياتقا باي بولىدۇ. ھېسسىيات سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جېنى. شۇڭا، سەنئەت ئىجادىيىتىنى بىز بىر خىل ھەقىقىي ھېسسىي تەپەككۇرغا ئىگە ئىجادىيەت دەپ ھېسابلايمىز.

## 5 ) ئۆتكۈر سەزگۈ قابىلىيىتى بولۇش

ئۆتكۈر سەزگۈ قابىلىيىتى ــ سەنئەتكارنىڭ مۇھىم ساپاسى. بۇ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. سەنئەتكار چوقۇم ئالاھىدە بولغان سەزگۈرلۈك، كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ خىل قابىلىيەتلەر ئادەتتىكى تۇرمۇشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش قابىلىيىتى بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئارىلىقىدا شەيئىلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى دەرھال بايقاش قابىلىيىتىدۇر. دېمەك، سەنئەتكار مۇشۇ خىل كۆزىتىش قابىلىيىتىگە، ئېستېتىكىلىق تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن گۈزەل ئىجادىيەت رامكىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنى تەدرىجىي پىششىقلاپ ئىشلەپ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

## 6) مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولۇش

بۇ سەنئەتكارنىڭ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ھېسسىيات، ئىدىيە، قەلب، ئارمان ۋە ئىرادە قاتارلىق ئامىللىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكار چوقۇم ئادەتتىكى كىشىلەردىن يۇقىرى ئۆتكۈر سەزگۈرلۈككە، مول تەسەۋۋۇرغا ۋە بەدىئىي تەپەككۇر كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 7) يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى ۋە تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇش

سەنئەتكار مەيلى قايسى خىل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە چوقۇم مۇكەممەل كەسپىي تېخنىكىسى ھەم شۇ سەنئەت تۈرىنىڭ ئېستېتىكىسى، ئىلمىي نەزەرىيەسى ۋە ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنداق بىر مۇھىم قانۇنىيەتنى ھېس قىلىمىزكى، خالىغانلا كىشىنىڭ لاياقەتلىك سەنئەتكار بولالىشى ناتايىن. بولۇپمۇ، بۈگۈنكى دەۋردە ئاز-تولا ياكى بىر تەرەپلىمە كەسپىي ماھارەت ئىگىلەپلا ئۆزىنى سەنئەتكار ھېسابلاش ئەخمەقلىقتۇر. شۇڭا، ھەقىقىي بىلىملىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. جۇ شىڭ : «سەنئەت نەزەرىيەسى»، بېيجىڭ پوچتا-تېلېگراف ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. تۇرسۇنجان لېتىپ : «مۇزىكا ئاساسىي نەزەرىيەسى»، مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. تۇرسۇنجان لېتىپ: «سەنئەت نەزەرىيەسى» (ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇرچە دەرسلىكى)، 2005 -يىلى ئاپرېل باسمىسى.
4. ۋاڭ چاڭ، جىن جياڭ : «سەنئەت نەزەرىيەسى»، ھازىرقى زامان نەشرىياتى، 2000- يىلى خەنزۇچە نەشرى.
5. بەي سۇڭ: «كەشپىياتلار قامۇسى»، شەنشى ساياھەت نەشرىياتى، 1995-يىلى خەنزۇچە نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

第 33 卷第 4 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　33 ـ يىللىق 4 ـ سان
2012 年 12 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 07_076_04(2012)5878_1005

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى توغرىسىدا*

لەيلىگۈل قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ جەريانى، كېلىپ چىقىشى، قائىدىلىرى، ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇنى، تەرەققىيات جەريانى، ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئوينىلىش شەكلى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەردىكى ئوينىلىش شەكلى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**摘要:** 叼羊是许多突厥语民族的最古老的民间体育活动之一。可以说叼羊是突厥语民族的一种传统马上游戏，是一种骑术、力量和勇敢的较量。所以研究这个历史悠久的活动的历史和现在的情况具有重大的意义。本文主要阐述什么是叼羊游戏,游戏的来源，叼羊规矩，场所，它的历史情况，发展过程，现在的状况和未来的发展趋势,最后讲述叼羊游戏的意义。

**Abstract:** The game called "Scrambling for a Sheep" is one of the oldest folk sport activities in many Turks. The game can be described as the competition of horsemanship, strength and braveness of Turks. Thus, it has a huge significance to study the history and current situation of this game. By studying the definition, origin, basic rule, place, the history and development process of this game, this thesis puts forward the current statue, development tendency and significance of this game.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G89　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئوغلاق تارتىشىش كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئوغلاق تارتىشىشنى قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى ئويۇنى، كۈچ ۋە باتۇرلۇقنى سىنايدىغان مەيدانى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى. شۇ ۋەجىدىن تارىخى ئۇزۇن بۇ پائالىيەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 1. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئات

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئات مىنىش ۋە چەۋەندازلىقتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالدىدا ماڭغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلارغا ئانا ماكان بولغان ئۇپۇقلىرى كۆرۈنمەس بوز قىرلار، كۆكلەرنى تىرەپ تۇرغان مەبۇد تاغلار، ھايات كارۋانلىرىغا باشپاناھ بولغان ئاجايىپ كەچمىشلەر ساھىبى ۋە جاھان مەدەنىيەت ھالقىلىرى، جەننەت مىسال بوستانلىقلار، خىسلەتلەرگە باي ئانا دەريا قىرغاقلىرى، قەدىمكى بالىق-قەسەبىلەر دەل ئۇلارنىڭ دۇلدۇللىرىنىڭ كىشنەشلىرى، تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان بىلەن ئاۋاتلاشقان ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان مەنىۋى دۇنيانى ئاۋۇندۇرغان. ئات ئاجايىپ ھېكمەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ تارىخىنى نۇرلاندۇردى. ئۇلارنىڭ كەچمىش ئۇپۇقلىرىنى يېقىنلاشتۇردى، ئۇلارغا پۈتمەس ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇلارنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە كېڭەيتىپ، دۈشمەنلىرىنى زار يىغلاتتى. شۇڭا مۆھتەرەم

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: لەيلىگۈل قۇربان (1987-يىلى 5- ئايدا تۇغۇلغان) ماگىستىرانت، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «قۇش قاناتى ئەر ئاتى» دېگەن سۆزنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ ھېكمەتنى مۇنداق شەرھلىگەن: «خۇددى قۇش ئۆز غايىسىگە قانىتى بىلەن يەتكىنىدەك، ئىنسانمۇ غايىسىگە ئېتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېرىشەر»...[1]

ئوتتۇرا ئاسىيا بوز قىرلىرى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن زامانىمىزغىچە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ئات يېتىشتۈرىدىغان بۆلگىلىرى بولۇپ كەلدى. ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، چەۋاندازلىق، ئات ھارۋىسى، ئات جابدۇقلىرى، ئات ئەقىدىلىرى... ئىشقىلىپ ئاتقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مەيدانغا كەلدى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، قوشۇمچە ئوۋچىلىق ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دېھقانچىلىق، سودا-سېتىق ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى ئاتا قىلدى. بۇ ھال تىل-ئەدەبىيات ، سەنئەت، ئېتىقاد ۋە ماددىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئۆزىنىڭ مەنىۋى تامغىسىنى ئۇرۇپ ئۆتتى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى تولۇق تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئات مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئېتىكىدىكى كەڭرى كەتكەن زېمىندا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساسىي تۇرمۇش شەكلى قىلغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دۇنياغا مەشھۇر «يايلاق مەدەنىيىتى» ۋە «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نىڭ ياراتقۇچىلىرىدۇر. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان، ئاتنى ۋاستە قىلغان ھالدا يىپەك يولىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە ياپون تارىخشۇناسى جاڭشاڭبۇ «ئاتلىق مىللەتلەر ھاكىمىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتنى ۋاستە قىلىپ بۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئاساسىي غولىنى تەشكىل قىلغان»[2] دەپ يازىدۇ.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇر خەلقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا ئاتنىڭ تېز يۈگۈرىدىغان كۈچلۈك، چەبدەس، باتۇرلۇقنى بايقىغان ھەمدە ئۇنى كۆندۈرۈپ مۇھىم جەڭ قورالى، قاتناش ۋاستىسى قىلغان ۋە پوچتا ئالاقىسىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىپ كەلگەن. ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا ئاجايىپ زور بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە گۈللىنىش ئاتا قىلىپلا قالماي، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈشى، يىراققا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۆل مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، شەھەر-قىشلاق مەدەنىيىتى، غار مەدەنىيىتى قاتارلىقلار باشتىن-ئاخىر ئاتتىن مۇستەسنا گۈللەنگەن ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ياراتقان فولكلورى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى تاش پۈتۈكلەرگە قارايدىغان بولساق باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ئات ئوبرازىسىز يارىتىلغان ئەمەس.

## 2. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ تارىخى

ئاتقا مىنىش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا زور يۈكسىلىش كۆرۈلدى. كېيىنچە، ئىنسانلار ئاتتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى ھەم ھەربىي ئىشلاردا ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن كېيىن، ئات بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. ئوغلاق تارتىشىش، بەيگە، چەۋگەن ئويۇنى(ئاتلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل توپ ئويۇنى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئات بىلەن باغلىق بولغان تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى — ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئورتاق بولغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق دەۋرىنىڭ شاھىدى بولغان چەۋەنداز تۈركىي تىللىق مىللەتلەر يىگىتلىرىنىڭ قورقۇمسىز، تەلۋىلىك، جاسارەت، ئەقىل ۋە تەۋەككۈلچىلىكىنى سىنايدىغان، باتۇرلارنى تاللايدىغان ھەم تاۋلايدىغان، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، قەيسەرلىك ۋە چەبدەسلىك تەلەپ قىلىدىغان، ئاتنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، چېۋەرلىكى، ئات مىنىش تېخنىكىسى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىلىدىغان جەددىي مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان ئات ئۈستى ئويۇنىدىن ئىبارەت. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بۇ ھەرىكەت تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېيت-بايرام ۋە خۇشاللىق يىغىلىشلاردا، توي-تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

بۇ خىل ھەرىكەت تۈرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا «تۈرك قامۇسى» دا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «تۈركىي قەۋملاردا تەنتەربىيە ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا كۆچمەن قەبىلە ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان زامانلاردىن ھېسابلىغاندا ئۇزۇن تارىخقا ئىگىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياۋايى پادىلار ھالىتىدە ياشاۋاتقان ئاتنى تونۇغان ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن تۈركىي قەۋملار ئۇنى يالغۇز بىر جەڭ ۋاستىسى قىلىپلا قالماستىن، تىنچ ۋاقىتلاردىمۇ ئات ئۈستىدە تۈرلۈك تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئويناپتتى ۋە ئات بەيگىلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار، كۆك بۆرە، بەيگە ئويۇنلىرى تۈركىي قەۋملارنىڭ ئات ئۈستىدە ئورۇندىلىدىغان ئەڭ قەدىمىي تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ». دېمەك، ئوغلاق تارتىشىش ۋە بەيگە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە خاس بولغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئات ئۈستى تەنھەرىكىتىدۇر.[3]

پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي» دېگەن كىتابىدىمۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىمۇ ئۆگەنگەنلىكى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. يەنە، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە دىققەت قىلساق، «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» دا ئىشلىتىلىدىغان ئوغلاقنى قازاق، قىرغىزلار «كۆك بۆرە» دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇشۇنداق ئاتاشتىن قارىغاندا بۇنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى «كۆك بۆرە» توتېمىدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا ۋە تەرەققىيات جەريانىغا باشتىن-ئاخىر بۆرە توتېمىنىڭ كۆلەڭگىسى يوشۇرۇنغان. بۇ ئارقىلىق شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئاتنى قولغا كۆندۈرگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئېنىق.

## 3. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى

چەۋەنداز. ئوغلاق تارتىششقا قاتنىشىدىغان چەۋەندازلار كۆپىنچە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇلار ئادەتتە كۈچلۈك، قورقۇمسىز، باتۇر، تەۋەككۈلچى كېلىدۇ. تۈركىي مىللەتلەر ئەزەلدىن قورقماس ھەم ئات مىنىشكە ماھىر بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوغلاق تارتىششقا قاتنىشىدىغانلار ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. ياشانغانلار، باللار ۋە ئاياللاردىن باشقا ھەممە كىشى دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. ياشانغانلار ۋە باللار بولسا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنى كۆرىدۇ، بەزىدە ئاياللارمۇ كۆرىدۇ.

تارتىشىدىغان ئوغلاق. ئوغلاق تارتىشىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئاتاپ قويۇلغان ئوغلاق (ياكى موزاي) نى سويۇپ، باش ۋە پاقالچاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچەيىنى بوغۇپ قويىدۇ. بەزىدە ئىچ-قارنى ئېلىپ تاشلىنىپ، سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئوغلاقنىڭ ئېغىرلىقى ئاشىدۇ ھەمدە ئېلاستىكلىققا ئىگە بولۇپ، تارتىشقاندا ئاسان چۇۋۇلۇپ كەتمەيدۇ. يەنە بەزىدە ئوغلاقنىڭ ئىچ-قارنى ئېلىۋېتىلىپ، تېرىسى سويۇلمايلا يەنە يىپ بىلەن چىڭ تىكىۋېتىلىدۇ. تارتىشىلىدىغان ئوغلاققا كۆپىنچە رەڭگى ئاق، ئىككى-ئۈچ ياشلىق ئوغلاق تاللىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاق رەڭلىك ئوغلاق تاللىنىدىغانلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن-ئاخىر ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئىچىدە ئاق بوز ئاتنىڭ غەرب تەرەپتە سەپ تۈزىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئاق ئاتقا دائىر

بايانلار ئۇچرايدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا، كۆلتېگىننىڭ توققۇز قېتىم ھەر خىل رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكى، پەقەت ئاق ئات مىنىپ كىرگەن جەڭدىلا غەلىبە قىلغانلىقى، باشقا رەڭدىكى ئاتلارنى مىنىپ قىلغان جېڭىدە مەغلۇپ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئاق رەڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاق رەڭ غەلىبىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئاق يول بولسۇن»، «ئاق كۆڭۈل» قاتارلىق ياخشى مەنىنى بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق ئىبارىلەر مەۋجۇت. شۇڭا، كىشىلەر ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئوغلاققا ئاق ئوغلاقنى تاللاشنى ئادەت قىلغان.

ئوغلاق تارتىشىشىدىغان مەيدان. ئىلگىرى ئوغلاق كەڭرى تۈز يەرگە تاشلىنىشىۋېرەتتى. يەنى تەكشى تۈز تېرىلغۇ يەر ياكى يايلاق بولسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئەمما ھازىر ئوغلاق تارتىشىشىدىغان مەيدانمۇ قائىدە بويىچە تەييارلىنىدىغان بولدى. ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقە مەيدانى ئادەتتە ئېللىپىس شەكىلدە بولۇپ، تۈز يان سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180مېتىر بولىدۇ. ئۆز ئارا پاراللېل بولغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ ئىككى بېشى رادىئۇسى 75مېتىرلىق ياي سىزىق ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ. ئىككى باشتىكى ياي سىزىقنىڭ چوققىسىدىن 330 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ھەم ئىككى تۈز يان سىزىق بىلەن تىك تۆتبۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان سىزىق بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا سىزىق دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا سىزىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر ئېنىق بەلگە قويۇلۇپ بۇ نۇقتا، مەركىزىي نۇقتا دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا سىزىق ئىككى يان سىزىقنىڭ سىرتىغا بەش مېتىردىن ئۇزارتىلىدۇ. ئۇزارتىلغان سىزىقنىڭ ئۈستىدىن يان سىزىقتىن ئۈچ مېتىر يىراقتا يان سىزىق بىلەن پاراللېل قىلىپ بىر تۈز سىزىق سىزىلىدۇ (تەخمىنەن 15مېتىر ئۇزۇنلۇقتا). بۇ، مۇسابىقىلەشكۈچىلەر يىغىلىدىغان سىزىق بولىدۇ.

ھەرقايسى چەمبەر مەركىزىگە بىردىن تۇۋرۇك ئورنىتىلىدۇ (ئورنىتىلغان ئىككى تۇۋرۇك چوقۇم ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق ئۈستىدە بولۇش لازىم). تۇۋرۇك يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ. تۇۋرۇك ئۈستىگە دىيامېتىرى 1.5مېتىر كېلىدىغان چاق ئورنىتىلىدۇ. بۇ ئوغلاق تاشلاش چاقى دەپ ئاتىلىدۇ. چاقنىڭ ئۈستى يەر يۈزىدىن 2.60 مېتىر ئېگىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەيدان چېگرا سىزىقى 15سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئېنىق قىلىپ سىزىلىدۇ. چېگرا سىزىقنىڭ كەڭلىكى مەيدان ئىچىگە ھېساب قىلىنىدۇ. تۈز يان سىزىق بىلەن ياي سىزىقلارنى تۇتاشتۇرغۇچى نۇقتىلارغا ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بايراق قادىلىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش مەيدان چېگرا سىزىقنىڭ ئەتراپىدىكى 20 مېتىر ئارىلىقتا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەر بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

## 4. ئوغلاق تارتىشىش جەريانى ۋە قائىدىلىرى

ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، ئۇيغۇرلاردا باھار باشلانغان چاغلاردا، نەۋرۇز بايرىمى، توي-تۆكۈن ۋە كۆزگى مول ھوسۇل تەنتەنىسى مۇناسىۋەتى بىلەن ئوينىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئويۇننىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ: نورۇز بايرىمىنىڭ شەرىپى ۋە كۈزگى مول ھوسۇل تەنتەنىسى ئۈچۈن، جامائەت ئىچىدىن ھامان بىرەر ئادەم چىقىپ بىر ئوغلاق ئاتايدۇ. توي ئىگىسى توي شەرىپى ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئوغلاق ئاتايدۇ. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ. ئوغلاق تەييارلىنىپ بولغۇچە، يۇرت-مەھەللىلەردىن كەلگەن چەۋەندازلار ئۆز كوماندىسى بويىچە ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىش، كىملەر ئۇنى قوغداپ، كىملەر باشقىلارغا كاشىلا قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، خىزمەت تەقسىم قىلىشىپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. ئالدىن تەييارلانغان ئوغلاق كەڭ تاشا ئوتلاق ياكى كەڭ تۈز مەيدانغا تاشلانغان ھامان ئېتى يۈگۈرۈك چەۋەندازلار ئالدىن كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ ئۆزەڭگە ئۈستىگە ياكى تېقىمىغا بېسىپ ئېلىپ قاچىدۇ. باشقىلار قوغلاپ تالىشىدۇ. ئادەتتە تونۇشلارمۇ مۇسابىقە ۋاقتىدا ھەرگىز بىر-بىرىگە يول قويۇشمايدۇ. ئوغلاقنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى تېقىمىغا بېسىپ بار كۈچى

www.uyghurkitap.com



بىلەن تارتىشىدۇ. بۇ چاغدا ئات توختىماي ئايلىنىدۇ. ئادەم تىركىشىدۇ، كۆرگۈچى تاماشىبىنلار ۋارقىرىشىدۇ. پۈتۈن مەيدان جىددىيلىشىپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئېلىپ قاچقان ئوغلاقنى باشقىلار يېتىۋالسا، نەچچە ئونلىغان چەۋەندازلار غۇژمەك بولۇۋېلىپ، تەرەپ-تەرەپتىن قىستىلىپ كىرىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ بىرقىسمى ئېلىپ قېچىش يۆنىلىشىنى توسىدۇ. بەزىدە بىرتوپ كىشىلەر بىرلىشىۋېلىپ، قوغداش، ئېلىپ قېچىش ۋە قوغلاپ كەلگەنلەرنى توسۇش قاتارلىق ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىدۇ. كۈچلۈك ئات مىنگەن قاۋۇل يىگىتلەر ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ قاچقۇچىلار قوغدىغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئوغلاقنى توپ ئىچىدىن ئېلىپ چىققان ھامان، ئېلىپ قاچقۇچى شۇئان ئوغلاقنى ئالدۇ-دە، قاچىدۇ. ئۇ يەردىن ئالغۇچە ياكى ئېلىپ قاچقۇچە باشقا چەۋەندازلار يېتىپ كەلسە ياكى ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالسا، بىرمەيدان جىددىي، كەسكىن تارتىشىش باشلىنىپ تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنداق جىددىي، كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى ئوغلاقنى توپ ئىچىدىن كىم ئېلىپ قاچالىسا، مەھەللىگە قاراپ ئات سالىدۇ-دە، ئوغلاقنى ئاپىرىپ توي ئىگىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ياكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ۋە ياكى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلايدۇ. باشقىلارمۇ ئارقىدىن ئات سېلىپ يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇپ چىققان چەۋەندازلار كۆپچىلىك ئارىسىدا مۇكاپاتلىنىپ ئېتىنىڭ بېشىغا قىزىل تاۋار باغلىنىدۇ.

ئوغلاق تارتىشىش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، ئىككى كىشىلىك تارتىشىش بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى ئادەم ئوغلاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ ئۆز ئارا تارتىشىدۇ، ئاخىرىدا كىم ئوغلاقنى تارتىۋالسا شۇ كىشى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تارتىش. كونا جەمئىيەتتە بىر قەبىلە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، قەبىلىلەر ئارا ئوغلاق تارتىشىش ئېلىپ بېرىلاتتى. غەلىبە قىلغۇچى قەبىلىگە زور شان-شەرەپ كەلتۈرەتتى. ئۈچىنچى خىلى، كوللېكتىپ تارتىش بولۇپ، بۇنىڭدا ئوغلاق باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن يەرگە تاشلىنىدۇ. كىم ئوغلاقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماي مەلۇم ئائىلىنىڭ ئالدىغا تاشلىيالىسا شۇ غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر مەيدان مۇسابىقىگە ئىككى كوماندا قاتنىشىدۇ. ھەر بىر كوماندىدىن مەيدانغا چۈشىدىغان ئادەم ۋە ئات 7 دىن كەم بولماسلىقى كېرەك . كوماندا باشلىقى مەيدانغا چۈشمىگەندە بىر ئادەمنى مەيدان ئىچى كوماندا باشلىقى قىلىپ بېكىتىش كېرەك. ھەر بىر كوماندا 3 نەپەر ئادەم ۋە ئاتنى تولۇقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ھەر بىر مەيدان مۇسابىقىدە چوقۇم بىر نەپەر رېپېر ۋەزىپە ئۆتىنىشى كېرەك. رېپېرنىڭ ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئوغلاق تارتىشىش قائىدىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ئەزالارغا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە جازا بېرىدۇ. مۇسابىقە نەتىجىسى ۋە مۇسابىقە ۋاقتىنى خاتىرىلەيدۇ، بوران-چاپقۇن سەۋەبىدىن مۇسابىقىنى توختىتىشقا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. كوماندا ئەزاسى ياكى ئات ئېغىر يارىلانغان بولسا، ئوغلاق تارتىشىشنى دەرھال توختىتىپ، يارىلانغان ئەزا ياكى ئاتنى مەيدان سىرتىغا چىقىرىپ قويۇپ مۇسابىقىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرى ئوغلاقنى تالىشىش داۋامىدا بىرلا ۋاقىتتا سىزىقتىن چىقىپ كەتسە، بايراقچە ئارقىلىق سىزىقتىن چىقىپ كەتكەنلىك بەلگىسىنى بېرىدۇ. ئوغلاقنىڭ تاشلاش چەمبىرىكى ئىچىگە ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن ياكى سۆرەپ چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ توغرا-خاتالىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسابىقە ۋاقتىنى بەلگىلەش: مۇسابىقە ئالدىنقى يېرىم مەيدان ۋە كېيىنكى يېرىم مەيدان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھەر يېرىم مەيدان 25مىنۇت بولىدۇ. ئەگەر مۇسابىقە ۋاقتىنى ئۇزارتىپ يەڭگەن- يېڭىلگەنلىكىنى ئايرىشقا توغرا كەلسە 15 مىنۇت ۋاقىت ئۇزارتىلىپ تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىنىدۇ.

ھەر يېرىم مەيدان ئارىلىقىدا ۋە غەلىبىنى بەلگىلەش ۋاقتى باشلىنىشتىن بۇرۇن 10 مىنۇت دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇشى كېرەك. يەنى ھەر يېرىم مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا، ئەگەر جازا ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلسە، ۋاقىتنى جازا ئىجرا قىلىنىپ بولغانغا قەدەر ئۇزارتىش كېرەك.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن، چەك تارتىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن مەيدان تاللىنىدۇ. چەك تارتىشتا ئۇتۇپ چىققان تەرەپ ئالدى بىلەن مەيدان تاللايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانغا چۈشىدىغان ئەزالىرى ئۇزارتىلغان ئوتتۇرا سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاتقا مىنىپ مەيدانغا يۈزلىنىپ، ئۇزۇنىسىغا تىزىلىپ تۇرىدۇ. رېپىر قول كۆتۈرۈپ باشلاش ئىشارىسى بەرگەن ھامان، ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرا نۇقتىغا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ئوغلاقنى تالىشىدۇ. ئەگەر رېپىر ئىشارەت بېرىشتىن بۇرۇن مەلۇم كوماندا ئەزالىرى مەيدانغا ئىككى قېتىم ئات چۈشۈرۈپ كىرىۋالسا، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا قارشى تەرەپنىڭ بىرئەزاسى ئوتتۇرا نۇقتىدىن ئوغلاقنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك . باشقا ئەزالار ئوغلاقتىن 10مېتىر يىراق جايدا تۇرۇشى، ئوغلاق ئېلىپ ماڭغۇچىنىڭ ئېتى يان سىزىقتىن ياكى ئوغلاقنىڭ كۆپ قىسمى يان سىزىقتىن ياكى ئايلانما سىزىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرى ئوغلاق تالىشىش جەريانىدا بىرلا ۋاقىتتا يان ئايلانما سىزىقتىن چىقىپ كەتسە، جازا قائىدىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ مۇسابىقىنى توختىتىشى كېرەك. ئەگەر ئىككى كوماندىدىكىلەر ئۆز ئارا قارشى تەرەپنىڭ ئېتىنى تەپكەن ياكى قارشى تەرەپكە غەرەزلىك ھەرىكەت قىلغان بولسا، ئوغلاق ئېلىپ ماڭغان كىشىنى 90° لۇق ئۇدۇل تېز سۈرئەت بىلەن كېلىپ توسقان، چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنى دەل ئۇنىڭ ئالدىدىن 5مېتىر ئالدىدا كېلىپ توختاتقانلار، ئوغلاقنى يەردىن ئېلىۋاتقان ئادەم ياكى ئاتنى سوقۇۋەتكەنلەر، قارشى تەرەپنىڭ ئېتىنى ئوغلاق بىلەن پۇتلاپ قارشى تەرەپنىڭ ئېتىنى ئۇرغانلار ئويۇننىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا جازا بېرىلىپ مەيداندىن چىكىندۈرۈلىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان جايدا يەنە بىر تەرەپ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئېلىشى كېرەك. تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئالغان تەرەپ شۇ جايدىلا ئوغلاقنى ئۆز كوماندىسىدىكى ئىككىنچى بىر ئەزاغا بېرىشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن يەنە داۋاملىشىدۇ. بۇ چاغدا قارشى تەرەپ ئوغلاقنى يەنە تالاشسا بولىدۇ. ئوغلاقنى ئالغان نۇقتىدا، ئوغلاقنى باشقا بىر ئەزاغا بەرگەن ۋاقىتتا، ئوغلاق بەرگەن ۋە ئالغان ئەزادىن باشقا ئەزالار ئوغلاقتىن 10مېتىر يىراقتا تۇرىدۇ. مۇداپىئەدە تۇرغۇچىلار چەكلەنگەن رايون ئىچىدە ھەرقانداق بىر نۇقتىدا قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، قارشى تەرەپنىڭ ئەزاسى جازا سىزىقىدا تۇرۇپ ئوغلاقنى قارشى تەرەپنىڭ ئوغلاق تاشلاش چەمبىرىكى ئىچىگە تاشلايدۇ. جازالانغان تەرەپ ئوغلاق تاشلاشتىن بۇرۇن جازا سىزىقىنىڭ ئۈستىگە ئات دەسسىتىشكە، ئات چاپتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوغلاق تاشلاشتىن بۇرۇن باشقا ئەزالار ھەرقانداق ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا قاتتىق جازالىنىدۇ.

ئادەم ۋە ئاتلارنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە چوقۇم، ئوغلاق تارتىشنى توختىتىش ئارىلىقىدا ئالماشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭدەك، رېپىرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ھەمدە ئالماشتۇرۇش 15 سېكونت ئىچىدە تاماملىنىشى زۆرۈر. ئاتنىلا ئالماشتۇرۇپ ئادەمنى ئالماشتۇرماسلىققا ياكى ئادەمنى ئالماشتۇرۇپ ئاتنى ئالماشتۇرماسلىققا بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## 5. ئوغلاق تارتىش ئويۇنىنىڭ تەرەققىياتى

«ئوغلاق تارتىش ئويۇنى» نىڭ بۇرۇنقى ئوينىلىش ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا بەزى پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: (1) ئىلگىرى ئوينالغان ئوغلاق تارتىش ئويۇنلىرىدا، مەيدانغا تاشلانغان ئوغلاق مەلۇم بىر تەرەپ تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئېلىپ قېچىلىپ، مۇقەررەر ھالدا شۇ يۇرتتىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەر كىشىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىناتتى. ھازىر ، تارتىپ ئېلىنغان ئوغلاق مۇسابىقىدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن جايغا ياكى ئوغلاقنى ئېلىپ قاچقان كىشىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىنىدۇ؛ (2) ئوغلاق تارتىش مەيدانىنىڭ شەكلىدىكى ئۆزگىرىش. بۇرۇنقى دەۋردە مەيدانىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆلچەم، قائىدە- پىرىنسىپ تۈزمەي ئەركىن - ئازادە ھالدا ئوغلاق تارتىشقان بولسا، ھازىر ئۆلچەملىك ھالدىكى قائىدە-پىرىنسىپقا سېلىنغان ئوغلاق تارتىش مەيدانىنىڭ قۇرۇلما شەكلى بارلىققا

www.uyghurkitap.com



كەلدى؛ (3) ئويۇنغا قاتنىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش. بۇنىڭدا ئاساسەن، بۇرۇنقىغا قارىغاندا مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئادەم سانىنىڭ تەبىئىي ئازىيىشى، مۇقىم سان چېكىنىڭ بەلگىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاقىت ۋە نىيمە سەۋەبلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر مەۋجۇت.

دەۋرنىڭ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» دېگەن بۇ ئۇقۇم يوقىلىش باسقۇچىدا تۇرغاندەك ياكى يوقاپ كەتكەندەك تۇيغۇلار بولسىمۇ، بىراق، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېھقانلار شادلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز خوشاللىقىنى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جاسارەتلىك، قورقماس روھىيتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بۇ ئويۇن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ ئوينىلىپ كەلمەكتە ھەم «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە تەنھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىمۇ ئۇزاق زامانلارغىچە، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا چەكسىز داۋاملاشقۇسى... بۇنىڭ كۆرسەتمىسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئوينىلىپ كەلگەن، چوڭلارنىڭ «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» غا تەقلىد قىلىپ ئوينىلىدىغان «ئوغلاق-قوزا ئويۇنى»، «قوزا تاشلاش ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلار ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ ئۇندۇرمىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئويۇنلار بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» نىڭ ئاساسىي ۋە تەرەققىيات باشلانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە ئوبزور»[J]، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009-يىلى 6-ئاي، 1-بەت.

[2] ئاينۇرە دولات: «ئالتاي مەدەنىيەت تىپىدىكى مىللەتلەر ئېپوسلىرىدىكى ئات ئوبرازى»[J]، مىراس ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 3-سان، 72-بەت.

[3] ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 12-ئاي 1- نەشرى، 224، 225، 226-بەتلەر.


## پايدىلانمىلار


1. مۇنھاجىدىن مۇنۇر: «ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ياراتقان مەدەنىيەت»[J] ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2009 -يىل 2-سان.

2. مېھرىنىسا مەخەت: « ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئات تەسۋىرى»[J]، مىراس ژۇرنىلى، 2010-يىللىق 3-سان.

3. راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي نەشرى.

4. قۇربان داۋۇت شاھىدى: «كۇچادا تەنتەربىيە روھى»[J] ، جۇڭگو مىللەتلىرى، 2010-يىللىق 5-سان.

5. «ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقە قائىدىسى»[J]، شىنجاڭ تەنتەربىيەسى ژۇرنىلى، 2004- يىللىق 2- سان.

6. ئەنۋەر تۇرسۇن: « ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»[M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 3- ئاي نەشرى.

7. « شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»[M]، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1989-يىلى 12- ئاي نەشرى.

8. لو ۋاڭخاۋ : « قازاق مىللىتىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسى» [M]، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998-يىلى 8- ئاي نەشرى (خەنزۇچە).

9. مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار: « ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» (3- قىسىم) [M]، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1998-يىلى 5- ئاي نەشرى.

10. ساۋ خۇڭ : «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى» [M]، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999-يىلى 5-ئاي نەشرى(خەنزۇچە).

11. لى شياۋشيا: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر توغرىسىدا ئوقۇشلۇق»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىلى 12-ئاي نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06_083_01 (2012) 5878_1005

# زوردۇن سابىر پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان مەۋقەسى توغرىسىدا*

مۇھەممەد ھوشۇر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە مەشھۇر يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ بىر پۈتۈن پىروزا ئىجادىيىتىدىكى بايان مەۋقەسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى تەھلىل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بايان خاسلىقىنىڭ ئاددىيلىقتىن-مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن- كۆپ خىللىققا يۈزلىنىش جەريانى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文通过对著名作家祖尔东 . 萨比尔小说作品叙事视角的变化进行分析，揭示作家叙事风格从简单到复杂，从单一到多元的演变历程。

**Abstract:** By analyzing famous Uyghur writer Zordon Sabir's novels, this paper points out that the narrative perspectives in his work experienced a process which evolves from simple to complex, and from mono to multiple.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«ھېكايە ئۆزلۈكىدىن سۆزلەنمەيدۇ، ئۇنى مەيلى كىم سۆزلىسۇن، سۆزلەشتىكى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئورۇنغا ئېگە بولۇشى كېرەك»[1]. شۇڭا پىروزا ئەسەرلىرىدە «كىم، قانداق مەيداندا تۇرۇپ بايان يۈرگۈزدى؟» دېگەن مەسىلە تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مانا مۇشۇنداق پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىكى ھېكايە مەزمۇنىنى كۆزىتىدىغان ۋە بايان يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدە نۇقتا، بايان مەۋقەسى ياكى بايان فوكۇسى دەپ ئاتىلىدۇ. بايانچى پېرسوناژ، سۇژېت ۋە مۇھىتقا دائىر ئۇچۇرلارنى ئۆزى تاللىغان بايان مەۋقەسى ئارقىلىق ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئوخشاش بىر ۋەقەنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش قىياپىتى، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشمايدۇ. مانا بۇ يازغۇچىلاردىكى بايان ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بايان مەۋقەسىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. بىز ئۇنىڭ ئاساسلىق پىروزا ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن بايان مەۋقەسىگە نەزەر سالايلى:

| بايان ئىگىسى / بايان مەۋقەسى | بىرىنچى شەخس | ئۈچىنچى شەخس | جەمئىي | نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسى | – | 38 | 38 | 48% |
| باش قەھرىمان بايان مەۋقەسى | 14 | 15 | 29 | 37% |
| گۇۋاھچى بايان مەۋقەسى | 9 | 3 | 12 | 15% |
| جەمئىي | 23 | 56 | 79 | 100% |

جەدۋەلدىن بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان بايان مەۋقەلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 1

ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسى (全知视角) - بايانچى ئەسەردىكى ھەممىلا يەردە مەۋجۇت بولغان،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 11- ئاينىڭ 20-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوندى ( تۈر نومۇرى : 0702043032 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: مۇھەممەد ھوشۇر(1973- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، دوكتور. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىلمەيدىغىنى يوق، ئەسەردىكى ھەر قانداق پېرسوناژ بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىكنى بىلىش ھوقۇقى بولغان ۋە ئۇنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بايانچىدۇر. بايانچى ئەسەردىكى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ كىتابخانلارغا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇلارنى بىلىۋالغانلىقىنى دېمەيدۇ. بۇ خىل بايان ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ مەۋقەسىنىڭ چەكسىز كەڭلىكىدۇر. ئۇ ماكان ۋە زامان كەڭلىكى يۇقىرى ، زىددىيەت، توقۇنۇشلىرى مۇرەككەپ ، پېرسوناژلىرى كۆپ ئەسەرلەرگە ماس كېلىدۇ.

1950 ـ يىللىردىن تاكى 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ئىزچىل ھەممىنى بىلگۈچى مەۋقە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. بۇ خىل يەككە بايان مەۋقەسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مونوپوللۇقى تەبىئىي ھالدا نۇرغۇن يازغۇچىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. جۈملىدىن زوردۇن سابىرنىڭ بىر پۈتۈن پىروزا ئىجادىيىتىدە يېرىمىغا يېقىن ئەسەرلىرى مۇشۇ خىل بايان مەۋقەسىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلىرى ۋە «خېمىرلىك ئىش»، «ئارچا ياپرىقى»، «گۈلەمخان»، «ۋاپادارلىق»، «باھار ھامان ئىللىق»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «چايخورلار»، «قەرزدار»، «قوشنىلار»، «ئامەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى بار. بۇ خىل بايان مەۋقەسى پېرسوناژ ۋە سۇژىتنى كۆپ تەرەپلىمە تەسۋىرلەشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەنلىكتىن ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك. ئاپتور پېرسوناژلىرىغا نىسبەتەن خالىغانچە باھا بېرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسىغا خالىغانچە كىرىپ ـ چىقالايدۇ. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى ئوبرازلىق قىلىپ «بايانچىنىڭ بىلىدىغانلىرى ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىدىن كۆپ» بولغان بايان مەۋقەسى دەپمۇ ئاتىغان. ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخانلارغا نىسبەتەن بۇ خىل بايان ئۇسۇلىنىڭ قۇرۇلمىسى ئېنىق، چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئوڭاي بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا ئارتۇقچە زورۇقۇش ھاجەتسىز.

يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇشۇ خىل بايان مەۋقەسىدە يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

*«ئاشۇ ئالتۇن شولىلارغا چۆمۈلگەن جىمجىت تۇزلەڭلىكتە ئىككى ئاتلىق ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئاتلىرىغا سىڭگايان ئولتۇرۇشۇۋېلىپ ئېمىنىدۇر تالىشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى سېمىز جەرەن بايتال مىنگەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن... يەنە بىرى بولسا چېچەن چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن، قارا كۆتمەك بۇرۇت...*

*بۇ ئىككى ئادەم بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. بىر ـ بىرىنى تازا ياخشى بىلىشىدىغانلار. چىرايى ۋە مىجەزىدىكى پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا... بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىسى، ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىككىلىسى كونا جەمئىيەتتە مالاي بولغان، مالايلىقتىن گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان.....»* [2].

بايانچى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان ئاسىم بىلەن ئەبلىغازنىڭ ھېلى مىنگەن ئاتلىرىدىن، ھېلى تەقى ـ تۇرقىدىن، ھېلى ئۇلارنىڭ مىجەزى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن بىمالال خەۋەر بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇلار توغرىلىق بىلمەيدىغان ھېچنېمىسى يوق.

يازغۇچى بەزى ئەسەرلىرىدە خەلق ئارىسىدىكى چۆچەك ۋە داستان ئېيتقۇچىلارنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان «ئەمدى گەپنى روسۇلدىن ئاڭلايمىز»، «سۆزلەپ نەگە كەلگەنتۇق»، «يەنە ئۆز گېپىمىزگە قايتساق» دېگەندەك جۈملىلەرنى قوللىنىپ، ئەسەرلىرىنىڭ ھېكايىچانلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان.

بۇ خىل بايان مەۋقەسىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، بايانىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن، كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسەۋۋۇر بوشلۇقى كەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتورنىڭ بايانغا قىستۇرۇلۇپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىدەك خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا مۇئەييەن تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## 2

ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ بايان مەۋقەسىدە بەزى سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەكلىك بايان مەۋقەسىنىڭ بارغانسېرى كۆزگە

چېلىقىشى مۇھىم بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل بايان ئۇسۇلىدا بايانچىنىڭ بىلىدىغىنى پېرسوناژ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پېرسوناژ بىلمىگەننى بايانچىنىڭمۇ بىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. پېرسوناژ نەق مەيداندا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ۋەقەنىڭ ئىزاھاتىنى بايانچى سىزگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ. بايانچى بىر ئادەم بولۇشىمۇ ياكى بىر قانچە ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىرىنچى شەخس تىلىدا بولۇشىمۇ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ خىل بايان مەۋقەسى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش پېرسوناژ بايان مەۋقەسى ۋە گۇۋاھچى بايان مەۋقەسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسى كۆپرەك ئاپتوبىيوگرافىيە(تەرجىمىھال) تۈسىنى ئالغان بولۇپ، پۈتكۈل ھېكايىنى باش قەھرىمان ئۆزى سۆزلەيدۇ ۋە قاتنىشىدۇ. كېيىنكىسى بىر خىل كۆزەتكۈچى شەكلىدىكى بايان مەۋقەسى بولۇپ، بايانچى پەقەت قوشۇمچە رولىنىلا ئۆتەيدۇ. ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسىگە سېلىشتۇرغاندا ھەر ئىككىلىسى زور دەرىجىدە چەكلىمىلىككە ئىگە.

1983-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى تۇنجى بىرىنچى شەخس باش پېرسوناژ بايان مەۋقەسىدە يېزىلغان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەلۋەتتە بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى پېرسوناژ، تېما، تىل قاتارلىق ئاساسلىق ئامىللارغا باغلىنىشلىق بولغاندىن سىرت، يەنە بايان مەۋقەسىنىڭ يېڭىلىقىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەسەردىكى بايانچى باش پېرسوناژ ئەلانىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەر ئۇنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمگە زىيادە يېقىنلىق ۋە چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

باش پېرسوناژ بايان مەۋقەسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا بارلىق ھېكايىنى باش قەھرىمان ئۆزى سۆزلىگەچكە، روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يۈز بېرىۋاتقان پىسخىك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ بىمالال ئاشكارىلاپ بېرەلەيدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەسەرلەردە پىسخىك تەسۋىر مول ۋە چوڭقۇر، باش پېرسوناژنىڭ خاسلىقى، تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق نازۇك تەرەپلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بايانىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل بايان مەۋقەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا بايانچىدىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇش نىسبەتەن تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا يازغۇچى «ئىزدىنىش» رومانىدا ناھايىتى كۆپ مىقداردا سالام خەت شەكلىنى قوللىنىپ ئەلانىڭ ھاشىر، رازىيە، ئەلانۇر، ئادىلەلەردىن تاپشۇرۇپ ئالغان خەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ خۇشاللىق-قايغۇلىرى، روھىي زىددىيەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ، بۇ خىل بايان مەۋقەسىنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان. يازغۇچىنىڭ «مۇھەببەت»، «ناخشىچى»، «قۇم بارخانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ خىل بىرىنچى شەخس باش قەھرىمان بايان مەۋقەسىدە يېزىلغان.

«ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، «قۇم ئارىشاڭ»، ««قەشقەر كوچىلىرى»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق»، «قوبۇلخانىدا» قاتارلىق ئەسەرلەردە بايانچى ئوخشاشلا باش پېرسوناژ بىلەن بىردەكلىككە ئىگە، گەرچە بۇلار ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسەر سۇژىتى ئاساسەن ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە بارلىق مۇلاھىزە ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسەن مۇشۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولغاچقا، چىنلىق تۇيغۇسى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يۇقىرى بولغان.

## 3

زوردۇن سابىرنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە بايان قوشۇمچە پېرسوناژ تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچە پېرسوناژ ئەسەردە باش قەھرىماننىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن شاھىت بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ گۇۋاھچى بايان مەۋقەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بايان مەۋقەسىدە زۆرۈر تېپىلغاندا بايانچى بايان قىلىنىۋاتقان پېرسوناژغا ياكى ۋەقەگە باھا بەرسە بولىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ ئەسەرگە قىستۇرۇلۇشىغا قولايلىق يارىتىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالماي، يەنە ئەسەرگە قويۇق مۇھاكىمە ۋە كۈچلۈك لىرىكىلىق تۈس ئاتا قىلىدۇ. ھەتتا بايانچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان- بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، بايان مەۋقەسىنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ خىل بايان مەۋقەسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئەركىنلىكى چوڭ بولغاچقا، يازغۇچىنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن.

زوردۇن سابىرنىڭ شىكايەت، سالام خەت شەكلىدىكى ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئالدىنقى بىر تۈردىكى ئەسەرلىرىدە تەنقىدىي پۇراق نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئادەم ئەرز قىلىدۇ. ھېكايىدىكى ئەرز قىلىنغۇچى نەق مەيداندا يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە ئەرز قىلغۇچى بىر گۇۋاھچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا خەت يازغۇچى ۋە خەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، خەت يازغۇچىنىڭ بارلىق ئىش-پائالىيىتىنى خەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچى كىتابخانلارغا يەتكۈزىدۇ.

مەسىلەن «ھاجىم توغرىسىكى ئىغۋالار» ناملىق ھېكايە ھەج ئۆمىكىدىكى بىر ئاددىي ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە يۇقىرى نوپۇز ۋە ئابرۇيغا ئىگە بىر كاتتا شەخس ئۈستىدىن قىلغان «غەيۋەت-شىكايەت»لىرى ئاساسىدا توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە بۇ ئاددىي ئادەمنى زىيارەت قىلغان بىر مۇخبىرمۇ بار.

*«بۇگۇن سەن كەپسەن، نېمىمۇ دېمەن، ماقۇل، ئەرز يازمىغان بولاي. ماقۇل، ھاجىم بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكىنىمۇ تالاشماي، لېكىن، سەن ئاڭلاپ قوي، ھاجىم ھەققىدىكى ئىغۋالارنى بىر تەكرارلىۋالاي: ھاجىم مېنى ئىغۋا تارقاتتى دېيدۇ. مەن ئىغۋاچىمۇ ياكى ھاجىم ئۆزى «ئىغۋا» ئۇچۇن ئورۇق چاچتىمۇ؟ بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ خۇلاسىلىۋال، مەن ھاجىم بىلەن ھەج قىلىش جەريانىدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىمنىلا ساڭا دەپ بېرەي»*[3].

پوتكول ئەسەر سەپەر جەريانىدا ناسىر ھاجىمنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى يورۇتۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە پېرسوناژنىڭ كۆزىتىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن تاماملانغان بولۇپ، بايانچى ۋاستىلىك بايان يۈرگۈزگەن. «شىكايەت» ناملىق ئەسەرمۇ دەل شۇنداق.

زوردۇن سابىر يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى مەكتۇپ شەكلىدە يازغان بولۇپ، بۇلاردا ئوخشاشلا باش پېرسوناژ بىلەن بايانچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئارىلىق بار. «باش-ئاخىرى يوق خەتلەر» ناملىق ھېكايىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ پەقەت چەت ئەلگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن گۈلچېھرە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ دوستىغا يازغان بىر پارچە خېتىدىن ئىبارەت. خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىنى ۋە بۇرۇنقى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى دوستىغا ئېيتىپ بېرىدۇ.

*«قىممەتلىك دوستۇم گۇلمىرە، مەن بۇ خەتلىرىمنى ھېكايىگە ئوخشىتىپ يېزىۋاتىمەن. نېمە ئۇچۇن ساڭا ئارقا-ئارقىدىن خەت يازىمەن، بۇ ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ. يېقىندىن بېرى ساڭا خەت يېزىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاخىرقى خەتلىرىمنى ئوقۇپ چۈشىنىپ قالارسەن...»*

*«...دوستۇم، ساڭا بۇ مەملىكەتتىكى تويۇم ۋە نيۇيورك شەھىرىگە تويغا بارغانلىقىم توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بېرەي، سەن بەلكى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيسەن، لېكىن مەن راستىنى يېزىۋاتىمەن، ئاۋادا باشقا بىرى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بولسا مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم»*[4].

پوتكول ھېكايە مۇشۇ بىر پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان بولۇپ، ئەسەردە باش قەھرىماننىڭ دوستى قارىماققا پەقەت ئاڭلىغۇچىلىق رولىنىلا ئۆتىگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز پۈتۈن ئەسەردە ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمىز. ئەمەلىيەتتە تېكىستنى چوڭقۇرراق ئانالىز قىلساق ئۇنىڭدىكى بايان يەتكۈزگۈچىنىڭ دەل گۈلمېھرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى ئۇ بۇ خەتنى ئاشكارىلىمىغان بولسا بۇ ھېكايىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. پەقەت گۈلمېھرىدىن ئىبارەت بىر ئىشەنچلىك بايان قوبۇل قىلغۇچى بولغاچقىلا باش پېرسوناژ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىچكى سىرلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەرگەن. «خىيال ۋە سايە» ناملىق ھېكايىدىمۇ باش قەھرىمان دىلدار يېقىن دوستىغا ئالتە پارچە خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭ چوڭ شەھەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولىمىز. قاراڭ دىلدارمۇ ھېكايىسىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ:

*«دوستۇم، ھېكايەڭنى ئوقۇدۇم. سەندە راستتىنلا يازغۇچىغا لايىق سەزگۈرلۈك، پىكىر، ماھارەت بار ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن. «مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلە، بېشىڭدىن ئۆتكەنلەرنى، كۆرگەن-ئاڭلىغان، ئويلىغان، ھېس قىلغانلىرىڭنى ئېرىنمەي ياز» دېسەم. سەن بىلسەن، مېنىمۇ ئەدەبىيات مەۋسكارى، شۇڭا ئىمكان قەدەر خەتلىرىمنى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشىتىپ يېزىپ باقاي. بەلكى ساڭا پايدىسى بولۇپ قالار»*[5].

ھەر ئىككىلا ئەسەردە باش قەھرىمان ئۆز خېتىنى ھېكايىگە ئوخشىتىپ يازغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. بۇنداق يېزىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ پەقەت بايانىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بىر تاكتىكا خالاس. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قىز-ئاياللار باش پېرسوناژ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە بۇنىڭدىن ياخشى ئۇسۇل يوق.

«خىرە دەرىزە» ناملىق پوۋېستنىڭ بايان مەۋقەسى بىر قەدەر ئالاھىدە بولۇپ، ئۈچىنچى شەخس گۇۋاھچى بايان مەۋقەسى بىلەن يېزىلغان. ھېكايە ئېيتقۇچى ئىسرائىل ئىسملىك بىر بوۋاي. ھېكايىنى يەتكۈزگۈچى ئۇنىڭ ئوغلى مىركامىل. مۇنداقچە ئېيتقاندا مىركامىل دادىسىنىڭ ئۇنىئالغۇغا ئېلىنغان ئاۋازىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بولۇپ، پەقەت ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ دادىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا قىسقىچە باھا بېرىدۇ. پۈتكۈل ئەسەر داۋامىدا ياڭرىغىنى بوۋاينىڭ ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ھايات كەچۈرمىشى بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەرنى مەكتۇپ شەكلىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ بايان مەۋقەسىنى تەڭشەشتە تۇتقان ئىجابىي پوزىتسىيەسىنى بىزگە چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

«ئاخىرقى پادىچى»، «قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى»، «تاغ كەپتىرى»، «يېڭىلانغان ھاۋا»، «بوران» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ مانا مۇشۇنداق گۇۋاھچى بايان مەۋقەسىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە بايانچى يازغۇچى ياكى مۇخبىر سالاھىيىتىدە كىشىلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا زىيارەت داۋامىدا ئېرىشكەنلىرىنى كىتابخانلارغا ئەينەن يەتكۈزىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۇلار قەھرىمانلىرىنى ھەر خىل نۇقتىدىن كۆزىتىپ، مۇئەييەن باھالارنى بېرىدۇ، مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزىدۇ.

*«- كىم توغرىسىدا يازماقچىسەن، ھەي چاپاش يازغۇچى؟ - قېرى قارىغاي مەندىن سورىدى.*

*-ھۆرىكۈلگە تولىمۇ ئامراقكەنسىلەر، - دېدىم مەن قېرى قارىغايغا، -شۇ قىز توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭنى يېزىپ چىقسام قانداق دەيسەن؟*

*-جايىدا، شۇ قىزنى ياز..»* [6].

بۇ خىل زىيارەت تىپىدىكى ئەسەرلەردە زىيارەت قىلغۇچىنىڭ فۇنكسىيەسى دەل سالام خەت شەكلىدىكى ئەسەرلەردىكى خەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۆزىتىشى تېخىمۇ بىۋاستە ۋە تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ، بايانچى باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىش يولى بىلەن ناھايىتى ئەركىن ھالدا بايان مەۋقەسىنى بىر خىل ئۇسۇلدىن يەنە بىر خىل ئۇسۇلغا ئۆزگەرتەلەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئەسەردىمۇ ھەم بىرىنچى شەخس گۇۋاھچى بايان ھەم ئۈچىنچى شەخس باش پېرسوناژ بايان مەۋقەسى ئارىلاش قوللىنىلغان.

بارلىق گۇۋاھچى مەۋقەسىنىڭ يەنە بىر زور ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ ئاپتورنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى يوشۇرۇشىغا ئىنتايىن قولايلىق بولۇپ، يازغۇچى ئېتىكا ۋە بايان جەھەتتە قىيىنىلىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغاندا مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللىغان. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرخىل ئوڭايسىزلىقلاردىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ. زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە كېيىنچە بۇ خىل بايان مەۋقەسىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشى دەل مۇشۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك.

بايان مەۋقەسى يالغۇز يازغۇچىنىڭ بايان ئەۋزەللىكى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ئۇسۇل بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ كىتابخانلارغا نېمىنى كۆرسىتىش، نېمىنى كۆرسەتمەسلىكتىن ئىبارەت ئارزۇسى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسى كىتابخانلارغا يەڭگىللىك ئاتا قىلىدۇ، يەنى ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇسىلا بايانچى ئۇنىڭغا ھەممىنى دەپ بېرىدۇ. چەكلىك بايان مەۋقەسىدە بايانچى كىتابخاننى ئۆزىگە ئوخشاش بىر

www.uyghurkitap.com



رولغا بىللە ئېلىپ كىرىدۇ، ئۇنىڭدا چىنلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئوبيېكتىپ بايان مەۋقەسىدە كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور، ئۇلارغا قالدۇرغان تەسەۋۋۇر بوشلۇقى ئەڭ كەڭ بولىدۇ.

ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسى ئەمەلىيەتتە بىر خىل تاشقى بايان مەۋقەسى (外部视角) بولۇپ، ئۇنىڭ چەكلىك بايان مەۋقەسىگە ئالمىشىشى ئەمەلىيەتتە زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. يەنى بۇ يازغۇچىنىڭ نوقۇل ھالدا سىرتقى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە نەزەر سېلىشتىن، ئىچكى دۇنيانى قېزىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدەك بىر ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ بەردى.

4

يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر خىل مەۋقە بولۇپ، ئۇنىڭدا بايانچى پەقەت پېرسوناژنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەيدۇ، قەتئىي سۇبيېكتىپ باھا بەرمەيدۇ. پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى شۇكى، دىراماتىكىلىق تۈس ۋە ئوبيېكتىپ كۆرسىتىشچانلىقىقا ئىگە بولۇپ، بايانچىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەسلىكى زور ئويلىنىش بوشلۇقى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى تەقەززا قىلىدۇ، تەپەككۇرگە ئۈندەيدۇ ۋە يۈكسەك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە بايانچى باشتىن ـ ئاخىر بايان جەريانىدىن تولۇق چېكىنىپ چىقىدىغان ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ. «كارامەت»، «تۇمان»، «قۇم ئارىشاڭ»، «قوشنىلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىدە (ئاساسلىقى دىيالوگلاردا) ئوبيېكتىپ بايان مەۋقەسىنىڭ قىسمەن ئىزنالىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ خىل بايان ئۇسۇل گەرچە يازغۇچىنىڭ يۇقىرى ئېستېتىك ئېڭىنى نامايان قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئەركىنلىكىگە زور خىرىس ئەكېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابخانلارنىڭ بۇنداق ئەسەرلەرنى ھەزىم قىلىشى ئۈچۈنمۇ زور كۈچ كېتىدۇ. شۇڭا زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بۈگۈنكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىمۇ بۇ خىل ئوبيېكتىپ بايان مەۋقەسى كەمدىن ـ كەم ئىشلىتىلىدۇ.

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى بايان مەۋقەسىنىڭ مانا مۇشۇنداق تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى ماھىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىجانىدىل ئىزدىنىش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھەقىقىي يازغۇچى بىلەن ھەۋەسكار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمىلىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى زور سېھرىي كۈچنى نامايان قىلدى.

## ئىزاھلار

[1]مارگېرت بورتۇن: «ئەنگلىيە ئامېرىكا ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئانالىز»، چوڭچىڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى 41 ـ بەت.
[2] زوردۇن سابىر: «ئاۋرال شامالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ بەت.
[3][4] زوردۇن سابىر: «باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 75 ـ ، 108 ـ بەتلەر.
[5] زوردۇن سابىر: «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، ھېكايىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 259 ـ بەت.
[6] زوردۇن سابىر: «قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى»، «تارىم»، 1989 ـ يىلى 12 ـ سان 15 ـ بەت.

## پايدىلانملار


1. لوگاڭ: «بايانشۇناسلىق يېتەكچىسى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
2. خۇ جىڭجى قاتارلىقلار : «غەرب ئەدەبىيات سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئوقۇشلۇق»، 3 ـ توم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.
3. شىن دەن: «بايانشۇناسلىق ۋە پىروزا ئىستىلىستىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى.
4. گاي كۇك: «ئېپتىم ۋە ئەدەبىيات» ، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئىنگلىزچە نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 089 ـ 04 (2012) 5878 ـ 1005

# «قۇم باسقان شەھەر» رومانى ھەققىدە مۇلاھىزە *

ئەمەتجان سەمەت[1] ، نۇرگۈل قۇربانىياز[2]

(1. خوتەن شەھرى بېيجىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، خوتەن. 848000)

(2. خوتەن شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن. 848000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۆھپىكار، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قوم باسقان شەھەر» ناملىق رومانىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى رېئال تۇرمۇش بىلەن بەدىئىي چىنلىق نوقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文中对于维吾尔当代文学带头人之一，著名作家买买提明.吾守尔的长篇小说“被沙漠淹没的古城”的创作特征及其艺术真实性进行评价。

**Abstract:** This article mainly discusses the reality and artistic reality of the novel “City under the Sand” which written by the gifted, famous modern Uyghur writer Mamtemin Hoshur.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەممىمىزگە مەلۇم، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان سەنئەت دېموكراتىيەسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز قىسقىغىنە 20 يىللىق مۇساپىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر دەۋردە كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ياراتتى. بولۇپمۇ ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىم، ھەر خىل ئەدەبىي ئۇسلۇب ئارقىلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلىرىمىز كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىي تۈر ـ ژانىرلارنىڭ كۆپ خىللىقتا قاراپ يۈزلىنىشى ئەڭ گەۋدىلىك ئەدەبىي ھادىسىگە ئايلاندى.

80 ـ يىللاردا ئەۋجىگە چىققان جاراھەت ئەدەبىياتى تېمىدىكى چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ، تېمىدىكى رەڭدارلىقنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل تېما دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى يازغۇچىلىرىمىزغا ياخشى ئىجادىيەت مۇھىتى ھازىرلاپ، تۈرلۈك تېمىلار ئارقىلىق ھەر خىل ئىدىيەۋى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، جاراھەت ئەدەبىياتى كېيىنكى تۈرلۈك ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن 90 ـ يىللارغا كەلگەندە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مىللەتنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنى تېپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە قايتا جۇلالاندۇرۇش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىگە ئايلاندى. ئەمما ئاز بىر قىسىم تەسەۋۋۇرغا باي، تارىخىي بىلىمى چوڭقۇر، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىككە ئىگە يازغۇچىلىرىمىز بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. يەنى ئۇلار تارىخىي چىنلىقنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بىر قىسىم يىرىك تارىخىي رومانلارنى ياراتتى.

يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇرى، ئۆزگىچە بەدىئىي دىتى ئارقىلىق «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنى يېزىپ، مىللىي تارىخىمىزنىڭ مەنىۋى كۆتۈپخانىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. رومانىدا ئىپادىلەنگەن مىللەتنىڭ تىراگېدىيەلىك تارىخى ۋە بۇ تارىخقا سىڭىپ كەتكەن بۈگۈنكى دەۋر روھى رومانىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي قىممىتىنى ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ماقالىدە ئۇزاق ئۆتمۈشىمىزنىڭ ۋە بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى سىزىپ، بىزگە تىراگېدىيەلىك تارىخىمىزنى ئەسلەتكەن بۇ رومانىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي خاسلىقى

---

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتورلار: ئەمەتجان سەمەت( 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان) تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



هەققىدە ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

## 1. رومانىنىڭ تېماتىك ئالاھىدىلىكى

مەلۇمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قاتمال ئىدىيەسى بىلەن ئەنئەنىۋى نەزەرىيەنىڭ رامكىسىدىن چىقالماي، ئەسىرىنىڭ شەكلىگە كۆچەپ، تېماتىكىسىغا سەل قاراپ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ جەڭگىۋار قورالنىڭ خەلقنى تەربىيەلەش، خەلققە يول كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەمما يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ يىرىك رومانى «قۇم باسقان شەھەر» ئارقىلىق ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەسەردە پەقەت بىرلا باش تېما بولۇشتەك ئەدەبىيات پرىنسىپىغا خاتىمە بەردى. يەنى ئۇ ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بۇ رومانغا ئۆزىنىڭ تارىخ، بۈگۈن، ئەتە (كەلگۈسى) ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي پىسخىكىسى، چىن مۇھەببەتكە بولغان قاراشلىرى ھەمدە زور خاسلىققا ئىگە دىنىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپەۋى دۇنيا قاراشلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، رومانىنىڭ ئىستېرېئولۇق كۆرۈنۈشىنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن رومان ئۆز ئالدىغا نىسپىي مۇستەقىل بىر قانچە مەركىزىي تېماتىكىنى ئۆزىدە جۇلالاندۇرۇپ، تېماتىكىدىكى كۆپ قىرلىقنى شەكىللەندۈردى. بىزنىڭچە باش تېمىدىكى بۇ خىل كۆپ خىللىق بۇ رومانىنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئامىللاردىن بىرى. بۇ خىل تېماتىكىدىكى رەڭدارلىقنى تۆۋەندىكى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىپ كۆرىمىز.

**1) تارىخنىڭ چىن مەنىسىنى ئېچىپ بېرىش ۋە بۇ مەنىگە باغلانغان مىللەت پىسخىكىسى**

ھەممىمىزگە مەلۇم ئاپتور بۇ روماندا بىغەملەر شەھرىدىن ئىبارەت تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر ۋە بۇ شەھەرنىڭ بىغەم پۇقرالىرىنىڭ تىراگېدىيەگە يۈزلىنىش تارىخىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بىزنىڭچە ئاپتورنىڭ مەقسىتى بۈگۈنكى بىر قىسىم بۇرمىلانغان، ساختا تارىخىي قاراشنى تۈگىتىپ، مىللىي تارىخىمىزنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ياخشى ـ يامان مىللىي پىسخىكىسىنى بەدىئىي يول ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

ئەمەلىيەتتە ئاپتور روماندا بايان قىلىپ ئۆتكەن «بىغەملەر شەھرى»دىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ماكان بىزنىڭ ئۇزاق تارىخىمىزدا بىر خىل رىۋايەت تۈسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئاپتور مانا مۇشۇ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان قەدىمىي ماكانىنى روماندا ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلغان. چۈنكى ئاپتور «بىغەملەر شەھرى» پۇقرالىرىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە پىسخىكىسىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇلارغا بىر رايون ياكى بىر قەبىلە كىشىلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى سىڭدۈرمەستىن، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتە شەكىللەنگەن ئومۇمىي پىسخىكىسىنى سىڭدۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن «بىغەملەر شەھرى» پۇقرالىرى ئانا ماكانىمىزنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

يەنە بىر جەھەتتىن ئاپتور تارىخىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك چىن مەنىسىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋردىكى ھالاكەتكە يۈزلىنىش تارىخىنىڭ بىر مۇھىم ئىچكى ئامىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ ئۆتمۈشتە شەكىللەنگەن بىر قىسىم ناچار، ئاجىز مىللىي پىسخىكىمىز. يەنى ئاپتور روماندا «بىغەملەر شەھرى»نىڭ غەمسىز پۇقرالىرىنى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسى بىلەن شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ، جاھاندىن بىخەۋەر يۈرىدىغان كىشىلەر تىپى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىغەملىكى شۇ قەدەر يۇقىرى چەككە چىققانكى، بوسۇغىسىدىكى دۈشمەنىنىڭ تەھدىتىگە كومېدىيەلىك پوزىتسىيە بىلەن ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاش رومانىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: رومانىنىڭ بىرىنچى قىسىم 7 ـ بابىدا «بىغەملەر شەھرى» پۇقرالىرىنىڭ ئىنتايىن يۇمۇرىستىك ۋە غەلىتە پادىشاھ سايلىمىنى

تەسۋىرلەيدۇ. يازغۇچىمىز بۇ ئارقىلىق مىللەتتىكى بىر ـ بىرىنىڭ تۈۋىنى كولاش، بىر ـ بىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ناچار پىسخىكىنى سۆكۈپ كۆرسەتكەن.

**2) رومانغا سىڭدۈرۈلگەن دەۋر روھى**

ئاپتور رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئالدى بىلەن تارىخىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى ھالاكەتلىك تارىخىمىزنىڭ چىن مەنىسىنى بىغەملەر شەھىرى پۇقرالىرىنىڭ تىراگېدىيەلىك تارىخى ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن ئېچىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مانا مۇشۇ ئىبرەتلىك تارىخىمىزغا دەۋر روھىنى سىڭدۈرگەن.

مېنىڭچە بۇ يەردىكى دەۋر روھى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر مىللەت ياكى بىر قوۋم كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت رېئاللىقى ئارقىلىق ھازىر، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە چىقارغان ئەقلىي يەكۈنىدۇر. بۇ ھەقتە شائىرىمىز ئىمىن ئەھمىدى ئەپەندى « پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن ئالغاندا، مۇئەييەن دەۋردە ياشاپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى رېئاللىق ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىدراكىي خۇلاسىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى ماددىي دۇنيادىن، كۆز ئالدىدىكى رېئال ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان ھالدىكى مەنىۋى ئىنتىلىشلىرى ۋە غايىۋى ئەخلاق ئۆلچىمى دەل دەۋر روھىنىڭ ئۆزى ياكى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ئۆلچىمى. مۇشۇ خىل دەۋر روھى كىشىلەرنى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ» دەپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە دەۋر روھىنى نامايان قىلىمەن دېيدىكەن چوقۇم دەۋرنىڭ تارىخىي پەلسەپەۋى قاتلىمىغا بۆسۈپ كىرىشى ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئوبدان تەھلىل قىلىشى، قانداق قىلغاندا ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىلەردە بۈگۈنكى زامانغا لايىق ئىدراكىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ باھا بېرىشى، تەھلىل قىلىشى، ئاقىللارچە يول كۆرستىشى كېرەك. بەلكىم بۇ ئەدەبىياتنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور رولى ۋە ئەھمىيىتى بولسا كېرەك.

يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر مۇئەييەن دەۋردە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىۋى ئىنتىلىشى ۋە غايىۋى ئەخلاق ئۆلچىمىنى باشقا يازغۇچىلارغا قارىغاندا ناھايىتى روشەن ۋە كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئۇ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر كونكرېت ۋەقەنى يازماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئۇزاق تارىخىمىزدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان مەلۇم ماكان ياكى زامان ئېنىقلىقى بولمىغان بىر مەۋھۇم ۋەقەنى بايان قىلىپ بەرگەن. بىراق بۇ يەردە ئاپتور مانا بۇ خىل رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەنى بايان قىلىشتا ئۇنى كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن بىر مەنىۋى يېتەكلەش ۋە پەلسەپەۋى ئەخلاقىي ئۆلچەمنى سىڭدۈرگەن. مەسىلەن: ئاپتور رومانىدا «بىغەملەر شەھىرى» پۇقرالىرىنى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ پەقەت يەپ ـ ئىچىش، ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىغەم كىشىلەر تىپى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خەلقنىڭ مەسىلىلەرگە ئەقىل كۆزى بىلەن ئەمەس، پەقەت ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئازغىنە نەپ ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىيدىغان نادانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئاپتور يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق، «بىغەملەر شەھىرى»دىكى قاششاقلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە كۆرەلمەسلىك قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەرنى قامچىلىغان ھەمدە مىللەتنى ئىلىم ـ پەن، ئەخلاق ۋە دىنىنىڭ ئىجابىي رامكىسى ئىچىدە يېتەكلەپ، بۈگۈنكى ئىلىم دۇنياسىدا باشقىلار بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىشتەك ئەخلاق ئۆلچىمىنى جۇلالاندۇرغان.

**3) ئۆزلۈكتىن ياتلىشىش ۋە ئەسلىگە قايتىش**

رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئاساسەن ئۆزلۈكتىن ياتلىشىش بايانىدۇر. يەنى ئاپتور بۇ قىسمىدا ئۆمەر بىلەن باراتىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، قاغىلىق باغدىن قېچىپ چىققانلىقى، ئاندىن ئىنىسى سەپەرنى پۇل ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەمسىز چۆللۈككە تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاخىرىدا ئاتىسىدىن قالغان تىللالارنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاكا ـ ئۇكىلىقتىن كېچىشىپ، نامەلۇم بىر شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك، ئاپتور رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بىر ئانىنىڭ باغرىنى يېرىپ دۇنياغا كەلگەن ئىككى قېرىنداشنىڭ پۇل ـ دۇنيا ۋە كەلگۈسى راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن بەش ياشلىق ئىنىسى سەپەرنى چۆلگە تاشلاپ كېتىشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلمىشىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن رومانىدىكى بۇ ئىككى ئوبرازغا كۈچلۈك نەپرىتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدە يىلتىز تارتقان پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ئامىللىرىنى قاتتىق قامچىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا ھېلى ھەم مەۋجۇت بولغان ئازغىنە نەپ، كىچىككىنە ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بىر-بىرى بىلەن ئېغىر دەرىجىدىكى ياتلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشەنمەسلىك، سەممىيەتسىزلىكنى كۈچلۈك پاش قىلغان.

رومانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى شوئار تەرىقىسىدىكى ئۆزلۈككە قايتىش، يىلتىز ئىزدەش ۋە گۈزەل كېلەچەكنى قۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىش قىسمىدۇر. يەنى ئاپتور بۇ قىسمىدا چۆل ئوغۇلنىڭ ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن، ئۇزاق سەپەرگە ئاتلانغانلىقى، يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا سىرلىق چۆچەكنىڭ ئۇچرىغانلىقى، سىرلىق چۆچەك ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان باراتباي بىلەن ئۆمەربايىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ چىققانلىقى، رومان ئاخىرىدا سۆيۈرگىنىڭ چۆل ئوغلى، يالىڭاچ قىز ۋە بارات، ئۆمەرلەرنىڭ بوۋاقلار قەبرىستانلىقى يېنىغا بىر يېڭى شەھەر بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

دېمەك، ئاپتور بۇ قىسمىدا بارات بىلەن ئۆمەرنىڭ شەرمەندىچىلىكى ۋە سۆيۈرگە، چۆل ئوغلى، يالىڭاچ قىزلارنىڭ يېڭى شەھەر قۇرۇشقا ئاتلىنىش ۋەقەسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەسلىگە قايتىش، يىلتىزنى ئىزدەش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە گۈزەل كەلگۈسىنىڭ پارلاق مەنزىلىنى قانداق ئېچىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىزگە يول كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ خىل تېماتىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يىلتىز ئىزدەشنىڭ مەنىسى ئاساسەن دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىكى گۈزەل مەدەنىيىتىنى قايتا ئىزدەش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەدەبىيات ئاتالغۇسى قوشۇلسا، يىلتىز ئىزدەش ئەدەبىياتى بولىدۇ. ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئورتاق بولغان ئاتالغۇدۇر. ئەمما ئەدەبىيات- سەنئەتتە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر تەرىپىدىن دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسلىگە قايتىش، ئەسلىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت ئەدەبىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئاپتور ئۈچىنچى قىسمىدا بارات بىلەن ئۆمەرنىڭ شەرمەندە بولۇپ، ئۆز يۇرتى بىغەملەر شەھىرىگە يالىڭاچ ھالدا قايتقانلىقىنى بايان قىلىپ، بىر تەرەپتىن بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، بايلىق ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىل ئىش قىلىشتىن يانمايدىغان ناچار پسىخىكىسىنى پاش قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئېغىر دەرىجىدە ياتلىشىش ۋە يىمىرىلىش ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

## 2. رومانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ پروزىچىلىقىمىزدا بىر قەدەر ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن كۆپرەك نامايان قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاپتور ئىسمى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ بىر ئوقۇپلا ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. دېمەك، يازغۇچىمىز بۈگۈنكى پروزىچىلىقىمىزدا بىر قەدەر ئۆزگىچە يول تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مول تەسەۋۋۇر، يۇمۇرىستىك تىل ۋە ئۆزگىچە بايان، غەلىتە ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى قاتارلىق بەدىئىي ئامىللار بىلەن بېزەلگەن ھەر قانداق بىر ئىجادىيىتى كىتابخانلارنى

كەڭ ئېستېتىك تەپەككۇر بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىسىنى، تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ. كىتابخانلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزىگە سېلىش پەقەت ئاجايىپ بەدىئىي ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەردىلا كۆرۈلىدۇ. «قۇم باسقان شەھەر» رومانى دەل مۇشۇنداق ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ئىچىدە ئىپادىلىگەن يىرىك ئەسەر.

**1) رومانىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلما خاسلىقى**

«قۇم باسقان شەھەر» رومانىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىك ئالدى بىلەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. يەنى يازغۇچى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى ئۈچ خىل بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇ بولسىمۇ ئەتراپتىن مەركەزگە قاراپ بايان قىلىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، ئاپتور رومانىنىڭ دەسلەپكى قىسمىدىلا جاھانكەزدى سۇپۇرگىنىڭ قۇياش پادىشاھلىقىدىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئاندىن يول ئۈستىدە بالا پادىشاھقا ئۇچرىغانلىقى، ئاخىرىدا يەنە قۇياشتىن ئۇلۇغ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋە يۇرتىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىز مانا بۇ قىسمىدىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىر خىل ئۆزگىچىلىك شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەنى ئەسەردىكى باش قەھرىمان سۇپۇرگىنىڭ پائالىيىتى ئۆز يۇرتىدىن قۇياش پادىشاھلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى قۇياش پادىشاھلىقىدىن ئۆز يۇرتى «بىغەملەر شەھىرى»گە قاراپ داۋام قىلىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇنداق ئەتراپتىن مەركەزگە قاراپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى رومانىنىڭ باش قىسمىدىلا قوللىنىپ، دىققىتىمىزنى رومانغا مەركەزلەشتۈرگەن ھەمدە ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

ئەسلىي تەرتىپ بويىچە رومانىنىڭ باش قەھرىمانى سۇپۇرگە ئۆز يۇرتىدىن قۇياش پادىشاھلىقىغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولاتتى. ئەمما ئاپتور بۇخىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەكسىچە سۇپۇرگىنى قۇياش پادىشاھلىقىدىن «بىغەملەر شەھىرى»گە قاراپ پائالىيەت ئېلىپ بارغۇزىدۇ ھەمدە يول ئۈستىدىكى كەچمىشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاپتور نېمە ئۈچۈن بۇنداق بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ؟

بۇ خىل ئەتراپتىن مەركەزگە قاراپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا مۇنداق ئىككى خىل مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچى، ئۆزگىچە بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىر قەدەر مۇرەككەپ بەدىئىي قۇرۇلما ھاسىل قىلىپ، كىتابخانلارنى ئەسەرنىڭ شەكلىگە قىزىقتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگىچە بەدىئىي قىممەت يارىتىش؛ ئىككىنچى، مۇرەككەپ بەدىئىي قۇرۇلما ئارقىلىق روماندا بىر خىل تەپەككۇر بوشلۇقىنى ھازىرلاپ، كىتابخانلارنى مۇلاھىزىگە ئۈندەش. چۈنكى بىز رومانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا باش قەھرىمان سۇپۇرگىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايمىز. ئۇ زادى كىم؟ ئۇنىڭ كەسپى نېمە؟ ئۇنىڭ يۇرتى قەيەر؟ مانا مۇشۇنداق سوئاللار جاۋابسىز قېلىپ، رومانغا بولغان قىزىقىشىمىزنى ئاشۇرىدۇ ھەمدە سۇپۇرگە ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ كاللىسىدا بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش ئەھۋالى يۈزبېرىدۇ، ئاخىرىدا سۇپۇرگىنىڭ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقماي ئۇلاردا سۇپۇرگىدىن رازى بولۇش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ خىل بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رومانىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. رومانىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋەقەلىكنىڭ باش - ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇشتا كۆرۈلىدۇ. يەنى ئاپتور رومانىنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكىنى ئۈچ مۇستەقىل بۆلەك ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاساسەن سۇپۇرگە ۋە «بىغەملەر شەھىرى»نىڭ ۋەقەلىكى بايانى. ئىككىنچى قىسمى ئۆمەر بىلەن باراتنىڭ ۋەقەلىكى. ئۈچىنچى قىسمى چۆل ئوغلى ۋە گۈزەل قىزنىڭ ۋەقەلىكى. ئەمما ئاپتور ئۆمەر بىلەن باراتنى يول ئۈستىدە رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا يوقاپ كەتكەن سۇپۇرگە ۋە رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى چۆل ئوغلى ۋە گۈزەل قىزلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، بىر يېڭى شەھەر قۇرۇش

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن ئاتلانغانلىقىنى يازىدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ خىل بايان ئارقىلىق رومان ۋەقەلىكىنىڭ بېشى، ئوتتۇرى ۋە ئاخىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ماسلاشتۇرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتور روماندا پېرسوناژلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، پۈتۈن روماندا جەمئىي 20 گە يېقىن پېرسوناژ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇۋاپىق بولغان. مەسىلەن: باش قەھرىمان سۇپۇرگە روماننىڭ ئۈچىلا قىسمىدا كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئاپتور ئۇنى بىر خىل سىرلىق روھ سۈپىتىدە روماننىڭ بىرىنچى قىسمى بىلەن ئۈچىنچى قىسمىنىڭ ئاخىرىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇپۇرگە روماننىڭ باش ـ ئاخىرىنى باغلىغۇچى يىپقا ئوخشاش پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بارات بىلەن ئۆمەر، چوڭ ئوغلى ۋە گۈزەل قىزلار روماننىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىملىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. بۇلارمۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى. ئاپتور مانا بۇ باش قەھرىمانلارنى زورۇر بولغاندىلا روماندا ئوتتۇرىغا چىقارغان. كۆپلىگەن ئەسەرلەردە باش قەھرىمان ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئەسەرنىڭ سۇژېت ۋەقەلىكىنى تەرەققىي قىلغۇزىدۇ. ئەمما بۇ روماندا ئاپتور باش قەھرىمانلارنى ھالقىلىق يەرلەردە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا يەنە بىر ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەن. بۇ خىل پېرسوناژلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارىتى روماننىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ.

ۋەقەلىك ئىچىدىن ۋەقەلىك چىقىرىش، يەنى شاخلانما ۋەقەلىك توقۇش روماننىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىك. بۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئاپتورنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئۈرنەكلەرنى روماندا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىشىنىڭ ئۆزى بىر مۇۋەپپەقىيەت. شۇڭا رومان كۈچلۈك چۆچەك پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، روماننىڭ «بەتنىيەتلەرگە ئىشىك ئاچما» دېگەن قىسمى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان.

## 2) روماننىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

مەتنىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى ئۆتكۈر كىنايە، چوڭقۇر قاراتمىلىققا ئىگە ھەجۋىي تىللار بىزنىڭ ئېدىيەمىزگە ئاۋۋال بىر خىل يۇمۇرىستىك تۇيغۇ بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، بارا ـ بارا بۇ تۇيغۇ بىر خىل تىراگېدىيەنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكى.

بۇ خىل ئالاھىدىلىك «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئاپتور بۇ روماندا ئاۋۋال تىل ئارقىلىق يۈكسەك ئېستېتىك زوق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يەنى ئۇ رومانىدىكى پېرسوناژلارغا ناھايىتى يۇمۇرىستىك، قىزىقارلىق تىللارنى بېرىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلارنىڭ خاس خاراكتېرىنى ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل يۇمۇرىستىك گەپ سۆزلەر ئارقىلىق، كىتابخانلارغا بېرىدىغان ئېستېتىك زوقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. روماننىڭ بىر قىسىم مۇھاكىمىلىرىنىڭ تىللىرى ناھايىتى ئېغىر، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە.

روماننىڭ تىل جەھەتتىكى يەنە بىر خاسلىقى يەرلىك تىلنىڭ ئەسەردە كۆپلەپ قوللىنىلىشى، بۈگۈنكى زامان پىروزىچىلىقىمىزدا بايانچى تىلى يەنى ئاپتور تىلى بارغانسېرى ئېغىز تىلىغا يېقىنلىشىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ھادىسە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئاپتور ئاممىباپلىقى كۈچلۈك ھەم قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تىللار بىلەن ئۇيغۇرلار خاراكتېرىدىكى يۇمۇرىستىكلىق، بىغەملىك، ھاياتتىكى جىددىيلىكلەرگىمۇ ھودۇقۇپ كەتمەيدىغان روھىي ھالىتىنى تولىمۇ يۇمۇرلۇق، ئەنئەنىۋى تىل ۋاسىتىلىرى بىلەن دەل جايىدا يورۇتۇپ بەرگەن.

ئاپتور كەڭ داللار، پايانسىز قۇملۇقلار، ئادەمسىز چۆللەرنى شۇنچىلىك مۇھەببەت ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇ خىل تەسۋىرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل خۇددى شېئىر تىلىدەك تاتلىق، ئويناق، يېقىملىق ۋە يەڭگىل بولۇپ، كىشىگە بىر خىل چوڭقۇر، يۈكسەك مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

قىسقىسى، «قۇم باسقان شەھەر» رومانى تېماتىك قۇرۇلمىسى، بايان ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن

ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشقا لايىق ئەسەر. ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب ھازىرغىچە ئوبدان تەتقىق قىلىنغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رومانىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «قۇم باسقان شەھەر» بىزنىڭ شەھىرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى باشقىلار ئەمەس ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ ئوبدان، تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا خەلققە، مىللەتكە ئېچىپ كۆرستىشىمىز لازىم. ئەكسىچە ئۇنى تەتقىق قىلماي تاشلاپ قويۇش بۇنداق نادىر ئەسەرگە ئۇۋال قىلىنغانلىقى بىلەن باراۋەر.

## پايدىلانمىلار


1. سۇلايمان قېيۇم: « ‹قۇم باسقان شەھەر› رومانىنىڭ بايان ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2006-يىللىق 1- سانى.
2. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: « ‹قۇم باسقان شەھەر› ھەققىدە مۇلاھىزە» ، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى، 1997- يىللىق 2- سانى.
3. غوجائەخمەت يۇنۇس: « ‹قۇم باسقان شەھەر› رومانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى، 2003- يىللىق 1- سان .
4. مەمتىمىن ھوشۇر : «قۇم باسقان شەھەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىللىق 2- نەشرى .


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 04 ـ 096 ـ 04 (2012) 5878 ـ 1005

# شىنجاڭ ئۆزبېك شائىرلىرى ئىجادىيىتىدە زەۋقىي تەسىرى*

شەھلا كەرىموۋا (ئۆزبېكىستان)

(ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، تاشكەنت)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆزبېكىستاندا ياشىغان شائىر زەۋقىي ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۆزبېك ئەدىبلىرى ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى مىساللار بىلەن تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文对 19 世纪下半叶至 20 世纪初期生活在乌兹别克斯坦的诗人扎维基 (Zavqiy) 的文学作品对新疆乌兹别克文学发展的影响进行探究。

**Abstract:** This paper mainly introduces the poet Zavqiy who lived in Uzbekistan during the late 19th century to 20th century, and by studies several examples, analyzes the developmental role of his works during that age among Uzbek poets in Xinjiang.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06** **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

ئۇبەيدۇللا ئۇستا سالىھ ئوغلى زەۋقىي (1853 ـ 1921) كۆپ تەرەپلىمە ئىجادىيىتى بىلەن زامانداش شائىرلارغىلا ئەمەس، كېيىنكى دەۋر شائىرلىرىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىستېبداتلىق قەلەم ساھىبى بولغان. بۇ خىل تەسىر بەدىئىي ئەسەر تىلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن تارتىپ، تېما تاللاشقا قەدەر روشەن سېزىلىپ تۇرىدۇ. زەۋقىي ئىجادىيىتىگە ھەتتا شىنجاڭدىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇر شائىرلىرىمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا يۇقىرى باھا بېرىشكەن. ئۇنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس باغلاشقان، شېئىرىي ئىپادە شەكلى، ھەجۋىي ۋە يۇمۇرغا باي شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە زەۋقىيگە ئەگەشكەن. شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سېلىنسا، مەزمۇن ۋە ئىدىيە، بەدىئىيلىك تەرەپلەردە زەۋقىي تەسىرى روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا دىلئەفكار ۋە بەرقىي تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئىككى شائىرنىڭ زەۋقىي ئىجادىيىتىگە بولغان ئېتىبارى ۋە ئىزداشلىقى دىققىتىمىزنى تارتتى. دىلئەفكار[1] 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۆزبېك شائىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەنسۇر سەئىدۇللا ئوغلى. تەخمىنەن 1841-1845 ـ يىللار ئارىسىدا كاتتا قورغان ئەتراپىدىكى قونجىنەي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1908 ـ يىللار ئەتراپىدا شىنجاڭغا كېلىپ يەكەن، قاغىلىقلاردا ياشىغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى قادىر ئەكبەر «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابى ئارقىلىق شائىرنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇردى ۋە قوليازما شەكلىدە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئېلان قىلدى[2].

دىلئەفكارنىڭ «رەنا ۋە سۇخەنگۇل» داستانى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، 1985 ـ يىلى شائىر دىۋانىنىڭ قوليازما نۇسخىسى يەكەندىن تېپىلغان. قوليازمىنى ساقلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە، ئۇ مەنسۇر قارى نامى بىلەن يەكەندە تىجارەت قىلىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە شائىر تاللىغان ماۋزۇ ۋە ئوبراز، بەدىئىي سەنئەتلەردە زەۋقىي ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى، زەۋقىيدىن

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: شەھلا كەرىموۋا ـ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى، ئاساسلىقى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قوقان ئەدەبىي مۇھىتىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىرلار ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇزۇقلانغانلىقى سېزىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. شائىرنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى، مۇخەممەس ۋە تەرجىبەندلىرى، قىتئە ۋە مەسنەۋىيلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر، مەنىۋى قۇسۇرلار، ئەخلاقىي مەسىلىلەر تەنقىدىي روھتا تەلقىن قىلىنىدۇ. دىلئەفكار شېئىرىيىتىدىكى ئىجتىمائىي يۆنىلىش بىلەن زەۋقىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيلىق، ئاھاڭداشلىق ناھايىتىمۇ كۈچلۈك. مەسىلەن، زەۋقىينىڭ «ئابدۇرەھمان شەيتان» ناملىق شېئىرىدا بىۋاستە شەخس ئوبرازى ئارقىلىق زامانىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي مەسىلىلىرى تەھلىل قىلىنغان. شائىر مۇستەملىكە دەۋرىدە خەلقنىڭ غەپلەتتە ئىكەنلىكى، مەرىپەتتىن يىراقلىقى، ئادەملەردە ئىنتىپاق يوقلۇقى، شەرم ھايانىڭ كەملىكى، ئىنسانلاردىكى سەلبىي ئىللەتلەر توغرىسىدا ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق تىل بىلەن قەتئىي ھەم مەسخىرە ئارىلاش ئۇسۇلدا تەسىرلىك قىلىپ يازىدۇ:

خىرە ئىبلىس كەبى بىنامۇسۇ بىئار كېتسەڭ- چى!
يالاغ سوقمەگەن باش، ئەي سەگى بازار كېتسەڭ- چى!

شائىر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەخسلەردىكى سەلبىي ئىللەتلەر: ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈك، مال – دۇنيا ئالدىدا ھەر قانداق پەسكەشلىكتىن قايتماسلىق، باشقىلارغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش، تەخسكەشلىك، كەمبەغەللەرگە زۇلۇم قىلىش قاتارلىقلارنى ئاياۋسىز تەنقىد قىلىدۇ. شېئىرنىڭ رېئال ھاياتتىن ئېلىنغانلىقىغا تۆتىنچى بېيىتتا دەلىل – ئىسپات كەلتۈرۈلىدۇ:

تەنھا كېت دېمەي، مۇسىچە مەخسۇمنى ئالىب ھەمراھ،
قىلىب بىزلەرنى ھەم بىر يولى مىننەتدار كېتسەڭ-چى!

ئابدۇراھمان شەيتانغا ھەمراھ ۋە ھەمتاۋاق مۇسىچە مەخسۇم – ئاچكۆز، شەخسىيەتچى، ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان رېئال شەخس. بۇ شەخسنى ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى زەۋقىيگە زاماندىش شائىر ئوسمانخوجا زارىي ئىجدىيىتىدىمۇ ئۇچرىتىمىز[3].خەسىس، پەسكەش، نەپسانىيەتچى كىشىلەر ئوبرازىنى مانا شۇنداق جانلىق ۋە ھاياتىي تەسۋىرلەش، كىنايە، ھەجۋىي، پاش قىلىش كەبى ئۇسۇللار ئارقىلىق ھادىسىگە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش دىلئەفكار ئىجادىيىتىگىمۇ خاس خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مۇخەممەسى يېزىش ئۇسلۇبى ۋە ئاھاڭى، مەزمۇنى جەھەتلەردىن زەۋقىيگە ناھايىتىمۇ يېقىن:

ئەيا دوستلەر، بۇ كۈن رەھىم قىيامەت ئەيلەسەڭلەرچى،
فىجۇر فىسق ئىسيانغە نەدامەت ئەيلەسەڭلەرچى،
يىگىتلىك ۋەقتىدە ھەققە ئىبادەت ئەيلەسەڭلەرچى،
تۇتۇب ئەمرى خۇدانى تائەت ئەيلەسەڭلەرچى،
ئەيا ئەھبابلەر تەركى شەرارەت ئەيلەسەڭلەچى.

شائىر شېئىرىيىتىدە ئايرىم كىشىلەر تەبىئىتىدىكى قۇسۇر- نۇقسانلار، كەمچىلىكلەر، ئىللەتلەرلا ئەمەس، بەلكى زامان ھەم تەنقىد قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئەرزىرمۇ» رادىپلىق مۇخەممەسى زەۋقىي غەزىلىگە تەتەببۇ تەرزىدە يېزىلغان. زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە ئەۋج ئېلىۋاتقان زوراۋانلىق ھەققىدە زەۋقىي غەزىلىنىڭ مەتلەئىسى(باشلىنىشى) تۆۋەندىكىچە باشلىنىدۇ:

گۇنەھ قىلماقدە، ئەي تەن، ئويلە كۆيگەنىڭگە ئەرزىرمۇ؟
بۇ يەڭلىغ مىڭ يىل ئۆمرىڭ بىر ئويلاغانىڭگە ئەرزىرمۇ؟

چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىنىنى، ئۆرپ – ئادەتلىرىنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىش بىلەن ئادەملەردىكى ئەخلاقىي مىزانلارنىمۇ ئىزىدىن چىقارغان ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا بارغانسېرى سۇسلىشىپ بېرىۋاتقان ئەخلاق نورمىلىرى، سەلبىي ئىللەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى شائىرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئىنسانلارنى ھالاللىققا، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ھېس قىلىپ ياشاشقا دەۋەت قىلىش مەزمۇنىدىكى بېيىتلار دىلئەفكارنىڭ ئۆز غايىسىنى تولۇق ئىپادىلىشىگە ئىلھام بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ زەۋقىينىڭ مۇشۇ

www.uyghurkitap.com



تۇردىكى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكراق بېرىلگەن:

كىشىگە سۇد قىلماس بۇ جەھاننىڭ ئەيشى ئىلە زەۋقىي،
چىقەرغەي بەلكى يولدىن مەكر ـ نەيرەڭ ئىلە شەۋقى،
دىلئەفكار، تەۋبە قىل تا تۇشمەيىن بوينىڭغە لەئىن
تەۋقى،
تىرىكلىك بارىدە ئىزلە ھەقىقەت يارىن، ئەي زەۋقىي،
مەجازىلەرنى ۋەسلى سۆزى ھىجرانىڭغە ئەرزىرمۇ؟

بەرقىينىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىگە كەلسەك، شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبدۇلغەفۇرجان قارى بولۇپ، 1901 ـ يىلى قوقاندا تۇغۇلغان. ئەدەبىياتقا بالىلىقىدىن قىزىققان. 1930 ـ يىللىرى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر، خوتەن، قاغىلىقلاردا ياشىغان. لېكىن شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلمىغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا سەپەردە يۈرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زاماندا مەتبۇئات قىس بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرلىرى پەقەت قوليازما ھالەتتە ساقلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەكەندە ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان نەجمىي[4] تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بىساتىدا ساقلىنىپ قالغان. زەۋقىينىڭ ئەۋرىسى ئا.ياقۇبوۋنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقىتلىرى تەخمىنىي بولسىمۇ، بەرقىينىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن شىنجاڭدىكى تونۇلغان ئەدەبىياتشۇناس ئالىملاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بەرقىي تەخەللۇسلۇق بۇ شائىر زەۋقىي ئەمەس، بەلكى باشقا كىشى بولۇپ چىقتى. لېكىن شائىر ئىجادىيىتىدە روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان زەۋقىيگە خاس ئۇسلۇب بىزنى بۇ شائىر ئىجادىيىتى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ئۈندىمەكتە.

بەرقىي ئىجادىيىتىكى غەزەل، مۇخەممەس، ھەتتاكى شېئىرىي مەكتۇبلارمۇ زەۋقىيگە خاس تەرزدە يېزىلغان. مەسىلەن، زەۋقىينىڭ دەۋر مەنزىرىلىرى ئۆتكۈر تىل ۋە تىرەن پىكىرلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بېيىتلارنى ئەسلىتىدىغان ئورۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ:

بار ئىسمى سۇلايمانچە، لاكىن ئۆزىدۇر تەرسا،
گەردەندە كىشى ھەققى، بەرەككە مۇددەئا يوق.
كۆزىڭنى ئويۇب بېرسەڭ «رەھمەت» دېمەگەي ھېچكىم،
ۋاژگۇندۇر[5] كۆڭلىڭ بەرقىي، بۇ يېردە مۇسەففا يوق.

شائىرنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ ئەلۋەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاساسى بار. خەلق مەنىۋىيىتىنى بۇلغايدىغان بۇزغۇنچىلىق، تالان ـ تاراج، ئەخلاقسىزلىقلارغا تاماشابىندەك قاراپ تۇرۇش شائىر ۋىجدانىغا توغرا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شېئىردا زامان ھالەتلىرى، دەۋر كەيپىياتى، ئاددىي خەلقنىڭ ئىلاجىسىز ھاللىرى، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم زەۋقىي شېئىرلىرىغا يېقىن بىر تەرزدە پاش قىلىنىدۇ. شائىر ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەر، زەلالەت، ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى ھەقىقەتنى كۈيلەيدۇ. شائىرنىڭ ئەدەبىي مىراسى تەركىبىدە ساياھەتنامە ۋە شېئىرىي مەكتۇبلارمۇ بار. ساياھەتنامە ژانىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن بەرقىي مۇقىمىي ۋە زەۋقىي ئىجادىيىتىدىكى ساياھەتنامىلەرگە ئەگەشكەن:

شەھەر ئەجايىب دىلكۈشا،
ئادەملەرى يەڭگىلنەما،
ھەر مۇيىلىشدە [6] دائىما،
تۇپراق توزار ھەم زەڭ ئىكەن.

دەپ باشلىنىدىغان ساياھەتنامىسى گەرچە تولۇق يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ مۇقىمىي ساياھەتنامىسىگە ئوخشاش قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، سەپەر يۆنىلىشلىرى بويىچە قويۇلغان ماۋزۇلار ئاستىدا ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. پەقەت ئۇنىڭدا كىشى ۋە جاي ناملىرى باشقا، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ساياھەت مەقسىتى پەرق قىلىدۇ، خالاس. ئەسەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان بۆلەكلىرىنىڭ ماۋزۇلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ ئايرىم بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، «خوتەن» سەرلەۋھەسىدىكى قىسىمدا شائىرنىڭ خوتەنگە قىلغان يۈرۈشى ۋە سەپەر تەسىراتلىرى خاتىرىلەنگەن:

خۇفتەندە تۇشسەم بىر دۇكان،
قىلدى ئەشۇلە بىر جۇۋان،
ئالدۇق قولگە دۇتار شۇ ئان،
ياگرلاردا خۇشئاھاڭ ئىكەن.

ئازادەدىن توپارى كۆپ،
دۇكچىسىدىن ئەتتارى [7]كۆپ،
چايخورىدىن كۆكنارى كۆپ،
بۇ رستە ناسۇ بەڭ ئىكەن.

قىسقىسى، بەرقىي ۋە دىلئەفكار كەبى شائىرلار ئۇسلۇب جەھەتتىن ساددا ۋە راۋان ئەسەرلەر يارىتىشتا، بەدىئىي تەسۋىردە، قاپىيە ۋە رادىپ تاللاشتا خەلق ئىبغىز ئىجادىيىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشتا زەۋقىي ئىزىدىن بارغان. بۇ ئۇسلۇبىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكى زەۋقىي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرچانلىقىنى، كۆلىمىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يۇقىرىدىكى ئىككى شائىر ئىجادىيىتى مىسالىدا كۆرۈش مۇمكىن.

## ئىزاھلار

[1] ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا «دىلئەفكار» تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر بار، بىرى بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان مەنسۇر سەئدۇللا ئوغلى، يەنە بىرى موللا ئابدۇللا ئىبنى شىرمۇھەممەد ھاجى بولۇپ، ئۇ «پىسكەند»، «دىلئەفكار» تەخەللۇسلىرىنى قوللانغان. 1882ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، 1952ـ يىلى پىسكەنتتە ۋاپات بولغان.

[2] «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1989ـ يىلى نەشرى، 114ـ140ـ بەتلەر.

[3] بۇ ھەقتە قاراڭ: د.ئابدۇللايېۋ: «ئوسمانخوجا زارىي ھاياتى ۋە ئىجادى»، تاشكەنت، «يېڭى ئەسىر ئەۋلادى» نەشرىياتى، 2005ـ يىل، 70ـ بەت.

[4] ئەسلىي ئىسمى ئۇبەيدۇللاخان تۆرە بولۇپ، يەكەندىكى داڭلىق تېۋىپ، شائىر نېمەتۇللا ئۇبەيدۇللانىڭ دادىسىدۇر.

[5] ۋاژگۇن ـ تەتۈر.

[6] ھەر دوقمۇشتا

[7] دۇكچى ـ ھۈنەرۋەن؛ ئەتتار ـ دۇكانچى تىجارەتچى، ساتقۇچى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 06 ـ 100 ـ 04 (2012) 5878 ـ 1005

# «ئەمگەك توختامى قانۇنى»نى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى*

مۇھەممەد ھاجى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك توختامى قانۇنى» 2008-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇننىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى، دۆلىتىمىزدە ئەمگەك توختامىنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللىشىشكە، تۈزۈملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەتنىڭ يەنىمۇ كونكرېتلىشىۋاتقانلىقى، ئەمگەك توختامىنىڭ يەنىمۇ قېلىپلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قانۇننى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچى بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىماسلىق، ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتىنى خالىغانچە قىسقارتىۋېتىش، خالىغانچە بىكار قىلىۋېتىش، سىناپ ئىشلىتىش ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىش، ئادەتتىكى ئادەم ئىشلىتىشنى ئەمگەكچى ئەۋەتىشكە ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىق قىلمىشلارغا خاتىمە بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىشىدىن ساقلاپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**摘要：**《中华人民共和国劳动合同法》，自 2008 年 1 月 1 日起实施。该法的颁布和实施，标志着我国劳动合同进一步完善化，制度化，用人单位和劳动者之间的权利义务更加明确，劳动合同更加规范化。该法的实施，改善用人单位和劳动者不签劳动合同，随意改变劳动合同期限，随意延长试用期，随意解除劳动合同，普通用功变成劳务派遣等违法行为，保护劳动者的合法权益，实现劳动关系和社会关系的稳步发展。因此，很有必要进行研究劳动合同法的立法目的合适用范围。

**Abstract:** The "Labor Contract Law of the People's Republic of China" has been brought into force since January 1st, 2008. This implementation symbolizes the improvement of perfection and institutionalization of rights and obligations between employers and employees. The law supposes to improve the current situation of employers by preventing them from several illegal activities such as: establish labor relation without contract, randomly change the labor contract deadline, randomly lengthen the probation period, randomly remove the contract and demote the general labor to labor dispatch. Due to significant role of the law to the steady society, it is necessary to study the legislative purposes and applicable scope of this law.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D923. 6　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك توختامى قانۇنى» 2007-يىل 6-ئاينىڭ 29-كۈنى 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28-يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، 2008-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى.

«ئەمگەك توختامى قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىز ئەمگەك توختامىنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللىشىشكە، تۈزۈملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتنىڭ يەنىمۇ ئېنىق بولۇشى، ئەمگەك توختامىنىڭ يەنىمۇ قېلىپلىشىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت

---

*بۇ ماقالە 2011-يىلى 2- ئاينىڭ 27-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇھەممەت ھاجى (1957-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)دوتسېنت. ئەمگەك قانۇنى، مۇھىت قانۇنى ۋە ئىقتىسادىي قانۇن ئۇقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھازىرلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماقالىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بۇ قانۇنغا بولغان چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، ئەمگەك توختامىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇل، تەرتىپ بويىچە تۈزۈش ۋە ئەمگەك توختامى قانۇنىنىڭ ياخشى ئىجرا قىلىنىشىنى چىقىش قىلىپ، بۇ قانۇننى تۈزۈشتىكى مەقسەت ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

## 1. « ئەمگەك توختامى قانۇنى» نى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى

« ئەمگەك توختامى قانۇنى»نىڭ 1-ماددىسىدا، «بۇ قانۇن ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمگەك توختامى تۈزۈشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىناق، مۇقىم ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلدى »[1]دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەنىگە ئىگە:

**1) ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، توختام تۈزۈشكۈچى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش**

ئەمگەك توختامى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئەمگەكچى ئوتتۇرىسىدا كۆپ خىل تاللاش ئارقىلىق ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان كېلىشىم بولۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئاساسى. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئارقىلىق، پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى مۇقىم ئىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلدى. 1986-يىلى گوۋۇيۈەن«دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىپ، ئەمگەكچى ئىشلىتىش تۈزۈمىدىكى «تۆمۈر تاۋاق» چېقىپ تاشلاندى. 1994-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئەمگەك قانۇنى» دا ئەمگەك توختامى تۈزۈمى قانۇنلۇق ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىگىلىك تۈزۈمىدىكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا تەتبىقلاش بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە ھازىرقى ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم قانۇنىي ئاساسى بولالايدۇ. «ئەمگەك قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈشى ئېلىمىزدە ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولدى[2].

«ئەمگەك قانۇنى»يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «ئەمگەك قانۇنى» دا بېكىتىلگەن ئەمگەك توختامى تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى تەڭ تەقسىمات شەكلىدىكى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشقان ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئەمگەكچىلەر قوش تاللاشنى يولغا قويىدىغان ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى بازار ئارقىلىق تەقسىملەش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن، دۆلىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ئادەم ئىشلىتىشنىڭ كۆپ خىللىشىشى ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە بىر قاتار يېڭى تىپتىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە بولمىغان ئەمگەكچى ئىشلىتىش، ئەمگەكچى ئەۋەتىش، ئائىلە مۇلازىمەتچىسى، شەخسىي ئىشلەش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا يەنە بەزى بىر مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى، مەسىلەن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچى بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىماسلىق، ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتىنى خالىغانچە قىسقارتىۋېتىش، سىناپ ئىشلىتىش ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىش، ئەمگەك

www.uyghurkitap.com



توختامنى خالىغانچە بىكار قىلىۋېتىش، ئادەتتىكى ئادەم ئىشلىتىشنى ئەمگەكچى ئەۋەتىشكە ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىقلار ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىنى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىتىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ئادىللىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى[3].

يۇقىرىقى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلدى. ئەمگەك توختامى قانۇنىنى تۈزۈشتىكى مەقسەت: ئەمگەك توختامى تۈزۈش، يولغا قويۇش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، توختاملاشقۇچى تەرەپلەرنىڭ هوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇقىم ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەك تالاش-تارتىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىش ۋە ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

**2) ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداش**

ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەكمۇ؟، يەنى «بىر تەرەپلىك قوغداش كېرەكمۇ؟»ياكى «قوش تەرەپلىك قوغداش كېرەكمۇ؟»دېگەن مەسىلە ئەمگەك توختامى قانۇنىنى تۈزۈش جەريانىدىكى قىزىق نۇقتا بولدى[4]. بۇ قانۇننىڭ لايىھەسىگە قاراپ چىقىش ۋە جەمئىيەتتىن ئاشكارە پىكىر ئېلىش جەريانىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى: بىر خىلى، «ئەمگەك توختامى قانۇنى» «قوش تەرەپلىك قوغداش»نى يولغا قويۇشى يەنى ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. چۈنكى ئەمگەك توختامىمۇ توختامنىڭ بىر خىلى بولغانلىقتىن، باراۋەرلىك، ئىختىيار قىلىش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، توختاملاشقۇچىلارنىڭ هوقۇقى باراۋەر ئاساستا قوغدىلىشى كېرەك. پەقەت ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنىلا قوغداش تەكىتلەنسە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئاشۇرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش هوقۇقىنى چەكلەپ، ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ هەم ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، بونداق بولغاندا ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى كېلىپ چىقىدۇ، ئاخىرىدا يەنىلا ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىككىنچى خىلى، ئەمگەك توختامى قانۇنىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قارالسا، دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلاردا بۇ قانۇن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىمايدىكەن دېگەن خاتا قاراش شەكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش سىياسىتىگە پايدىسىز. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى نىسبەتەن كۆپ بولۇش، كاپىتال كۈچلۈك بولۇش، ئەمگەك كۈچلىرى ئاجىز بولۇش ھالىتىدە بولغانلىقتىن، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىققا دۇچ كېلىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار كۈچلۈك ئورۇندا، ئەمگەكچىلەر ئاجىز ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ قوغدالسا، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ ھەم ئەمگەك توختامى قانۇنى قىممىتىنى يوقىتىدۇ. باراۋەرلىك، ئىختىيارلىق ئاساسىدا ئەمگەك توختامى تۈزۈش پىرىنسىپىنى بەلگىلىگەندە، ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنىڭ دۆلىتىمىز ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي ئىناق مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

« ئەمگەك توختامى قانۇنى» ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەر توختام ئىمزالىماسلىق، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرمەسلىك، ئەمگەك توختامىنىڭ

مەزمۇننى خالىغانچە قىسقارتىۋېتىش قاتارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش، ئىناق ۋە مۇقىم بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى چىقىش قىلىش. ئەمگەكچىلەرگە مايىل بولۇش ئاساسىدا تۈزۈلدى.

**3) ئىناق، مۇقىم ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش**

ھەممىگە مەلۇمكى، قانۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى تەڭشەيدىغان قورال. ھەرقانداق قانۇندا ھوقۇق-مەجبۇرىيەتنى تەقسىملەش ۋە جەمئىيەت مەنپەئىتى چىقىش قىلىنىشى، تۈرلۈك مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئەمگەكچى يەنىلا ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئەمگەك توختامى قانۇنىدا ئەمگەكچىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە بىر تەرەپلىمە ئېتىبار بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىلسە، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى تەسىرگە ئۇچراپ، ياخشىلىرى ناچارلىرىنى شاللىۋېتىشتەك جانلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەسكە توختايدۇ، ئادەم كۈچى بايلىقنى بازار ئارقىلىق تەقسىملەشكە تەسىر يېتىدۇ، ئاخىرىدا كارخانىلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مۇبادا ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى قوغدالمىسا، كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بولغان تەلەپ يۇقىرى بولمىسا، ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلەش تەسىرگە ئۇچراپ يۇقىرى ساپالىق ۋە ساغلام بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىسىز بولىدۇ، ئاخىرىدا كارخانىنىڭ مەنپەئىتىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئەمگەك توختامى قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ھوقۇقى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناقلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئادەم ئىشلىتىشتە ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئەمگەك تالاش-تارتىشلىرىنىڭ ئازىيىشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا[5]. شۇڭا، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمگەك توختامى قانۇنىنىڭ ئاخىرقى نىشانى دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ.

## 2. «ئەمگەك توختامى قانۇنى» نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى

بۇ قانۇننىڭ 2-ماددىسىدا:«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدىكى كارخانا، يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتى، پۇقراۋى ئورۇن قاتارلىق تەشكىلاتلار (تۆۋەندە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن دېيىلىدۇ)ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئەمگەك توختامى تۈزۈش، ئادا قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇشتا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ. دۆلەت ئورگىنى، كەسپىي ئورۇن، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئۇلار بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئەمگەكچى ئەمگەك توختامىنى تۈزۈش، ئادا قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇشتا مۇشۇ قانۇن ئىجرا قىلىنىدۇ»[6] دەپ بەلگىلەنگەن.

«ئەمگەك قانۇنى»نىڭ 2-ماددىسى ۋە ئەمگەك مىنىستىرلىقى 1995-يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىرى»دە ئەمگەك قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنگەن: (1)تۈرلۈك كارخانىلار ۋە ئۇلار بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئەمگەكچىلەر؛ (2)يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتى ۋە ئۇلار بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئەمگەكچىلەر؛ (3)دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويغانلار ھەم بەلگىلىمە بويىچە ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرى؛ (4)كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىۋاتقان كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملار؛ (5)ئەمگەك توختامى تۈزۈش ئارقىلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتقان باشقا ئەمگەكچىلەر. دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىۋاتقان

www.uyghurkitap.com



كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچى خادىملار، شۇنىڭدەك يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر(يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقان، تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەردىن باشقىلىرى)، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر ۋە ئائىلە خىزمەتچىسى قاتارلىقلار بۇ قانۇننىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئەمگەكچى ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرى، دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان خادىملار، يەنە بىرى، ئەمگەك قانۇنى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان خادىملاردىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە كۆپ خىللىشىش بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، ئەمگەك قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى[7]. شۇڭا، ئەمگەك توختامى قانۇنى تەڭشەش دائىرىسىنى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كارخانا بولمىغان پۇقراۋى ئورۇن قاتارلىق تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقان خادىملارغىچە كېڭەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر قانۇندا يەنە نۆۋەتتىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە بولمىغان ئەمگەكچى ئىشلىتىشكىمۇ مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**1)كارخانا، يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتى، كارخانا تىپىدە بولمىغان پۇقراۋى ئورۇن قاتارلىقلار**

كارخانا پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات بولۇپ، قانۇنىي ئىگە ۋە غەيرىي قانۇنىي ئىگىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم بۇ قانۇننىڭ ئاساسلىق تەڭشەش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتى يەتتىدىن تۆۋەن ئادەم ياللايدىغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى، كارخانا تىپىدە بولمىغان پۇقراۋى ئورۇن، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەر ياكى پۇقرالار غەيرىي دۆلەت مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ قۇرغان غەيرىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، پۇقراۋى مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۇتۇپخانا، مۇزېي، پەن-تېخنىكا سارىيى قاتارلىقلار. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە بۇ خىلدىكى ئورۇنلاردىن 300مىڭدىن كۆپرەكى بار[8].

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قانۇن بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورنى، ئادۋوكاتلىق ئورنى قاتارلىقلارغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشكىلىي شەكلى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بەزىلىرى ھەمشېرىك شەكلىدە، بەزىلىرى ھەمكارلىق شەكلىدە، لېكىن بۇلار يۇقىرىقى ئەمگەك توختامى قانۇنىنىڭ 2-ماددىسىدىكى دائىرىدە ئەمەس، ئەمما ئۇلار ياردەمچى، ئارقاسەپ خىزمەتچىسى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلغاندا، ئەمگەك توختامى تۈزىدىغان بولغاچقا، يەنىلا بۇ قانۇننىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**2) دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورونلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار**

(1)دۆلەت ئورگانلىرى. بۇ يەردىكى دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى، مەمۇرىي ئورگانلار، ئەدلىيە ئورگانلىرى، ھەربىي ئورگانلار، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورگانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئورگانلارغا مەمۇر قوبۇل قىلغاندا ياكى مەمۇر تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەندە، دۆلەت مەمۇرلىرى قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ، ئارقا سەپ خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئەمگەك توختامى تۈزۈشكە توغرا كەلسە، بۇ قانۇن تەتبىلىنىدۇ.

(2)كەسپىي ئورۇنلار. كەسپىي ئورۇنلار مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى كۆرسىتىدۇ: بىرىنچى، جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىگە ئىگە تەشكىلاتلار، مەسىلەن، ئاكسىيە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش كومىتېتلىرى، سۇغۇرتا باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش كومىتېتلىرى، بانكا كەسپى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش كومىتېتلىرى قاتارلىقلار. بۇ ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىنىدىغان خادىملار دۆلەت مەمۇرلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ قانۇن تەتبىقلانمايدۇ. ئىككىنچى، كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار، بۇ ئورۇنلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك

توختامى تۈزۈلىدىغان بولغاچقا بۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى كەسپىي ئورۇنلار، مەسىلەن، دوختۇرخانا، مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىر قىسىم ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك توختامى ئىمزالانسا، بۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ. بىر قىسىم ئەمگەكچىلەر بىلەن تەكلىپلىك توختام ئىمزالانسا، بۇ قانۇننىڭ 96-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ، يەنى قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە بولسا ياكى گوۋۇيۇەننىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ؛ قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە گوۋۇيۇەننىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بولمىغانلىرىغا بۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ.

(3)ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار. « ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي تەشكىلات دېگەندە، دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا قۇرغان، ئەزالارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە نىزامنامە بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، پايدا ئېلىش خاراكتېرىدە بولمىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، بەزى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، مەسىلەن، پارتىيە- گۇرۇھ تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىدىن باشقا خادىملىرى دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ؛ بەزى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، مەسىلەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پۇتبولچىلار جەمئىيىتى، مەدەنىيەت- سەنئەت-تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى، دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى، پەن تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، تۈرلۈك كەسپىي جەمئىيەتلەر قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ھەققىدە دۆلەت مەمۇرلىرى قانۇنىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان، لېكىن ئەمەلىيەت جەريانىدا دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈلگەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىدىن باشقا خادىملار دۆلەت مەمۇرلىرى قانۇنى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن سۈپىتىدە ئەمگەكچى بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىسا، بۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ.

**3) غەيرىي پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە ئەمگەكچى ئىشلىتىش ۋە ئەمگەكچى ئەۋەتىش**

ئەمگەك توختامى قانۇن لايىھەسىگە پىكىر ئېلىش جەريانىدا، بەزىلەر بىر قىسىم جانلىق ئىش تۈرلىرىنىمۇ ئەمگەك توختامى قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەن، مەسىلەن غەيرىي پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە ئەمگەكچى ئىشلىتىش، پېنسىيەگە چىققان خادىملاردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، قانۇنلۇق بولمىغان ئىش تۈرى، ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتىش قاتارلىقلار[9]. شۇڭا، ئەمگەك توختامى قانۇنىدا نورمال بولغان ئەمگەكچى ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرغاندىن باشقا يەنە ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتىش، غەيرىي پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە ئەمگەكچى ئىشلىتىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش ئارقىلىق، ئەمگەك توختامى قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. بەزى بىر قېلىپلاشمىغان ئىش تۈرلىرى مەسىلەن، ئائىلە خىزمەتچىسى، بالا باققۇچى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگۈچى خادىملار، قايتا تەكلىپ قىلىنغان دەم ئېلىشقا چىققان خادىملار ھەققىدە بۇ قانۇندا بەلگىلىمە چىقىرىلمىدى.

## پايدىلانمىلار


[1] [6] «中华人民共和国劳动合同法» [J]， 中国法制出版社2007年7月3页.
[2] [3] 扬景宇. «劳动合同法解读» [M]， 法律出版社， 2007年7月25-67页.
[4] [5] [7] [8] «劳动合同法实施使用指南» [M]， 中国市场出版社， 2007年9月8,19,37,75页.
[9] «劳动合同法办案手册» [M]， 法律出版社2007年7月76页.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 06-106-(2012)04-1005-5878

# «قۇتادغۇ بىلىگ»تىكى قانۇن ئىدىيەسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا*

ئەركىن توختى

(شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى**: «قۇتادغۇ بىلىگ» ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيىتى، تىلى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، نىكاھ - ئائىلە، ئېتىكا-ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەپ- قائىدە، دىنىي، پەلسەپە، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق كەڭ ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماي، ئۇ بىر قانۇنشۇناسلىق ئەسىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بىر بۈيۈك قانۇناشۇناس ھەم ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. بۇ ماقالىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن ئىدىيەسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە بۈگۈنكى دۇنيا قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئۈلگە ئېلىش ئەھمىيىتى مۇھاكىمە قىلىندۇ.

**摘要**: “福乐智慧”原名“库达德库比力格”它是一部以诗歌形式再现的，研究古代 维吾尔族文学，语言，政治，经济，军事，婚姻家庭，伦理道德，风俗习惯，礼仪，宗教，哲学，人道主义等广泛，具体问题不可缺少的资料。它不仅是维吾尔族历史上的一部文学巨著而是一部法学巨著。优素甫.哈斯哈吉甫也不仅是一名伟大的文学家，政治家，哲学家，经济家，军事家而是一名著名的法学家，是一名百科全书式的学者。本文主要论述，“福乐智慧”中的立法思想，以及这一思想对后世的影响及对当今世界法学理论研究的借鉴意义。

**Abstract:** The “Happiness and Wisdom”, also known as “Qutadghubilik” in Uyghur, is one of the most famous literature works which written by Yusuf·Has·Hajip who is not only a great scholar, but also a great politician, philosopher, economist, militarist and jurist. This masterpiece was written by poetic form and mainly studied ancient Uyghur language, literature, politics, economy, military, marriage, ethics and morals, manners and customs, religion, philosophy and humanitarianism of Uyghur culture. This thesis mainly introduces the law theory in “Happiness and Wisdom” and its impact on future generations.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K206　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قانۇن ئىدىيەسى ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ»

قانۇن ئىدىيەسى كىشىلەرنىڭ قانۇننى چۈشىنىشى، قانۇنغا بولغان چوڭقۇر، سىستېمىلىق قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ قانۇن ۋە قانۇن-تۈزۈملەرگە ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، قانۇن — دۆلەت تەرىپىدىن قانۇن چىقىرىش تەرتىپىگە ئاساسەن تۈزۈلىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچ كاپالىتى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى. ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ سىنىپىي دىكتاتۇرىنى يولغا قويۇپ، ھۆكۈمرانلىق تەرتىپلىرىنى قوغداشنىڭ قورالى. شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان رەسمىي ھۆججىتى. قانۇن ئىدىيەسى ئەنە شۇ ھەرىكەت قائىدىلىرىگە قارىتىلغان نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان قانۇن ئىدىيەسى بولغىنىغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 10- ئاينىڭ 3 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەركىن توختى (1961-يىلى6-ئايدا تۇغۇلغان )دوتسېنت، قانۇن ئىدىيە تارىخى، قانۇن-تۈزۈم تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سىنىپلارنىڭمۇ، ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، تەشكىلات ۋە ئىلمىي ئېقىملارنىڭمۇ قانۇن ئىدىيەسى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىراق ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسىنىڭ قانۇن ۋە قانۇن-تۈزۈملەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس.دېمەك، تارىختىن بۇيانقى قانۇنلاردا ئەكس ئەتكىنى پەقەتلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئەكس ئەتكەن قانۇن ئىدىيەسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسى تەڭ ئەكس ئەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سىياسىي- قانۇن، ئىقتىساد جەھەتتىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يۇقىرى قاتلام مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قانداقتۇ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، كۆڭزى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ ئۇچرىمىغان. ئەگەر بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئېيتقاندەك «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى قانۇن ئىدىيەسىنى كۆڭزى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە زورلاپ باغلىساق ئۇ ھالدا«قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى قانۇن ئىدىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ئەمەس بەلكى پۈتۈنلەي ھۆكۈمران سىنىپنىڭلا قانۇن ئىدىيەسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردە تەتقىق قىلماقچى بولۇۋاتقان قانۇن ئىدىيەسىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ھەم ھۆكۈمران ئورۇندىكىلەرنىڭ ۋارىسلىق قانۇن ئىدىيەسىنى ھەم ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە ئەڭ كەمچىل بولۇۋاتقىنى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى قانۇن ئىدىيەسى بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولالايدۇ.

## 2. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ھۆكۈمدارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈن تۇغدىغا بىۋاستە كۈنى تۆرۈ (يەنى ئادىل قانۇن) سۈپىتىنى بېرىش ئارقىلىق خان سەلتەنەتىنىڭ پەقەت توغرا قانۇن ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ: «دۆلەتنىڭ تېرىكى، ئۇلى، ساغلاملىقى، ئاساسى ۋە يىلتىزىنىڭ ئىككى نەرسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىرى خەلقنىڭ ھوقۇقى بولغان قانۇن ئىكەنلىكى، يەنە بىرى خىزمەت قىلغۇچىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان كۈمۈش»[1] ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق قانۇن بىلەن ئىقتىسادنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئالىم يەنە «بىر دۆلەتتە ئىككى نۇقتا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىرى ئەركىنلىك، يەنە بىرى قانۇن ئىكەنلىكى، قايسى ھۆكۈمدار ئىبلىدە توغرا قانۇننى يۈرگۈزسە ئەلنى تۈزەپ، خەلقنى روناق تاپقۇزالايدىغانلىقى، ئۇزۇن مۇددەت سەلتەنەت سۈرۈش ئارزۇسىدا بولغان ھۆكۈمدار قانۇننى ئادالەت بىلەن يۈرگۈزۈشى ھەم خەلقنى ئاسرىشى كېرەكلىكى، چۈنكى قانۇن بىلەن ئەل كېڭىيىپ، جاھان تۈزۈلىدۇ» [2] غانلىقى، ھۆكۈمرانلىقنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن «ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈش، ئادالەتتىن ئايرىلماسلىق، خەلق ئۈستىدىكى ئادالەتسىزلىكنى يوقىتىش كېرەك»[3] لىكى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇننى ياخشى تۈزۈشنىڭ يەنى تايىنىدىغان قانۇن بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، « توغرا قانۇن بىلەن ئادىل ئىش قىل، ھېچ قاچان زۇلۇم قىلما، يامان قانۇن تۈزمە، ئەي قانۇن تۈزگۈچى ياخشى قانۇن تۈز، يامان قانۇن تۈزگۈچى تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ»[4] دېيىش ئارقىلىق ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق

www.uyghurkitap.com



قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە: «بەگلىك ۋە ئۇلۇغلۇق بەك ياخشى نەرسە، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسە قانۇندۇر.ئەمما ئەڭ مۇھىمى قانۇننى توغرا يولغا قويۇش»[5] دېگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى تەشەببۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قانۇننىڭ ئادىل بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەممىدىن بەك تەكىتلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇننى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ: بىر كۈنى ھۆكۈمدار (كۈن تۇغدى ـ ئادىل قانۇن ) بىر كۆمۈش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، بۇ تەختنىڭ بىر- بىرىگە چېتىلمايدىغان ئۈچ پۇتى بار ئىكەن، ھۆكۈمدار بىر قولىغا چوڭ بىر پىچاق تۇتۇۋالغان، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئوراگۇن ئىسىملىك بىر ئاچچىق ئوت (ھىندى دورىسى)، ئوڭ تەرىپىدە شېكەر تۇراتتى، ۋەزىر ئاي تولدى ئۇنىڭدىن بۇلارنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ھۆكۈمدار مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ : «مانا قارا مەن بولسام ئادالەت ۋە قانۇنمەن، قانۇننىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەت، دىققەت قىل، قارا مەن ئولتۇرغان بۇ تەختنىڭ ئۈچ پۇتى بار، ئۈچ پۇت ئۈستىدە تۇرغان ھېچقانداق نەرسە بىرتەرەپكە قىڭغايمايدۇ، ئۈچىلىسى تۈز تۇرغاندا تەخت مىدىرلىمايدۇ. ئەگەر ئۈچ پۇتىدىن بىرى قىڭغىيىپ كەتسە قالغان ئىككىسىمۇ قىڭغىيىدۇ ۋە ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشىمۇ يىقىلىپ چۈشىدۇ. تۈز نەرسىنىڭ ھەممە تەرىپى ياخشى بولىدۇ، دىققەت قىلىپ قارىساڭ ياخشى نەرسىنىڭ قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى تۈز بولىدۇ، قانداقلىكى نەرسە قىڭغايسا ئەگرى بولىدۇ، ھەر قانداق ئەگرىلىكتە يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى بار، قارا مېنىڭ قانۇنۇممۇ ئېگىلمەيدۇ، توغرا (تۈز)بولىدۇ. ئەگەر توغرىلىق ئېگىلىپ كەتسە قىيامەت بولىدۇ. مەن ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىمەن، كىشىلەرنى بەگ ياكى قۇل دەپ ئايرىمايمەن، قولۇمدىكى بۇ پىچاق ئۆتكۈر بىر خىل قورال، مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىپ بىر تەرەپ قىلىمەن، ئۆز ھەققىنى دەۋا قىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئىشىنى سوزمايمەن. شېكەرگە كەلسەم، ئۇ مېنىڭ ئىشىكىمگە زۇلۇمغا ئۇچراپ ئادالەت ئىزدەپ كەلگەن ئادەملەر ئۈچۈن قويۇلغان، ئۇ ئادەم مەندىن شېكەر يېگەندەك لەززەتلىنىپ ئايرىلىدۇ، خۇشال بولىدۇ، چىرايى ئېچىلىدۇ. بۇ ئاچچىق ھىندى ئوتىنى بولسا زومىگەرلەر ۋە ئادالەتتىن قاچىدىغانلار ئىچىدۇ، زالىملارنىڭ ئالدىدا قاپىقىمنى تۈرۈپ چىرايىمنى ئاچمايمەن، مەيلى ئوغلۇم، تۇغقىنىم، يېقىنىم، مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن قانۇن ئالدىدا ھەممىسى ئوخشاش. ھۆكۈم چىقىرىشتا ئايرىم مۇئامىلە قىلمايمەن. بەگلىكنىڭ (دۆلەتنىڭ) ئاساسى ئادالەتتۇر، بەگلەر تۈز ۋە ئادىل بولسا دۇنيا بەختىيار بولىدۇ، دۆلەتنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. دۆلەتنىڭ ئاساسى ئادالەت يولى، بەگ ئادىل بولۇپ، ئادالەتلىك قانۇن تۈزسە بارلىق تىلەكلىرىگە ئېرىشىدۇ»[6].

يۇقىرىقىلاردىن، قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت ئادىل قانۇن، باراۋەرلىك، ھەققانىيەت، قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى كەسكىنلىك، دەل ۋاقتىدا بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇشنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيەسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە قانۇننى تەبىقە ئايرىماي ھەممىگە تەڭ، باراۋەر تەتبىقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئادىل قانۇن، ياخشىلىق، باراۋەرلىك، ئادىمگەرچىلىك قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقى، ئادىل قانۇن دۆلەتكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، خەلققە زىيان سالماسلىقى كېرەكلىكىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇنىڭ: «يامان يول تۇتما، ياخشى قانۇن تۈز، يامان قانۇن تۈزمە، يامان قانۇن تۈزگۈچى تىرىك تۇرۇپ ئۆلگۈچىدۇر»[7] دېگەن ئىدىيەسىدە دۆلەتنى ياخشى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئەگەر توغرا يول تۇتمىغاندا، خەلققە زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلغاندا بالايىئاپەتنىڭ ئاخىرى ئۆز بېشىغا كېلىدىغانلىقى، سەلتەنەتنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقى، «خەلققە كەڭچىلىك قىلىپ، ياخشى قانۇن بىلەن ئۇلارنى قوغداش »[8]كېرەكلىكى، «خەلققە بەخت يارىتىش» لازىملىقى[9]، « خەلقنى تىنچ شاد ـخۇرام قىلىش» لازىملىقى [10] نى ئۇبرازلىق، جانلىق، چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا خىتاب قىلغان، بۇلار ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىممەتلىك ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ.

ھۆكۈمدار كۈن تۇغدى (تۆرۈ-ئادىل قانۇن)مۇنداق دېدۇ : « ئالىم مېنىڭ تەبىئىتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ بۇ ئىسمىنى قويدى، كۈنگە قارا، كۈن كىچىكلىمەيدۇ، دائىم پۈتۈن تۇرىدۇ، مېنىڭ تەبىئىتىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئادالەت بىلەن تولغان، ھەرگىز كېمەيمەيدۇ.كۈن تۇغۇلىدۇ ۋە دۇنيانى يورۇتىدۇ، نۇرىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا چاچىدۇ، بىراق ئۆزىدە بىرەر نەرسە كەم بولۇپ قالمايدۇ، مېنىڭ ھۆكۈمۈم شۇنداق»[11]. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بۇ ئىلغار قانۇن ئىدىيەسىنىڭ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ھۆكۈمدارلارغا خىتاب قىلىپ: « دۇنيانى يوق قىلىدىغان ئىككى نەرسە بار، بىرى ۋەزىپىگە سەل قاراش، يەنە بىرى ئادەملەرگە زۇلۇم سېلىش، شۇڭا ياخشى بىر ھۆكۈمدار خەلقنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىر -بىرىنى ئېزىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك»[12] لىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ زۇلۇم بولغان ئەلدە قانۇن ھاكىمىيىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە، «زۇلۇمنىڭ ئوتقا، قانۇننىڭ سۇغا ئوخشايدىغانلىقى، قانۇن بىلەن جاھان تۈزۈلىدىغانلىقى، زۇلۇم بىلەن جاھان بۇزۇلىدىغانلىقى، سۇنىڭ ئوتنى ئۆچۈرەلىگىنىدەك، قانۇننىڭمۇ زۇلۇمنى يوقىتالايدىغانلىقى»[13] نى، « ئادىل قانۇن بىلەن جاھاننىڭ ئوڭشىلىدىغانلىقى، خانلارنىڭ قانۇن ئىگىسى كۈچلۈك بولسا، خەلقنىڭمۇ قانۇن ئىگىسىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، خانلارنىڭ قانۇن ئىگىسى ئاجىز بولسا خەلقنىڭمۇ قانۇن ئىگىسىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقى، خاننىڭ قانۇنغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى زۆرۈر» [14]لۈكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ ئارقىلىق خانلارنىڭ راستچىل، دۇرۇس، بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خانلارنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك، زېھنى ئۆتكۈر بولۇشىنى، «ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى قانۇن ۋە بىلىم بىلەنلا قولغا ئالالايدۇ» [15] غانلىقىنى، پەقەت ئەقىل بىلەنلا دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ياخشى قانۇن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۇرۇس، پەزىلەتلىك، يۇقىرى ئاڭغا ئىگە ھۆكۈمدارغا تايىنىپ ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىگ»تە، «خەلق بېگى ياخشى تاللانغان، كۆڭلى، تىلى تۈز، تەبىئىتى گۈزەل بولۇشى كېرەك» [16] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا دۆلەت ھۆكۈمدارىدىمۇ ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنى ھۆكۈمدارنىڭ ھايالىق بولۇشى، كەيىپ-ساپاغا بېرىلمەسلىكى، مۇلايىم، كەمتەر بولۇشى، تەكەببۇر، ئالدىراقسان بولماسلىقى تەكىتلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە:« بەگنىڭ مەملىكەتنى قانۇن ۋە سىياسەت بىلەن تۈزەيدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھەم ئۇنىڭ سىياسىتىگە قاراپ ئۆز ھەرىكىتىنى يولغا سالىدىغانلىقى»[17] نى، «بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بىلەن بېزەپ، سىياسەت بىلەن مەملىكەتنى تۈزەيدىغانلىقى» [18] نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا بىلىم، ئەقىل ۋە سىياسەتكە تايىنىشى، چارە ـ تەدبىرلىك بولۇشى، دۆلەتنى زورلۇق بىلەن ئەمەس ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ھۆكۈمدارنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن، ئابرۇيىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقى » [19] نى تەكىتلىگەن.

ھۆكۈمدارغا قويۇلغان پەزىلەت ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى يۇقىرى تەلەپلەر، ئەقىل-پاراسەت، سىياسەت ئارقىلىق ئەلنى تۈزەش ئىدىيەسى ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە سىستېمىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ باشقا نۇقتىئىنەزەرلىرى دەل ئۇنىڭ ئادىل قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ خىل ئىدىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقان، سىستېمىلاشقان ۋە مۇكەممەللەشكەن.

### 3. كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى

بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئادىل قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com



يەتتە ئەسىر كېيىن ئۆتكەن فرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى تەبىئىي قانۇن ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان روسسو (1712ـ1778) نىڭ دېموكراتىك قاراشلىرى ۋە بەش ئەسىر كېيىنكى ئەنگلىيە خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئاساسچىسى توماس. مور(1478ـ1535) قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاش قەغەز يۈزىدىكى خام خىيال، قۇرۇق غايە بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە شۇ ئاساستا تۈزۈلگەن، تىنچ ھالەتتىن ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەن، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان قانۇن ـ قائىدىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان قانۇن ئىدىيەسىدۇر. ئۇ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ 400 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە زور رول ئوينىغان بولۇپ، كۆڭزى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

قەدىمكى گرېتسىيە مۇتەپەككۇرى ئارىستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384ـ 322ـيىللار) ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۆزى ياشىغان جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، «سىياسىيشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرىدە «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئەلادۇر»[20] دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن بىلەن ھەققانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قانۇننىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئارىستوتېلنىڭ ئۇستازى ئەفلاتونمۇ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە «دۆلەتنى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پەيلاسوپلار پادىشاھ بولۇش»[21] دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىپ، غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش، باراۋەرلىك ئورنىتىش ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەپسۇس، بۇ قاراش ۋە غايىلەر ھاكىمىيەت كۈچلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىغاندى. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى بىۋاستە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان قانۇنشۇناسلىق ئۈچۈن خام ماتېرىيال قىلغان، رېئال تۇرمۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ ھەقتە بەزى ئىسلاھاتلارنىمۇ ئېلىپ بارغان. بۇ ئەنە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك زور ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ.

تەڭلىك، باراۋەرلىك، ئادىللىق گەرچە فېئودالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولمايدىغان، ئىشقا ئاشمايدىغان بىر غايىۋى چۈشەنچە بولسىمۇ، ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادىل قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» ئىدىيەسى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ ئىدىيە ـ تەشەببۇسلار دۆلەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەم مۇشۇ خىل ئىدىيە ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان ئادىل قانۇن ـ قائىدىلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەل ئاسايىشلىق تاپقان ھەقىقىي مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ جۇلالىق ئوبرازىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار خاندانلىقى يىمىرىلىپ ئاز كەم 300يىلدىن كېيىن قۇرۇلغان سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيەسى يەنە بىر قېتىم قايتا چاقناپ دۆلەت زېمىنىنى چولپان بولۇپ يورۇتقان. سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخانلار گەرچە فېئودال خانلار بولسىمۇ ئاددىي پۇقرالار مەيدانىدا تۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەڭلىك، باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلارنىڭ تەختكە چىقىپ بىرىنچى قىلغان ئىشى زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش بولغان، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە شەرئىي مەھكىمە، قازىخانا، سوراقخانا قاتارلىق ئەدلىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلغان. ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قويۇلغان شەيخۇلئىسلام، قازى قۇززات، قازى مۇپتى، قازى رەئىس، قازى كالانلارنى«قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە تەيىنلەپ قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە يالغۇز دوكلاتقا ئىشىنىپلا قالماي ئۆزلىرى بىۋاستە پۇقراچە كىيىنىپ كۆزەتكەن، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. مۇستەھكەم تەرتىپ ئورنىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىشىغا يول قويمىغان. بۇ دەۋردە ئادالەت، ھەققانىيەت پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ

تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن.

قاراخانىلار خاندانلىقىمۇ 400 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ جەرياندا ئىقتىساد، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا، شەھەر قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق، پەن-مەدەنىيەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، بالاساغۇن شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

دېمەك، قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تارىختا گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ئىدىيەسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، جەمئىيەتنى شۇ ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن قانۇن-قائىدىلەر ئارقىلىق باشقۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دۆلەتنى قانۇن ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيەسى ناھايىتى زور ئۆلگە ئېلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

## ئىزاھلار

[1] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2132-، 2133-بېيىتلەر.
[2] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2015-، 2017-، 2033-بېيىتلەر.
[3] «قۇتادغۇ بىلىگ» 1453-بېيىت.
[4] «قۇتادغۇ بىلىگ» 1456-، 1457-، 1456 -بېيىتلەر.
[5] «قۇتادغۇ بىلىگ» 454-، 453-بېيىتلەر.
[6] «قۇتادغۇ بىلىگ» 771-، 772-، 7786-، 7787-، 800-، 802 -بېيىتلەر.
[7] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2033-بېيىت.
[9] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2032-بېيىت.
[10] «قۇتادغۇ بىلىگ» 5491-، 5492 -بېيىتلەر.
[11] «قۇتادغۇ بىلىگ» 824-، 825-، 826-، 827-، 828 -بېيىتلەر.
[12] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2024-، 5576-بېيىتلەر.
[13] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2032-، 2034-بېيىتلەر.
[14] «قۇتادغۇ بىلىگ» 211-، 5201 -، 5023-، 5282-، 4016-بېيىتلەر.
[15] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2713-بېيىت.
[16] «قۇتادغۇ بىلىگ» 1963-بېيىت.
[17] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2127-، 2128-بېيىتلەر.
[18] «قۇتادغۇ بىلىگ» 2130-بېيىت.
[19] «قۇتادغۇ بىلىگ» 1951-، 1952-، 1972-بېيىتلەر.
[20] شۇ ئەيگو: «غەرىپ قانۇن ئىدىيە تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007-يىلى نەشرى، 38-بەت.
[21] شېن زوڭ لىڭ: « قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى، 170-، 172- بەتلەر.

## پايدىلانمىلار

[1] رىشات گەنج : «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىلى 3- ئاي نەشرى.
[2] مەخمۇت يۈسۈپ: « قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1987-يىللىق 1- سان.
[3] ئەركىن توختى: «جۇڭگو قانۇن ئىدىيە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى.
[4] ۋاڭ لى مىن: «قانۇن ئىدىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم »، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002- يىلى2- ئاي نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 06ـ 112ـ1005ـ5878 (2012)04

# كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ھەققىدە*

## روشەنگۈل ئابدۇرېشىت، ياسىن ئەزىز

(شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى جامائەت خەۋپسىزلىكى پەن ـ تېخنىكا مائارىپى بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كومپيۇتېر جىنايى ھەرىكەتلەردە بارغانسېرى كۆپ قوللىنىلىۋاتىدۇ، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىسپات ئىگىلەش كىشىلەرنىڭ تەتقىقاتى ۋە نەزەرىدە قىزىق نۇقتىغا ئايلانماقتا. بۇ ماقالىدە كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ ئېنىقلىمىسى، ئالاھىدىلىكى، پىرىنسىپى ۋە قەدەم ـ باسقۇچلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا ۋە يۇمتالى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدۇ.

**摘要:** 随着信息技术、网络技术的发展，计算机越来越多的出现在犯罪活动当中，计算机取证正逐渐成为人们研究与关注的焦点。本文介绍了计算机取证的概念、特点、取证的原则和取证的步骤，并探讨了计算机取证的相关技术和软件。

**Abstract:** With the fast development of Internet and computer technology, the computer has become a tool for criminal activities. Therefore, attentions are focused on the computer forensics technology. This thesis not only introduces the concept, feature, principles and forensics steps of the computer forensics technology, but also discusses the related techniques and soft wares.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: TP39　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى، تورلىشىشى، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىشىغا ئەگىشىپ، كومپيۇتېر كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدا بارغانسېرى كۆپ قوللىنىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن يوچۇق ۋە ھۇجۇم قىلىش شەكىللىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، كومپيۇتېر جىنايى ھەرىكەتلەردە بارغانسېرى كۆپ قوللىنىلىپ، كومپيۇتېرغا ئالاقىدار دېلولارمۇ(مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق سودىدىكى ماجىرالار، تور ئارقىلىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش) بارغانسېرى كۆپ كۆرۈلمەكتە. كومپيۇتېر ۋە ئالاقىدار سىرتقى ئەسلىھەلەر (تور ۋاستىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئېلېكترونلۇق ئىسپات پەيدىنپەي يېڭى دەۋا ئىسپاتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. كومپيۇتېر ساھەسى بىلەن قانۇن ساھەسىنىڭ گىرەلەشمە ئىلمى بولغان كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش بارا-بارا كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلانماقتا.

## 1. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭ جەريانى

### 1) كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالاھىدىلىكى

كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدىكى قاراشلار بىر قەدەر كۆپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق تەبىر بېرىشكە بولىدۇ: كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش — قانۇن ئېتىراپ قىلىدىغان، يېتەرلىك ئىشەنچ ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، كومپيۇتېر ۋە ئالاقىدار سىرتقى ئەسلىھەلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئېلېكترونلۇق دەلىل ـ ئىسپاتنى جەزىملەشتۈرۈش، يىغىش، قوغداش، ئانالىز قىلىش، ئارخىپلاشتۇرۇش، ھەمدە سوتتا كۆرسىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش كومپيۇتېردا جىنايەت سادىر قىلىش ۋەقەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشقا

---

* بۇ ماقالە 2011ـيىلى 6ـ ئاينىڭ 10ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتورلار: رۇشەنگۈل ئابدۇرېشىت (1976ـ يىلى10ـ ئايدا تۇغۇلغان) لىكتور، تور ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ۋە يۇمتال قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ياسىن ئەزىز( 1975ـيىلى 4ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، تور ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

باشلىغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ سوتتا پەيدا بولۇشى پەقەت 10يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى ئىشلاردۇر، ئامېرىكىدەك ئۆچۈرلاشقان، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە 30 يىلدەك تارىخقا ئىگە.

ئەڭ دەسلەپكى ئېلېكترونلۇق ھۆججەت كومپيۇتېر ئارقىلىق بىۋاسىتە چىقىرىلغان ھۆججەت بولۇپ، سوتتا ئۇ ئادەتتىكى ماددىي ئىسپات بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلاتتى. بىراق كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ھەمدە كومپيۇتېر بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوت دېلولىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېلېكترونلۇق ھۆججەت بىلەن ئەنئەنىۋى ھۆججەت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكا تەتقىقاتى، مەخسۇس قورال يۇمتالىنى ئېچىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك سودا مۇلازىمىتى ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى ۋە تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى كومپيۇتېر بىخەتەرلىك تېخنىكىسى مۇنازىرە مۇنبىرىگە قارايدىغان بولساق، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ئانالىزى كومپيۇتېر تورىنىڭ نۇقتىلىق تېمىسى بولۇپ قالغان، بۇنىڭدىن كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش كەلگۈسى بىرنەچچە يىلدا ئۇچۇر بىخەتەرلىك ساھەسى تەتقىقاتىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ئېلېكترونلۇق دەلىل-ئىسپاتقا قارىتىلغان. ئېلېكترونلۇق دەلىل - ئىسپاتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەنئەنىۋى دەلىل -ئىسپاتقا نىسبەتەن بىر قېتىملىق جەڭ ئېلان قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېلېكترونلۇق دەلىل -ئىسپات يەنى كومپيۇتېر ئىسپاتى — كومپيۇتېر ياكى كومپيۇتېر سىستېمىسى ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن، خاتىرىلەنگەن مەزمۇن ئارقىلىق دېلونىڭ ۋەقەلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئېلېكترو ماگنىتلىق خاتىرىلىگۈچنى كۆرسىتىدۇ. ئېلېكترونلۇق ئىسپات كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى ئىسپات تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. ئېلېكترونلۇق ئىسپات بىر تۈرلۈك دەلىل - ئىسپات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسپاتقا ئوخشاش ئىشەنچلىك بولۇش، توغرا بولۇش، مۇكەممەل بولۇش، سوتچىلارنى قايىل قىلالايدىغان بولۇش، قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىش، يەنى قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشكە ئالاقىدار تەتقىقاتلار ئېتىۋارغا ئېرىشىپ، ئەدلىيە ۋە كومپيۇتېرشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى.

**2) كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ پىرىنسىپى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى**

كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ئەنئەنىۋى ئىسپات ئىگىلەشتىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا، دەلىللەش جەريانىدا تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشى لازىم. بىرىنچى، دەلىل -ئىسپاتنى ئىمكانقەدەر بالدۇر توپلاش ھەمدە ئۇنىڭ ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ئىككىنچى، دەلىل-ئىسپاتنىڭ باغلىنىشچانلىقىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش، يەنى دەلىل - ئىسپات رەسمىي سوتقا يوللانغاندا، شۇ ئىسپاتنىڭ دەسلەپكى ھالىتىدىن باشلاپ سوتتا مەيدانغا چىققان ئارىلىقتىكى ھەر قانداق ئۆزگىرىشلەرنى چوقۇم چۈشەندۈرۈپ بېرىلىشى كېرەك، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا تېخىمۇ ياخشى. ئۈچىنچى، پۈتكۈل تەكشۈرۈپ پاكىتقا ئېرىشىش جەريانى چوقۇم نازارەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دەۋاگەر ھاۋالە قىلغان مۇتەخەسسىسنىڭ بارلىق تەكشۈرۈپ پاكىتقا ئېرىشىش خىزمىتى باشقا تەرەپ ھاۋالە قىلغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نازارەت قىلىشىغا بويسۇنۇشى كېرەك. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش جەريانى ۋە تېخنىكىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، كومپيۇتېردىكى جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق پاكىتقا ئېرىشىلىدۇ. ئادەتتە، يۇقىرىقى بىر قانچە ئاساسىي پىرىنسىپقا ئەمەل قىلغان ئاساستا، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش خىزمىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) نەق مەيدانىنى قوغداش ۋە تەكشۈرۈش. نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش ئىسپاتقا ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ، ئاساسلىقى فىزىكىلىق ئىسپاتقا ئېرىشىلىدۇ. بۇ تۈردىكى خىزمەت كېيىنكى ھالقىلارنى

www.uyghurkitap.com



ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئۇ نىشان قىلىنغان كومپيۇتېردىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقى ۋە ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ كومپيۇتېرنى پېچەتلەش، كومپيۇتېردا جىنايى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداننىڭ خەرىتىسىنى ۋە تور توپولوگىيەلىك خەرىتىسىنى سىزىش، ھەر قانداق ئۇسكۇنىنى يۆتكەش ياكى چۇۋۇشتىن ئاۋۋال سۈرەتكە تارتىپ ئارخىپتا ساقلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار كېيىن نەق مەيداننى تەقلىد قىلىش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىۋاسىتە ئاساس بولالايدۇ.

(2) ئىسپاتقا ئېرىشىش. ئىسپاتقا ئېرىشىشتە ماگنىتلىق دىسكا تەسۋىرى، سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شىفىر يېشىش، توردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى قولغا چۈشۈرۈش دېگەندەك قوراللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، كۆپلىگەن ئېنىقسىزلىق ئىچىدىن مۇئەييەن ئېنىق نەرسىلەر تېپىپ چىقىلىدۇ.

(3) دەلىل ـ ئىسپاتنى بېكىتىش. كومپيۇتېر ئىسپاتىنىڭ بېكىتىلىشى ئاساسلىقى ئىسپاتنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى تەكشۈرۈشنى ھەل قىلىدۇ. پاكىتقا ئېرىشكۈچى كىشىنىڭ توپلىغان دەلىل ـ ئىسپاتىنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاش كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش خىزمىتىنىڭ قىيىن نۇقتىلىرىدىن بىرى. ھالبۇكى، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېرىشىلگەن دەلىل ـ ئىسپاتنى ئاسانلا ئۆزگەرتىۋەتكىلى ۋە يوقىتىۋەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىسپاتقا ئېرىشىش جەريانىدا ھەر خىل تەدبىر ئارقىلىق ئىسپاتنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(4) دەلىل ـ ئىسپاتنى ئانالىز قىلىش. بۇ كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ يادروسى ۋە مۇھىم ھالقىسى. توپلىغان سانلىق مەلۇمات ۋە پىروگرامما بىلەن نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان سانلىق مەلۇماتنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىلگەن ئىزلارنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئىگىسى ياكى ئېلېكترونلۇق ئىمزا، مەخپىي شىفىر، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى، تورغا چىقىش IP ئادرېسى قاتارلىق كومپيۇتېردا ئالاھىدە بار بولغان ئۇچۇر پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى ئارقىلىق، دېلونىڭ باشقا پاكىتلىرىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(5) ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدەم باسقۇچلارنىڭ ھەممىسى تىنچ ھالەتتە بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن نىشان قىلىنغان سىستېمىغا قارىتا تىنچ ھالەت ئانالىزى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كومپيۇتېردا جىنايەت سادىر قىلىش تېخنىكىسى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇخىل تىنچ ھالەت ئانالىزى تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ۋە تاجاۋۇزچىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق تور بىخەتەرلىكى قورالى بىلەن تور سىستېما قۇرۇلمىسى تېخنىكىسىنى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەرىكەتچان ھالەتتە ئىسپات ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. دەلىل — ئىسپات ئىگىلەش جەريانىدىمۇ يەنىلا داۋاملىق جىنايى قىلمىشنى داۋاملاشتۇرغان كومپيۇتېر سىستېمىسىغا قارىتا تاجاۋۇزنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئارقىلىق تور ھۇجۇمىنى تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلەر ياكى قىلتاق قۇرۇپ ئىز قوغلاش ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

(6) نەتىجىنى يوللاش. نىشان قىلىنغان كومپيۇتېر سىستېمىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش ۋە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى يەكۈنلەپ چىقىرىلىدۇ ھەمدە مۇتەخەسسلەرنىڭ دەلىل-ئىسپاتى شەكلىدە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا سۇنۇلىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغىنى پەقەت كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش جەريانىدا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي پىرىنسىپ ۋە ئادەتتىكى قەدەم باسقۇچلاردىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت جەريانىدا يەنە كونكرېت مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك مۇلاھىزە قىلىپ، ئىسپات ئىگىلەش جەريانىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ۋە ئىسپاتنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 2. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشكە دائىر تېخنىكىلار

شىفىرلىق ئىسپاتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسلىقى سىستېما ۋە توردىن ئىبارەت. سىستېمىدىن

كېلىدىغان ئىسپات سىستېمىسىنىڭ كۆندىلىك خاتىرە ھۆججەتلىرى، زاپاس ۋاسىتە، تاجاۋۇزچىنىڭ قالدۇق نەرسىلىرى، ئالماشتۇرۇش رايونىنىڭ ھۆججەتلىرى، ۋاقىتلىق ھۆججەت، قاتتىق دىسكىنىڭ تەقسىم قىلىنمىغان بوشلۇقى، سىستېما سوقۇلۇشىنى سۇسلاشتۇرۇش رايونى، پىرىنتېر ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توردىن ئېرىشىلىدىغان ئىسپات مۇداپىئە خاتىرىسى، تاجاۋۇزنى تەكشۈرۈش سىستېمىسىنىڭ خاتىرىسى، باشقا تور قوراللىرىدىن ئېرىشىلگەن خاتىرە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسپاتنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قاراپ، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى يەككە ئاپپاراتتا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى، توردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ۋە ئالاقىدار ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسىغا بۆلۈنىدۇ.

**1) يەككە ئاپپارات ئاساس قىلىنىدىغان كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى**

يەككە ئاپپاراتتا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ئىسپات بار بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان تورغا چېتىلمىغان كومپيۇتېردىن پاكىت تېپىش تېخنىكىسىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ساقلاش ئۈسكۈنىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى، شىفىرلاشتۇرۇش ۋە شىفىر يېشىش تېخنىكىسى، قاتتىق دىسكا تەسۋىرىنى كوپىيەلەش تېخنىكىسى، ئۇچۇر ئاختۇرۇش ۋە سۈزۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى. سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاساسلىقى جىنايەت گۇماندارى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ياكى ماگنىتلىق دىسكىنى فورماتلاپ يوقاتقان شىفىرلىق ئىسپاتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ماگنىتلىق دىسكىنى فورماتلاش پەقەت ھۆججەت سىستېمىسىنى كۆرگەن ھەر خىل جەدۋەللەرنى قايتىدىن تۈزۈش جەريانى بولغانلىقتىن، مۇبادا فورماتلاشتىن بۇرۇن ماگنىتلىق دىسكىدا سانلىق مەلۇمات مەۋجۇت بولسا، فورماتلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ سانلىق مەلۇماتلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ؛ ھۆججەتنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش مەشغۇلاتىمۇ ھۆججەتنى رەسمىي يوسۇندا ئۆچۈرمەيدۇ، پەقەت مۇشۇ ھۆججەتنى ھاسىل قىلغان سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىپ سىستېمىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ، ئادەتتىكى ئوقۇش مەشغۇلاتىدا بۇ يىغىندا مەلۇماتلار كۆرۈنمەيدۇ. سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى دەل مانا مۇشۇنداق ئادەتتە كۆرۈنمەيدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

(2) شىفىرلاشتۇرۇش، شىفىرسىزلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە پارولغا ئېرىشىش. ئىسپات ئىگىلەش جەريانى كۆپ ھاللاردا قانداق قىلىپ مەخپىي سانلىق مەلۇماتنى شىفىرسىزلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان مەخپىي نومۇرنى يېشىش ۋە پارولغا ئېرىشىش تېخنىكا ئۇسۇللىرىدىن ئاساسلىقى: شىفىرنى تەھلىل قىلىش تېخنىكىسى، شىفىرنى يېشىش تېخنىكىسى، پارول ئاختۇرۇش، توردا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ۋە پارول چىقىرىۋېلىش قاتارلىقلار بار.

(3)قاتتىق دىسكا تەسۋىرىنى كوپىيەلەش تېخنىكىسى. ئىسپات ئېلىش ۋە تەھلىل قىلىش خىزمىتىنى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان كومپيۇتېردىكى دىسكىدا ئېلىپ بارغىلى بولمىغانلىقتىن، قاتتىق دىسكا تەسۋىرىنى كوپىيەلەش تېخنىكىسى ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تېخنىكا ئارقىلىق بايت رېتى بويىچە كوپىيەلەشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(4)ئۇچۇر ئاختۇرۇش ۋە سۈزۈش تېخنىكىسى. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشنىڭ ئانالىز باسقۇچىدا ھەر دائىم ئاختۇرۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالاقىدار سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرىغا قارىتا ئىزدەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار تېكىست، سۈرەت، ئاۋاز چاستوتىسى ياكى كۆرۈنمە چاستوتا بولۇشىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىلاردىن ئاساسلىقى: سانلىق مەلۇماتنى سۈزۈش تېخنىكىسى، سانلىق مەلۇماتنى قېزىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار بار.

**2) توردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى**

توردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى دېگىنىمىز تور ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش

www.uyghurkitap.com



ياكى توردا ئالاقە قىلغان سانلىق مەلۇمات ئۇچۇر ماتېرىيالى ئارقىلىق ئىسپاتقا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ IP ئادرېسىغا ئېرىشىش تېخنىكىسى، ئېلېكترونلۇق يوللانما ۋە ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا قارىتا ئىسپات ئېلىش تېخنىكىسى، تور تاجاۋۇزچىسىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) IP ئادرېسىغا ئېرىشىش تېخنىكىسى. IP ئادرېسى جىنايەت گۇماندارىنىڭ سالاھىيىتى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئاشكارىلايدىغان مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپ، سىستېمىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى، E ـ Mail باش ئۇچۇرىنى تەھلىل قىلىش ۋە تەكشۈرۈلىدىغان نىشان بىلەن بىۋاسىتە خەت ـ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ IP ئادرېسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ ۋە ئىلگىرىلىگەن ھالدا VisualRoute، eRoute ـ Trac قاتارلىق يۇمتال ۋە يەر شارى IP ئادرېسىنىڭ تەقسىملىنىش جەدۋىلىگە ئاساسەن بۇ IP ئادرېسىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ۋە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

(2) ئېلېكترونلۇق يوللانما ۋە ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا قارىتا ئىسپات ئېلىش تېخنىكىسى. ئېلېكترونلۇق يوللانما ۋە ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: ھەر ئىككىسىلا ئاددىي قوللىنىشچان كېلىشىم ۋە تېكىستنى ئىشلىتىپ ساقلاش ۋە ئايلانما تارقىتىش ئېلىپ بارىدۇ، پەقەت ئۇچۇرلارنىڭ كۆپلىگەن ئارىلىق سىستېمىدىن ئۆتۈشىگە يول قويىدۇ، ئۇچۇرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بېسىپ چىقىرىشقا بولىدىغان ھەرپ بەلگىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ باش ئۇچۇر يوللىغۇچى بىلەن تاپشۇرۇۋالغۇچى ئارىسىدىكى مۇساپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇچۇر يوللىنىش مۇساپىسىدىكى ئىزلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتقا ئېرىشىشكە بولىدۇ.

(3) تور تاجاۋۇزچىسىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى. تاجاۋۇزچىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشتىن مەقسەت ھۇجۇم مەنبەسىنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ، ھۇجۇم خەۋىرىنىڭ توردىكى تارقىلىش لىنىيەسىنى مۆلچەرلەش، شۇ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغۇچىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. IP خەۋەر تاجاۋۇزچىسىنى قوغلاش تېخنىكىسى تۇتاش تەكشۈرۈش، كۈندۈلۈك خاتىرە، ICMP قوغلاش ئۇسۇلى، خەۋەر ئۇچۇرىغا بەلگە سېلىش تېخنىكىسى ۋە ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە تور ئۆلىنىشتىكى «ئالدىنقى ئۆلىنىش» نىڭ ئۇچۇرىنى بايقاشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى روتېرنى ۋاستىچى قىلىشتۇر. ئەمەلىيەتتە قوللانغاندا دائىم يەككە ئاپپاراتتا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى، توردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ۋە ئالاقىدار ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، تېخىمۇ تولۇق ۋە ئىشەنچلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3. مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدىكى كومپيۇتېر بىخەتەرلىك مۇنازىرە مۇنبىرىگە قارايدىغان بولساق، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش كىشىلەرنىڭ كەڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان مەسىلىگە ئايلانغان. خەلقئارادا بۇ توغرىدا بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە نۇرغۇن شىركەتلەر ئالاقىدار قوللىنىشچان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىققان.

ئامېرىكىدا قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇش پىلانلانغان كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تەجرىبىخانىسىدىن بەشى بار بولۇپ، ئۇلار تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قوغلاش ۋە كومپيۇتېر جىنايەتچىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكىدا كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش ساھەسىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن Dan Farmer ۋە Wietse Venema لار ئىسپات ئېلىشقا ياردىمى بولىدىغان بىر نەچچە قوراللارنى تۈزۈپ چىققان، يەنە ئۇلار ياسىغان بىر قانچە سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى بار يۇمتاللارنىڭمۇ ئىسپات ئىگىلەش تەكشۈرۈشكە ياردىمى تېگىدۇ. مەملىكىتىمىز يېقىنقىدىن بېرى، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش جەھەتتىكى تەتقىقاتقا كىرىشىپ، كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەشتە مەخسۇس

قوللىنىلىدىغان كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ۋە ئىسپات ئېلىشقا ياردىمى تېگىدىغان تاجاۋۇزنى تەپتىش قىلىش سىستېمىسىنى ھەمدە سانلىق مەلۇماتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قورالىنى ياساپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كومپيۇتېردىكى بارلىق سانلىق مەلۇماتلارغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بارالايدىغان قوراللار تېخى كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ ئىز قوغلاشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز.

## 4. نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر

نۆۋەتتە كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ئاساسلىقى: پېرسپېكتىۋ ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى، كىمگە ۋە نېمە ئىشقا تاقابىل تۇرۇشنى، نېمىنىڭ ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەسلىك، تەييارلىق تولۇق بولماسلىق، تولۇق ئىسپاتقا ئېرىشەلمەسلىك؛ ئۈنۈمدىن باشقا، سىستېما چوڭ، مۇرەككەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇش؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك قوراللار بولماسلىق؛ بىلىم ۋە تەجرىبە كەمچىل بولۇش؛ سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ئاسان، تەھلىل قىلىش قىيىن بولۇش ۋە ساقلاش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىرغا قەدەر ئالاقىدار ئورۇنلار كومپيۇتېر بىخەتەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق تېخى يۈرۈشلەشكەن مەشغۇلات ئۆلچىمى بولمىغاچقا ئېرىشكەن ئىسپاتنىڭ نەتىجىسى گۇمانلىق بولىۋاتىدۇ. كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىسپاتقا ئېرىشىش قوراللىرىنى باھالاش ئۆلچىمى ۋە ئىسپات ئىگىلەش خىزمىتىنىڭ مەشغۇلات قېلىپىنى بېكىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## پايدىلانمىلار

[1] 王玲，钱华林.《计算机取证技术及其发展趋势》[J]，软件学报，2003，14(9):1635 1644.
[2] 戴士剑、陈永红.《数据恢复技术[M]. 北京：电子工业出版社. 2003(2).
[3] 钱桂琼，杨泽明，许榕生.《计算机取证的研究与设计》[J]，计算机工程，2002，28(6):56 58.
[4] 赵小敏，陈庆章.《打击计算机犯罪新课题—计算机取证技术》[J]，信息网络安全，2002(9).
[5] 梁锦华，蒋建春，戴飞雁等.《计算机取证技术研究》[J]，计算机工程，2002，28(8):12 14.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com

33 ـ يىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 33 卷第 4 期
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2012 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 118 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلاردىن ئۇ ياشىغان دەۋرگە نەزەر*

ئىسرائىل مۇتىللا

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830002)

قىسقىچە مەزمۇنى: ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق بۇددا ئۇستازى، تەرجىمەشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىپ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇ ياشىغان دەۋر ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**: 本文章中，描述了关于古代维吾尔族人有名的翻译家，佛教大师僧古萨里的事迹。同时提到了僧古萨所翻译的作品中关于他，且国外所存在的及研究中的材料基础上，他所生活时代的有关看法也被提到了。

**Abstract:** This paper introduces the ancient famous Uyghur translator and Buddhist master monk Gusali, and according to his translated works and research materials abroad, analyzes the condition of his living age.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K206 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئۇيغۇرلارنىڭ بوگۇنكى تۇرپان رايونىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇپ چىققان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە بۇ زېمىن، شۇنداقلا غەربىي يۇرت توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان تارىخچىلىرىمىز ئىچىدە مەشھۇر تەرجىمان، تىل ئۇستىسى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تارىخ جەھەتتىكى تۆھپىسىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخچىلارنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاننىڭ يەر ـ جاي ناملىرى، تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرى ۋە ئىزاھاتلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

بۇ مەشھۇر تىل ئۇستىسى، تەرجىمان ۋە تارىخچىنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئېنىق ئىسمى توغرىسىدا ھازىر ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە (تەخمىنەن850-يىلىدىن 1270- يىلىغىچە) ياشاپ ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىنى ئېنىقلاشتا ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرلەرگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. گېرمانىيەلىك تۈركولوگ موللېر ئالتۇن يارۇقنىڭ تۇرپان نۇسخىسى بىلەن ۋېنشۇگو نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مىلادىيە 8- ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. گابائىن خانىم «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئاساسەن كېيىنكى تاڭ دەۋرىدە (923- 935) تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ[1].

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 8- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئىسرائىل مۇتىللا (1976-يىلى 6- ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پروفېسسور فىڭ جياشىڭ بولسا شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە (960- 1127) تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىغان. رۇسىيەلىك رادلوف بىلەن مالوف بۇ ئەسەرنى 13 ـ 14 - ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ دەۋر خۇسۇسىيىتىگە قاراپ 8ـ 9 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانىي دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە دەپ قارىغان[2]، ھەمدە ئالتۇن يارۇقنىكى تىلنىڭ 9- 10- ئەسىرلەردىكى پىشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ تەكىتلىنىۋاتقىنى 10- ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان، دېگەندىن ئىبارەت. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەپسىلىي ھاياتى توغرىسىدا تېخى ئېنىقسىزلىك، تولۇق ماتېرىيال يوق، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدا قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان. 1908- يىلى موللېر تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ V56. III ت نومۇرلۇق ۋارىقىنى، 1910- يىلى مالوف تەرجىمە قىلغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تېپىلغان نۇسخىنىڭ خاتىمىسىنى، گېڭ شىمىن 1958- يىلى تەرجىمە قىلغان «شۈۋەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخىنىڭ 7- بۆلۈمىنى، تۈركىيەلىك شىناس تېكىن تەتقىق قىلغان، 1965- يىلى گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدىن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنى، 1985- يىلى پىچاندىن تېپىلغان سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنىڭ دولقۇن قەمبىرى ترانسكرىپسىيە قىلغان نۇسخىسىنى

كۆرگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «... بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ... تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان ...» دېگەن قىممەتلىك ئۇچۇر ئۇچرايدۇ. بىز بۇ ئۇچۇر ئارقىلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىق شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن شەخس ئىكەنلىكىنى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئۇنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ توغرىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. دەسلەپكى ئىزدىنىش ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان قىسمەن خاتىرىلەردە «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى سىڭقۇ بولۇپ، سەلى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. تۇتۇڭ ئەسلى ئۇنىڭ راھىبلىق مەرتىۋىسىگە بېرىلگەن نام ئىكەن[3]. يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سىڭقۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، سەلى تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق نامى ياكى راھىبلىق مەرتىۋىسىدۇر[4] دېيىلگەن. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمانىنىڭ دىنىي نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. 1975- يىلى گىئورگى خازاي سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «نەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك» ناملىق نومنىڭ 5- ۋارىقىنى ئېلان قىلغاندا كۆرۈلگەن «胜光法师» دېگەن خەنزۇچە خەتكە ئاساسەن «سىڭقۇ» نى ئىسىم بولماستىن بەلكى دىنىي لەقەم دەپ قارىغان. فرانسىيەلىك خامىلتون «سەلى» نى سانسكرىتچە acarra (ئۇستاز) نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى[5] دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى قاراشلار سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئۇنىڭ ئىسمى ياكى راھىبلىق ئەمەل نامى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يەنىلا بىر ئۇلۇغ تەرجىمان، تىلشۇناس، تارىخچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

## 2. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ۋە مەلۇماتلار

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قايسى دەۋردە ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ھەرخىل بولۇپ ئەمەلىيەتتە ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ تەخمىنىي يىلى مۆلچەر قىلىنىپ، ئۇ ياشىغان دەۋرگە بېرىلگەن باھالار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

موللېر ئىككى نۇسخىسىنىڭ تىل، مەزمۇن ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت پەرقىگە ئاساسەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تۇرپان نۇسخىسى بىلەن سۇجۇ نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، مىلادىيە 8ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

گابائىن خانىم سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان

www.uyghurkitap.com



«شۇەنزاڭ تەزكىرىسى»نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق لوياڭ شەھىرىنىڭ لۇجىڭ دەپ يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن كېيىنكى تاڭ دەۋرى(مىلادىيە 923ـ936ـ يىللىرى)دە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

فىڭ جياشىڭ بۇ ئەسەر شىمالىي سۇڭ دەۋرى (مىلادىيە 960ـيىلىدىن 1127ـيىلىغىچە) دە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ ( شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «چىراق خاتىرلىرى» دە لوياڭ شەھىرى لۇجىڭ دەپ يېزىلغان، بۇ شۇەنزاڭ تەزكىرىسىدىكىسى بىلەن ئوخشاش).

بۇلاردىن باشقا يەنە ئېلىمىز ئالىملىرىدىن گېڭ شىمىن، ياپونىيەلىك خۇيافۇ، رۇسىيەلىك تۇگاشېۋا، مىنشكوۋ، تۈركىيەلىك شىناس تىكىن قاتارلىقلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ۋە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ يەكۈنلەر ئاساسەن «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دىكى تىل ۋە ئىسىم ئۆزگىرىشلىرىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان. تۆۋەندە يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ تېپىلغان ۋاقتىغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

بىرىنچىسى، «ئالتۇن يارۇق». گېرمانىيەنىڭ 3ـ قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906ـ1907ـيىللىرى تۇرپان مۇرتۇقتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئونچە ۋارىقىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

1910ـيىلى روسىيەلىك مالوف گەنجۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ شىگۇ كەنتىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كاڭشىنىڭ 26ـيىلى (1687ـيىلى)غا تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ باسما نۇسخىنىڭ 397 ۋارىقىنى ئېلىپ كەتكەن.

گېرمانىيەلىك موللېر 1908ـيىلى تۇرپاندىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بەزى نوسخىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ «ئالتۇن يارۇق» تىن پارچىلارنى ئېلان قىلغان.

گېرمانىيەلىك فون لىكوك تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئالتۇن يارۇقنىڭ تولۇق بولمىغان ئۇيغۇرچە نوسخىسىنى ۋە سانسكرىتچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

ئىككىنچىسى، «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى». 1930ـيىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈەن فۇ ئۈرۈمچىدە بىر سودىگەردىن بۇ كىتابنىڭ بىر قىسمىنى يەنى 242 ۋارىقىنى سېتىۋالغان. يۇسۇف خاكىن يەنە سەككىز ۋارىقىنى سېتىۋېلىپ گابائىن خانىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. فرانسىيەنىڭ «گۇيمېت مۇزېخانىسى» پ . فىللوتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر سودىگەردىن 123 ۋاراق كېلىدىغان قىسمىنى سېتىۋالغان.

بۇ ئىككى ئەسەر 20ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، تېپىلغان دائىرلىرى تۇرپان، گەنسۇ قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى ئەسەر ھەرگىزمۇ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان تۈنجى نۇسخا ئەمەس. ئەينى دەۋر تۇرپان رايونىدىكى گۈللەنگەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدە كىتاب كۆچۈرۈش ۋە نوملارنى بېسىش ، تارقىتىش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇددا نوملىرىنى ۋە باشقا بۇددا نوملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆچۈرگۈزۈپ بۇددا دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىش ياساۋاتقان تىل ۋە باشقا قىسمەن ئامىللارنىڭ تەسىرىدە بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن ئۆز دەۋرىدىكى تىل بويىچە كۆچۈرۈلۈپ ئەسلىي نۇسخا ۋە ئەسلىي مەزمۇندىن ئاز-تولا چەتنەپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال ، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ نۇسخىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان تۇنجى نۇسخا ياكى شۇ دەۋردىن قالغان بىرەر نۇسخا بولمىغان ئەھۋالدا، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدا ئەكس ئەتكەن تىل ۋە باشقا ئالاھىدىلىكنى تۇتقا قىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ياكى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئۇ توغرىلىق يېزىپ قالدۇرۇلغان بايانلارغا ئاساسەن ئىزدىنىش زۆرۈر. يەنى يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلار ئەسەرلەرنىڭ خاتىمىسى، بابلارنىڭ ئاخىرى، ھەتتا مەزمۇنى

ئاخىرلاشمىغان بىر قىسىم بەتلىرىدە ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇلار سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى مەنبەلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولۇپ، يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللاردا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىلىق ئوخشاش مەزمۇندىكى خاتىرىلەر بار بولۇشى مۇمكىن. بۇ بايانلارنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئۆزى قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بۇ بايانلار دەسلەپكى نۇسخا ئاساسىدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ھاياتى بىلەن پىششىق تونۇش كىشىلەر، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كىتاب كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن ئەسلىدىكى ياكى كونا نۇسخىدىن كۆچۈرۈلگەن بايانلار بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئەسەرنى كۆچۈرگۈچىلەر دەسلەپكى بايانغا ئاساسەن ئۆزلىرى كۆچۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىغا قىستۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ تەرجىماننى ياد ئېتىپ كەلگەن.

## 3. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى زىل ئۇچۇرلار

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردە قىستۇرما شەكلىدە بايان قىلىنغان. تۆۋەندە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى يازما مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ باقايلى: بۇلار تۇرپاندىن 1906 – 1907 – يىللىرى ئېلىپ كېتىلگەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۈنچە ۋارىقى ئىچىدىكى TIII . V . 56 – نومۇرلۇق ۋارىقىدا ۋە مالوف 1910 – يىلى گەنجۇدىكى ۋاڭ شىگۇدىن ئېلىپ كەتكەن «ئالتۇن يارۇق»نىڭ خاتىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندىكىسى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق»تىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار:

«Y(ə)mə kutlu ɑɪ θngtüɑɪ uluq t(a)woɪaq ilinta... taysing siwxing alkuxastrlarɑɪ kamaɑɪnomlarïɑɪ kalïsïz θtkürmix bodistw gitso samsito atl(ï) ɑɪ aqari ənətkək tilintin tawoɪaq tilinqə əwirmix yana bu bix qəbik kəlyük buloɪanyuk yawiz θtdə koluta kinki boxɑɪutluɑɪ bix balikïlïɑɪ singko səli tutung tawoɪaq tilintin türk uyoɪur tilinqə ikiləyü əwirmix altun onglüg yaruk yalïzïkliɑɪ kopta kθtürülmix altun nom iligi atl(i)olnom bitig tug ədi » η

يەشمىسى:

«يەنە قۇتلۇغ شەرىقتىن ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە، ماھايانا، ھىنايانا(مەزھىپىنىڭ) بارلىق شاستىرلىرىنى ھەممە نومىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرگەن بۇدساتۋا ئۇستاز گىتسو سامتسو سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە بۇ بەش (تۇرلۇك) پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان ياۋۇز زاماندا، كېيىن ئۇقۇمۇشلۇق بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ تەرجىمە قىلغان ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق -يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نىم پادىشاھى ئاتلىقنىم پۈتۈك تۈگىدى».

يۇقىرىقى بايان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىسپات بولۇپ، گەرچە بۇنىڭدا ئېنىق ۋاقىت بولمىسىمۇ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم قىلىشتا ۋاستىلىق ئۇچۇر بولالايدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغىنى «. . . بەش خىل پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان . . . » دېگەن بۇ جۈملە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تىلغا ئېلىنغان باشقا ئەسەرلەردە يوق، شۇڭا ئۇ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچىدىن ئىبارەت. بەش خىل پاسكىنىچىلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ، بەش خىل پاسكىنىچىلىق بىلەن بولغانغان قەبىھ زامان قايسى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بەش خىل پاسكىنىچىلىق بۇددا دىنىدىكى بەش خىل پەرھىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ سۆزدىن بۇددا دىنى تەلىماتلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، نىسپىي تىنچ بولغان قوچوغا نىسبەتەن سىرتتىن كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەسىر سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن داۋالغۇش ۋە بۇددا دىنى ئۇچرىغان كۈچلۈك خىرىسنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋردە بۇ بەش پەرھىز ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ۋە ئېغىر خىرىسقا

www.uyghurkitap.com



ھەمدە باشقا تۈرلۈك توسالغۇلارغا يولۇققان ، بىر سادىق بۇددا مۇخلىسىنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ جەمئىيەتكە باھا بېرىشى، ئۆز نارازىلىقى ۋە قارىشىنى ئىپادىلىشى تەبىئىي بولۇپ، بۇددا دىنى تەلىماتلىرى بىلەن تويۇنغان يۇقىرىقى بىر جۈملە بايان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل قوچۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىنىڭ ئىنچىكە بايان قىلىنىشىدۇر.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى يەنە بىر زىل بايان شۇكى، «. . . كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ...» بۇ بايان «ئالتۇن يارۇق» ۋە بىر قىسىم نوم پارچىلىرىدا ئۇچرايدۇ . «. . . كېيىن ئىلىملىك بولغان . . .» دېگەن بايان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەندە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭمۇ بىللە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى «. . . بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ . . .» دېگەن ناھايىتى ئېنىق ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدىغان بۇ سۆز سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەجدادلىرىنىڭمۇ بېشبالىقتا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارغا قارىغاندا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە داۋالغۇش مەۋجۇت بولۇپ، بۇخىل داۋالغۇشنى بېشبالىقتا يۈز بەرگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداق بولسا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قايسى دەۋرىدە ياشىغان؟ دېگەن مەسىلىگە تارىخىي يازمىلاردا خاتىرلىنىپ قالغان قوچۇ خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تىلغا ئېلىنغان بايانلارنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى(مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 1278 ـ يىلىغىچە) نۇرغۇن قېتىملىق داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن 880 ـ يىلىغىچە بولغان خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى، تىبەتلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ خانلىقنى مۇستەھكەملەش دەۋرى. ئىككىنچى باسقۇچ، مىلادىيە 950 ـ يىلىدىن كېيىن باشلانغان قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدىكى قوچۇ بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى قوچۇغا داۋالغۇش ئېلىپ كەلگە ن دەۋر. ئۈچىنچى باسقۇچ، 1130 ـ يىللىرىدىن 1218 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان قىتانلار تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىغان دەۋر. تۆتىنچى باسقۇچ، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ماجرالار تۈپەيلىدىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان دەۋر بولۇپ، بۇ بېسىم ئىدىقۇت خانلىقنى قوچۇدىن گەنسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىش بىلەن خۇلاسىلەنگەن. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ 1260 ـ يىللاردىن كېيىنكى تەخت ماجرالىرى قوچۇ خانلىقىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا خانلىقنىڭ غۇلاپ چۈشىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ زۇلمەتلىك تارىخىي دەۋرنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىلىق خاتىرە قالدۇرۇلغان «. . . بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ ياۋۇز زاماندا ياشىغان . . .» دېگەن ئۇچۇر بىلەن باغلاش مۇمكىن.

بىرىنچى قېتىملىق داۋالغۇشنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ كەلگەن بېسىمى نەتىجىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغان. ئىككىنچى قېتىملىق داۋالغۇش قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە دىن تارقىتىش يولىدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قوچۇ ئۇيغۇر تەۋەسىگە قارىتا دىنىي كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ناھايىتى زور كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇپ قاراخانىيلار قوشۇنىنى قارا شەھەردىن شەرققە ئۆتكۈزمىگەن[6]. بۇ دەۋر دەل فىڭ جيا شىڭ ئەپەندىنىڭ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدىكى قارىشى (مىلادىيە 960 ـ 1127 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ) غا توغرا كېلىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قارا خانىيلار خانلىقى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، سىياسىي تۈزۈمى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇداخىلە قىلماي، ئۇلارنىڭ توختام بويىچە تاپشۇرىدىغان باج ـ سېلىقى بىلەنلا قانائەتلەندى[7]. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قىسىم

يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆججەتلىرى قوچۇ خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولۇپ، بۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك يازما ھۆججەتتە قوچۇ خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بۇ دەۋردىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان يازما يادىكارلىقلار يەنە خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ بار بولۇپ، ۋاڭ يەندىنىڭ «ئۇيغۇر قوچۇ ئېلىگە سەپەر» دېگەن ئەسىرىدە «بۇ يەردە كەمبەغەل ئىنسان يوق، ئۇلار ئېھتىياجى بارلارغا يېمەك ـ ئىچمەك ياردەم قىلىدىكەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، ئومۇمەن يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدىكەن، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۇچرىتىش ھېچ مۇمكىن ئەمەسكەن» [8] دېگەن بايانلار بار. ۋاڭ يەندى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە مىلادىيە 981 ـ يىلى بارغان، ئۇنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا قوچۇ ئېلى گۈللەنگەن بىر دەۋردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ مۇشۇ دەۋردە ياشىغان بولسا، «. . . بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان» دېگەندەك بايانلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم داۋالغۇشقا توغرا كەلگەن دەۋرى 1125 ـ يىلىدىن كېيىنكى قارا قىتانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا خانلىق تىكلەپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى داۋاملاشقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، بۇ مەزگىلدە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاراقىتان خانىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما، بېشبالىق قاتارلىق قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيەسىنىڭ قاراقىتانلارنىڭ بىۋاسىتە مۇداخىلە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىلىق مەلۇمات يوق. شۇ سەۋەبتىن، سىڭقۇ سەلى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلارنى بۇ دەۋر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىزمىز.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم قىلىشتا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر بايان 1985 ـ يىلى پىچاندىن تېپىلغان 13 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىچىدىكى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان، دولقۇن قەمبىرى «سەككىز يۈكمەك»كە ئاساسەن ترانسكرىپسىيە قىلغان نوم ۋارىقىدىكى «. . . سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تەگرى . . . تەلىپىگە ئاساسەن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان . . .» دېگەن بايان بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئارسلانخان، ئىدىقۇت دەپ ئاتايدىغان قوچۇ خانلىرىنىڭ نامىغا ئوخشىمايدىغان تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تەگرى . . . ئاتالغۇسى ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھۆججەتكە قاراپ باقايلى:

1.a(l)quxastir-larïq kamqq nom-larïq

2. Otkürmix tïdïqsïz bilmək uhmak-

3.ta uluq ərkinmək -kə təgmix

4.bolistv tait(a) o samtso atliq aqari

5. əm(ə)tkək tilintin tavqaq tilin

6.qə aqtar-mïx tavqaq

7.tilintin yana kinki

8.boxqut-luq bix balïķ-lïq

9. singķo səli tutung təngrikən

10.tüz-mix toqrït igin t(ə)ng

11.otügina yangïrtï tü(tk uyqur)

12.tikinqə əvirmix.......

دولقۇن قەمبىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى«سەككىز يۈكمەك يارۇق»قا ئاساسەن، ئۇنىڭ كەمتۈك قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلغان:

12. .tikinqə əvirmix (təngrili yir)

13.li-tə səki(z türlügin yarumix)

14.(yaltrïmïx ïduķ **d(a)rni** **t**ək vip atlq
sudur

15.(nom bilig)

يەشمىسى:

«بارلىق شاسترلارنى ھەممە نوملارنى ئۆزلەشتۈرگەن چەكسىز بىلىش-ئوقۇشتا يۇقىرى قابىلىيەتكە ئېرىشكەن بۇدساتۋا تايتۇ سامتسۇ ئاتلىق ئۇستاز سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. خەنزۇ تىلىدىن كېيىن يەنە ئۇقۇمۇشلۇق بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تەگرى ... تەلىپىگە ئاساسەن تۈرك-ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىلىغا تەرجىمە قىلدى (ئاسمان بىلەن زېمىندا سەككىز تۈرلۈك يورۇغان ـ يالتىرىغان مۇقەددەس دارنى تەقۋىپ ئاتلىق سۇترا نوم پۈتۈك)».

يۇقىرىقى«. . . سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تېكىن تەڭرى . . . تەلپىگە ئاساسەن . . .» دېگەن باياندىكى تەڭرى ئاتالغۇسى مۇھىم بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىرى ئاساسەن ئىدىقۇت نامىنى كۆپ قوللانغان، تەڭرى ئاتالغۇسىنى قوللانمىغان. ۋاڭ يەندېنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا مىلادىيە 981 ـ يىلىدىن كېيىن قوچۇ خانلىرى ئارسلانخان دەپ ئاتالغان. تەڭرى نامىنى قوشۇپ ئاتىغان خانلار توغرىلىق مەلۇماتلار يوق. تەڭرى سۆزى ئارقىسىدىكى چېكىتلىك يەرنىڭ ئورنىنى پەقەت قاغان ئاتالغۇسى بىلەن تولۇقلاپ يەنى «تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تەڭرى قاغان »دەپ ترانسكرىپسىيە قىلسا مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. قوچۇ خانلىرىنىڭ ئىچىدە قاغان دەپ ئاتالغانلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پان تېكىن بىلەن بۆكۈ تېكىن ئىككىسى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى لى جىن سەلتەنىتىنىڭ 10 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 856 ـ يىلىدىكى «ئۇيغۇر خانىغا ئۇتۇغات ھەدىيە قىلىش يارلىقى» دا پان تېكىنگە «تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» دېگەن نام ھەدىيە قىلىنغان. پان تېكىن بولسا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن تاكى ۋاڭ يەندى مىلادىيە 981 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە كېلىپ، قوچۇ خانلىرىنىڭ نامىنىڭ ئارسلانخان دەپ ئاتىلىشىغا باشلانغانلىقىدىن ئۆچۈر بەرگۈچە بولغان ئارىلىق قوچۇ خانلىرىنىڭ ئىدىقۇت، ئارسلانخان ناملىرىنى قوللىنىپ ، قاغان ئاتالغۇسىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ۋاستىلىك بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلاردىكى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدىن نوم تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلغان تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تىكىن قاچان ياشىغان ؟ ئۇ كىم؟ بۇ مەسىلىگە ئېنىق ئىزاھات ۋە جاۋاب بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ كىشىنىڭ تەڭرىكەن دەپ ئاتالغىنىغا نىسبەتەن ئورقۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرلىرىدىكى تەڭرى ئاتالغۇسىنى قوللانغان قاغانلار ۋە تەڭرى سۆزىنىڭ بۇ خاندانلىقلاردا مەرتىۋە نامى بولۇشقا باشلىغان ۋە ئاخىرلاشقان دەۋر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا، بۇنىڭغا يەنە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تولۇقلاش ئارقىلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغىنى مويۇنچۇر قاغانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىلگە تارخان (毗加可汗) بولۇپ، بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىدىگەن مۇيۇي قاغان (移地健牟羽可汗) دەپ كۆرسىتىلگەن[9]. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغانلىرى ۋە ئۇنىۋان ئالغانلىرى پان تېكىن بىلەن بۆكۈ تېكىن بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىنكىلىرى ئاساسەن ئىدىقۇت دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە تەڭرى قاغان دەپ ئاتىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 980 ـ يىللار بولۇپ، بۇنىڭغا ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇ خانلىرىنىڭ ئارسلانخان دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشى دەلىل بولالايدۇ.

تەڭرى قاغان ئاتالغۇسى« توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»دا بىر قەدەر كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەڭرىدىن ئۇلۇغ، تەڭرىدىن بولمىش قاتارلىق مەدھىيە سۆزلىرىدىن باشقا 12 ـ قۇر ۋە 15 ـ 16 ـ 17 ـ 18 ـ قۇرلاردا تەڭرى قاغان دېگەن ناممۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، تەڭرى قاغان ئاتالغۇسى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئاتاق نامى بولۇپ ئۇزاق مۇددەت قوللىنىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ يەنە بىرى گېرمانىيەنىڭ ماينز(MAINZ)شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار ئىچىدىكى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان نومنىڭ بىر ۋارىقىدا بار بولۇپ، بۇ قول يازما ئارىسىدىكى بىر مەزمۇننى 1955 ـ يىلى تۈركىيەلىك شىناس تېكىن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان.

«Y(ə)mə kutluq uluɑ tawɑaq ilintə....atl(ï)ɑ səngrəmdəki üq aɑïlïk nom θtkürmix...samtso atl(ï)ɑ aqari ənətkək tilintin tawɑaq tilinqə əwirmix basa yana alkatmix on uyɑur ilintə kinki boxɑutluɑ bis balïklïɑ singko səli tutung tawɑaq tilintin ikiləyu türk tilinqa aktarmix mïng

**kθzlügmïng iliglig...** aryavlokldixur bodistwnign kïlmïx...birlə ukïtu nomlamak atl(ï)σ𝔮 üqünq təgzinq tügədi»

يەشمىسى:

«يەنە قۇتلۇق تاۋغاچ ئېلىدە... ئاتلىق ئىبادەتخانىدىكى ئۈچ غەزىنىلىك نومنى ئۆزلەشتۈرگەن...سامستو(ئۈچ غەزىنىلىك) ئاتلىق ئۇستاز سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان.كېيىن يەنە مەدھىيەلەنگەن ئون ئۇيغۇر ئېلىدە كېيىن ئۇقۇمۇشلۇق بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئىككىنچىلەپ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مىڭ كۆزلۈك، مىڭ قوللۇق ئاۋالوكىتېشتۋارا بۇدساتۋانىڭ قىلمىش...بىلەن ئۇختۇرۇپ نوملىماق ئاتلىق ئۈچىنچى جىلد تۈگىدى».

بۇ ئۇچۇردا باشقا ئۇچۇرلاردىن پەرقلىق ھالدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدا « ئون ئۇيغۇر ئېلىدە كېيىن ئۇقۇمۇشلۇق بولغان» دېيىلگەن بايان بار. بۇ ئون ئۇيغۇر ئېلى زادى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇيغۇر قايسى دەۋردىن باشلاپ ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان؟ دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئون ئۇيغۇر ئېلى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەڭ ئاۋۋال تۈرك ـ رونىك يېزىقىدا پۈتۈلگەن بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشىدا كۆرۈلىدۇ. يەنى «نەگرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگ خاقان . . . تولىس . . . ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن. سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە... ئېل ئەركىن ياشايدىكەن . . . سۇ . . . ئۇ يەردە قالغان خەلق. ئون ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ، . . . ئورخون دەرياسى . . . تۈرك ـقىپچاق (خەلقى ئۈستىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغان ئىكەن. تورك ئېلىگە يىگىرمە ئالتە يېشىمدا . . . بەردى. ئۇ چاغدا بويلا. . . يەنە چۈشتى. توققۇز ئوغۇز خەلقىمنى تېرىپ ـ يىغىپ ئالدىم. ئاتام كۆل بىلگە خاقان قوشۇن ...ئەۋەتتى»[10]. ئون ئۇيغۇر توغرىسىدا يەنى فەزلۇللا رەشىدىدىن يازغان «جامىئول تاۋارىخ» دېگەن ئەسەردە «. . . قۇتتاغ دېگەن بىر تاغ بار، بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدىن ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدىن توققۇز دەريا ئېقىپ چۈشىدىكەن. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەنە شۇ دەريا ۋادىلاردىكى تاغ ۋە تۈزلەڭلىكتە ياشايدىكەن. ئون دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن. ئون دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار يەنە ئون ئارغۇت ياكى ئون ئورقۇن دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدىكەن»[11] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇچۇردىن ئون ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئورقۇن ۋادىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئون ئۇيغۇر توغرىسىدا ئەبۇلغازى باھادىرخان يازغان «تارىخي شەجەرئيي تۈرك» دېگەن ئەسەردە «موغۇل يۇرتىدا يەنە بىر تاغ بار بولۇپ قۇتتاغ دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدە سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان ئون ساي، يەنە بىر يېرىدە توققۇز ساي بار ئىدى. بۇ سايلارنىڭ ھەممىسىدىلا چوڭ دەريالار بار ئىدى. . . . ئون سايدا ئولتۇرغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايدا ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە ئېكىن مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى . . . شۇنىڭدىن باشلاپ ئون ئۇيغۇرلارغا تورە بولغانلارنى ئېل ئىلتەر دەپ ئاتىدى»[12] دەپ يازغان. بۇ ئۇچۇرلارمۇ جامىئول تاۋارىختىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئورقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئون ئۇيغۇر ئېلى ئورقۇننى ئاساس قىلغان خانلىق بولۇپ، بۇ خانلىقنىڭ زېمىنى كېيىنكى مەزگىللەردە بېشبالىق قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئون ئۇيغۇر ئېلىلىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ قانداقتۇ مىلادىيە 839 ـ يىلىدىن كېيىن ئورقۇن ۋادىسىدىن تۇرپان ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى تۇرپان ۋە بېشبالىق ئەتراپىنىڭ ئورقۇن خانلىقىغا تەۋە ۋاقىتلىرى ئىكەنلىكىنى، بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئورقۇن خانلىقىنى ئۆز ئېلى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئەمەس بەلكى يەنە بۇ خانلىقنىڭ زېمىنىدا ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بولسا ئورقۇن خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ئون ئۇيغۇر ئېلىدە ياشىغان دېگەن بايانلار چىقمىغان بولاتتى.

يۇقىرىقى بىر قانچە ئۇچۇرلارغا ئاساسەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇق قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە ئەمەس بەلكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىقتا ياشاپ ئۆتكەن شەخستۇر. ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىق بىر قانچە قېتىم بۇ خانلىقنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆچى غەربىي يۇرتتا ئاجىزلاشقاندىن كېيىن تۈبۈتلەر، قارلۇقلار، تۈركەشلەر بۇ جاينى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن تالاشقان. تۇرپان ۋادىسى دائىرىسىدە ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. دېمەك، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان ۋە بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ جايدا ياشىشى ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇن. دېمەك، سىڭقۇ سەلى تۇتۇق مۇشۇ جايدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادىدۇر.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قايسى دەۋرىدە ياشىغانلىقى توغرىسىدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇق توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن ئورقۇن خانلىقىنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا، ھەمدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئون ئۇيغۇر يەنى ئورقۇن ئېلىلىق ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىشتىن باشقا «بەش خىل پاسكىنچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان» دېگەن ئۇچۇر بىلەن ئۇنىڭ يۇرتى ئون ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بىر قىسمى بولغان بېشبالىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. ماقالىنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، سىڭقۇ سەلى تۇتۇق ياشىغان بەش تۈرلۈك پاسكىنچىلىق بىلەن بۇلغانغان زامان ئۇنىڭ يۇرتى بېشبالىقنىڭ مۇئەييەن داۋالغۇش ھالىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل داۋالغۇش توغرىسى ئورقۇن خانلىقى دەۋرىدە يۈز بەرگەن. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭغا نوم تەرجىمە قىلىشقا ھاۋالە قىلغان تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تېكىن تەڭرى دېگەن كىشىنىڭ كۆرۈلىشى بېشبالىق ئەتراپىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان خاقان ئوغۇللىرى يەنى تېكىنلەرنىڭ بارلىقىنى ھەمدە بۇ خاقان ئوغۇللىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇھىم يەرلىرىدە خانلىققا ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى زادى قاچان بېشبالىق ئەتراپىنى كونترول قىلغان؟ بېشبالىقنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ داۋالغۇشلۇق دەۋرى زادى قاچان بولغان ؟ مانا بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقاندىلا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە بىر قەدەر ئېنىق جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن جەڭگە-جېدەللەر توغرىسىدا «توققۇز ئۇيغۇر قاغان»مەڭگۈ تېشىدا مەلۇماتلار بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ 15- قۇرىدا «. . . بېشبالىقنى قايتا-قايتا قورشاۋغا ئالدى . . . تەڭرى قاغان شەخسەن ئۆزى زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ رەقىبلىرىنى يەر چىشلەتتى ۋە شەھەرنى قايتۇرىۋالدى» دېگەن ئۇچۇرلار بار. نېمە سەۋەبتىن تەڭرى قاغاننىڭ بېشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتۇرۋالغانلىقى بۇ مەڭگۈ تاشتا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ؟ بۇ مەسىلە ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقىنىڭ ئۆزىگە تەۋە جايلاردا يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەتلىرى ۋە تېبەتلەرنىڭ قول تىقىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىلادىيە789-يىلى بېشبالىق ئەتراپىدىكى شاتۇ، قارلۇق ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا قارشى كۆتۈرۈلدى.شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 790-يىلى تېبەتلىكلەر بېشبالىقنى ئىگىلىۋالدى. مىلادىيە 790-يىلى باش ۋەزىر ئەل ئۆگەس قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ بېشبالىق شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، ئەمما كېيىن تېبەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بېشبالىق شەھىرىنى قايتا ئىگىلىۋالدى. مىلادىيە 790- يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەل ئۆگەس بېشبالىقنى قايتۇرۋېلىشقا يەنە ئورۇندى. ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن بىر قانچە مىڭ ئەسكەر توپلىدى ۋە تاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تېبەتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى [13] ، مىلادىيە 791- يىلى ئورقۇن قوشۇنلىرى تېبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇننى مەغلۇب قىلىپ، بېشبالىقنى قايتىدىن ئىگىلىدى.«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 13- قۇر 39-خېتىدىن باشلاپ بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ۋە تېبەتلەر بىلەن قىلغان جەڭلىرى دەل مىلادىيە 790-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بېشبالىق ئۇرۇشى ياكى

بېشبالىق ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت[14]. دېمەك، بۇ يىللاردا بېشبالىق شەھىرى بىر قانچە خىل كۈچلەرنىڭ تەڭلا قول تىقىشى نەتىجىسىدە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، شەھەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، تارىختىكى گۈللەپ ياشنىغان يىپەك يولىنىڭ بۇ تۈگۈنى زور داۋالغۇچقا دۇچ كەلگەن. مىلادىيە 791- يىلىدىن كېيىن، بۇ رايوندىن گەرچە تىبەتلەر چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، قارلۇق ۋە باسمىل قەبىلىلىرىنىڭ ئورقۇن خانلىقىغا قارشى پائالىيەتلىرى توختاپ قالمىغان. مىلادىيە 808-يىلى تەختكە چىققان تەڭرى قاغان قايتا قوشۇن باشلاپ، قارلۇق خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، قارلۇقلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى سارت، باسمىل قەبىلىلىرىنى قايتا بويسۇندۇرۇپ بېشبالىق رايونىنى يەنە تارتىۋالغان[15]. دېمەك، بېشبالىق ھەر قايسى خانلىقنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ تارىختىكى سەلتەنەتلىك دەۋرى ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى «... بۇ بەش تۇرلۇك پاسكىنچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ...» دېگەن بايانلار ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن داۋالغۇچقا دۇچ كەلگەن بېشبالىق شەھىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. يۇقىرىقى بايانغا يەنە ئورقۇن خانلىقىنى كۆرسىتىدىغان «ئون ئۇيغۇر ئېلىدە ياشىغان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ...» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن «... تەڭرىكەن تۇزمىش توغرىل تېكىن تەڭرى تەلىپىگە بىنائەن...» دېگەن بايانلاردىكى ئورقۇن قاغانلىرىنىڭ ئاتاق ناملىرى بولمىش تەڭرى ۋە تەڭرىكەن دېگەن ناملارنى باغلاپ مۇلاھىزە قىلغاندا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە يەنى مىلادىيە8- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 9- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بېشبالىق شەھىرىدە ياشىغان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## ئىزاھلار


[1][2][5] غاپپار روزى: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق ئالىمى ۋە مەدەنىيەت ئەربابى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986- يىلى 1- سان، 83-86- بەتلەر.

[3][4] ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق: «ئالتۇن يارۇقنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى»، شىنجاڭ ياشلىرى، 2003- يىلى 7- سان، 44- بەت.

[6] ئىسراپىل يۇسۇپ: «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ»، تارىم ، 1986- يىلى 2- سان، 154- بەت.

[7] [8] [12] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 -يىلى 2-نەشرى، 450-، 600، 601- بەتلەر.

[9] ئۆزقان ئىزگى:«ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 -يىلى1 -نەشرى، 91- بەت.

[10][14] س.گ.كىلياشتۇرنى قاتارلىقلا:«مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار: ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى 1- نەشرى، 168-، 174- بەتلەر.

[11] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ قاتارلىقلار: «قەدىمىي ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 114-بەت( ئۇيغۇرچە).

[13] ئەبۇلغازى باھادىرخان:«شەجەرەئى تۇرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 1- نەشرى، 34 - بەت.

[15] خۇاتاۋ:«غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى 1 - نەشرى، 81 41- بەتلەر.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

33 ـ يىللىق 4 ـ سان
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 33 卷第 4 期
2012 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 128 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە*

**ھاجى ئابدۇراخمان باقى**

(قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئازسانلىق مىللەتنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە سىڭدۈرۈلگەن بىلىم، ئۇچۇر، ھۈنەر ـ سەنئەت كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، ئۇنىڭغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيەۋى مەزمۇن ھازىرمۇ ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماقالىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنىڭ ئىلمىي مەنىسى، تۈرى، ساقلىنىش ئەھۋالى، قوغداش ئۇسۇلى، قىسمەن ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 少数民族的古籍包括我 55 个少数民族的古籍。此文章主要阐述对古籍的科学含义、类别，内容保护保存方式和利用上进行的研究。

**Abstract:** The ancient books of ethnic minorities refer to the ancient writing works of 55 ethnic minorities in China. These ancient books are still gathering attentions by their knowledgeable, informative and skillful contents at present. This thesis mainly discusses about the meanings, categories, preservation conditions, protecting measures and several other problems of ancient books of Uyghur, Uzbek and Tajik in Xinjiang.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K852　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

قەدىمكى كىتاب قەدىمكى ئەسەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز يېزىقى ياكى باشقا تىل ـ يېزىق بىلەن يازغان، ئىجاد قىلغان، تەرجىمە قىلغان، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، دەۋردىن دەۋرگە ئۆلىنىپ كېلىۋاتقان قوليازما ۋە باسما شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى، يەنى يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، تۈزۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان، قىيا تاشلارغا چېكىلگەن، تارىشلارغا، ياغاچلارغا، سۆڭەكلەرگە ئويۇلغان، رەخ، ھايۋانات تېرىسى، قەغەزلەرگە يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ھەم بېسىلغان، يازما، باسما شەكىلدىكى كىتابلارنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى — مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزمۇندا شىنجاڭدىكى

---

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ھاجى ئابدۇراخمان باقى(1962 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى، مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى قاتارلىق ساھەلەردە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرغىچە «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتاب مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن 100 كىتاب»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى توغرىسىدا» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان. «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابىنى ۋە ئۆزىنىڭ «ھاجى ئابدۇراخمان باقى ماقالىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تاپشۇردى. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، كۆچۈشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئاغزاكى يادىكارلىقلار، قىممەتكە ئىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرىدىكى بارلىق قەدىمكى ئەسەرلەر، قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەر، تاش پۈتۈك( تاش ئابىدىلەر)، رەخت ۋە تېرە پۈتۈكلەر، ياغاچقا ئويۇلغان پۈتۈكلەر، ۋەسىقىلەر ھەمدە قوليازما ۋە ھەرخىل باسما شەكىلدىكى كىتاب-ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىممەت جەھەتتە، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي بىلىملىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ، مىللەت، دىن ۋە پەن — مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە سىڭدۈرۈلگەن بىلىم، ئۇچۇر، ھۈنەر-سەنئەت كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ شەكلى، مەزمۇنىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان كۆركەم شەكىل ھازىرمۇ ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىندۇر.

جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى بىرىنچى، دىنغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار (ئىپتىدائىي دىن، بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە باشقا دىنلار)؛ ئىككىنچى، پەلسەپەگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار(پەلسەپە، ئىستىلىستىكا، پسىخولوگىيە)؛ ئۈچىنچى، ئېتىكىغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ تۆتىنچى، سىياسىي، قانۇنغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ بەشىنچى، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئالتىنچى، ئىقتىسادقا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ يەتتىنچى، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيەگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ سەككىزىنچى، تىل-يېزىققا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ توققۇزىنچى، ئەدەبىياتقا ئائىت قەدىمكى كىتابلار (ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، شېئىر، دراما، ھېكايە-رومان، ئوچېرك، خەلق ئەدەبىياتى، دىنىي ئەدەبىيات)؛ ئونىنچى، سەنئەتكە ئائىت قەدىمكى كىتابلار (سەنئەت نەزەرىيەسى، خەتتاتلىق ، رەسساملىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل)؛ ئون بىرىنچى، تارىخ، جۇغراپىيەگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار (تارىخ، ئۆرپ-ئادەت، جۇغراپىيە)؛ ئون ئىككىنچى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئون ئۈچىنچى، ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىققا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئون تۆتىنچى، تېبابەت، سەھىيەگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئون بەشىنچى، يېزا ئىگىلىكى پەنلىرىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار (ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق)؛ ئون ئالتىنچى، سانائەت تېخنىكىسىغا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئون يەتتىنچى، قاتناش-ترانسپورتقا ئائىت قەدىمكى كىتابلار؛ ئون سەككىزىنچى، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك قەدىمكى كىتابلار؛ ئون توققۇزىنچى، باشقا تۈردىكى قەدىمكى كىتابلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇخىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك ئەدەبىيات تارىخىنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، مەن ئۇزۇن يىل ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك 18تۈرگە ئايرىپ چىقتىم. بۇ ساھەگە قىزىققۇچى ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ بۇنى كۆرۈپ كەم قالغان جايلىرىنى تولۇقلىشىنى، بۇ ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى دەۋر جەھەتتىن: ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى قەدىمكى ئەسەرلەر (كىتابلار)، مىلادىيە 5-ئەسىرگىچە؛ قەدىمكى دەۋردىكى قەدىمكى ئەسەرلەر (كىتابلار)، مىلادىيە 5-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى ئەسەرلەر (كىتابلار)، 15-ئەسىردىن 17-ئەسىرگىچە؛ كېيىنكى دەۋردىكى قەدىمكى ئەسەرلەر (كىتابلار)، 18- ئەسىردىن 20- ئەسىرگىچە؛

www.uyghurkitap.com



يېقىنقى زاماندىكى قەدىمكى ئەسەرلەر دەپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

2) قەدىمكى كىتابلاردا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ژانىر ئوبيېكتى، مۇناسىۋىتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى، تىل جەھەتتىكى خاسلىقلىرى ئېتىبارى بىلەن شېئىرى (پوئېزىيە) ژانىردىكى قەدىمكى كىتابلار، ئېپىك ژانىردىكى قەدىمكى كىتابلار دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

3) قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىغا ئاساسەن، تەبىئىي پەنگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

4) قەدىمكى ئەسەرلەرنى بىر مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىنى، يېزىقىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى ئۆلچەم قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر، يازما ئەدەبىياتقا ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

5) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىغا ئاساسەن، مەڭگۈ تاشلار قەدىمكى ئەسەرلىرى؛ بۇتخانىدا ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى قەبرىستان (گۆرىستان) دا ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى قەبرىستان (گۆرىستان) دا ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ مەسچىت (خانىقا، مەدرىس) تە ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ ئائىلىدە ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرى، ئالىي مەكتەپ، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، ج خ ئورۇنلىرى ۋە ئارخىپ ئىدارىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەنلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

6) ئەڭ قەدىمكى دەۋر نۇقتىسىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت تەڭرى ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرى، شامانىزم دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرى، مانى دىنى ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرى، خىرىستىيان دىنىنىڭ نىستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

7) قەدىمكى ئەسەرلەرنى تۈر جەھەتتىن، قەغەزگە يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەر، قەغەزسىز قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قەغەزگە يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىلادىيە 105 ـ يىلى، بۇنىڭدىن 2000 يىللار مۇقەددەم[1] قەغەزنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، ھەرخىل كىتاب، گېزىت ، ژۇرنال ياكى قولىيازما خاراكتېرىدە يېزىپ ساقلىغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

قەغەزسىز قەدىمكى ئەسەرلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، دەۋردىن دەۋرگە كۆچۈپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، شۇنداقلا قەغەزدىن باشقا ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەڭگۈ تاشلار، قىياتاش سىزمىلىرى، يىپەك رەخ، تارىشا، بامبۇك، دەرەخ قوۋزاقلىرى، چىغىناق تاغاق پۈتۈكلەرگە، تېرىلەرگە، تاش پۈتۈكلەرگە، ياغاچلارغا، سۆڭەكلەرگە، رەختلەرگە پۈتۈلگەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ توققۇز ساراي قەدىمىي شەھەرىدىن (خەن دەۋرىگە تۇغرا كېلىدىغان) قەدىمكى خېتى بار ياغاچ تارىشا پۈتۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان[2].

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۇملىدىن قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن قەدىمكى ئەسەرلىرى، ھۆججەت ئالاقىلىرى، مەڭگۈ تاشلار، قىياتاش سىزمىلىرى، تاش پۈتۈكلىرى، يىپەك رەخ، تارىشا، بامبۇك، دەرەخ قوۋزاقلىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك قاغانلىقى (مىلادىيە552 ـ يىلىدىن744 ـ يىلىغىچە) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى (مىلادىيە744 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلىگەن ھەم ئۇلارنى «مەڭگۈ تاش» دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق ئۇلار بىزگە بىر پۈتۈن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ.

8) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى تۈپلىنىش ھالىتىگە قاراپ، نەشر

بۇيۇملىرى، قولىيازمىلار، نەشرىسىز بۇيۇملار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ[3].

نەشر بۇيۇملىرى دېگىنىمىز- ياغاچ مەتبەئە، تاش مەتبەئە، مىخ مەتبەئەدە رەسمىي چاپى( نەشر) قىلىنغان، ھەرخىل مەتبەئە بۇيۇملىرىدا بېسىپ تارقىتىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تاش مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان.

قولىيازما ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن، مەتبەئە ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى خەتتاتلار، كاتىپلار، خۇش خەتچىلەر قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈپ يېزىپ چىققان قولىيازما كىتاب، ئەسەرلەر، ھۆججەت ئالاقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساقلىنىۋاتقان زور كۆپچىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر بىر ئۆمۈر قولدا سەنئەتلىك كۆچۈرگەن قولىيازمىلاردۇر.

نەشرىسىز بۇيۇملار بولسا مەڭگۈ تاشلار، قىياتاش سىزمىلىرى، تاش ئويمىلار، رەخت پۈتۈك، تېرە پۈتۈك، تارىشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما پۈتۈك، دەرەخ قوۋزىقى ياكى يوپۇرمىقى قاتارلىقلارغا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

9) قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ماقالە، ئىلمىي ماقالە، قولىيازما كىتاب، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب، دېسسېرتاتسىيە، گرافىك (ئىسخېما)، يىغىن خاتىرىسى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

10) قەدىمكى ئەسەرلەر (قەدىمكى كىتاب، ۋەسىقە، ھۆججەت ئالاقەلەر) نى پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسى جەھەتتىن، بىرىنچى قېتىم ئىشلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر، ئىككىنچى قېتىم ئىشلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر، ئۈچىنچى قېتىم ئىشلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

11) قەدىمكى ئەسەرلەرنى يازغان، تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان ، كۆچۈرگەن ئاپتورنىڭ تەۋەلىكىگە ئاساسەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئاپتورى يازغان، تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان، كۆچۈرگەن قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە باشقا مىللەت ئاپتورلىرى يازغان، تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان، كۆچۈرگەن قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۆز مىللىتىنىڭ ئاپتورى يازغان، خاتىرىلىگەن، پۈتكەن قەدىمكى ئەسەرلەر، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2005-يىلىدىن 2008-يىلىغىچە ئومۇمىي كاتالوگى تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ئومۇمىي تومىغا كىرگۈزۈلگەن 1000 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

12) قەدىمكى ئەسەرلەرنى تىل- يېزىقىغا ئاساسەن يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە باشقا مىللەتنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان، بىراق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، ئۆرپ- ئادىتىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن قەدىمكى ئەسەرلەر، مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان «24 تارىخ»تىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. يەنى سى ماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ، بەن گۇنىڭ «خەننامە»، پەن يېنىڭ «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى باشقا مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

13) قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاش، ساقلىنىش ئورنىدىن چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە دۆلىتىمىزدە ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ[4].

دۆلىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرگە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدە، كۇتۇپخانىلاردا، مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا ۋە ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا، كىتابخۇمار خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق قەدىمكى ئەسەرلەر كىرىدۇ. چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، چەت ئەل

www.uyghurkitap.com



ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ۋە تاجاۋۇزچىلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قەدىمكى ئەسەرلەر، مەسىلەن، ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋېنگىرىيەلىك ئارخېئولوگ، يازغۇچى ئاۋرېل ستەيىن (1862ـ1943)، شىۋېتسىيەلىك جۇغراپىيون، ئارخېئولوگ سىۋېن ھېدىن (1865ـ1952)، فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس پائول پېللىئوت (1878ـ1945)، ياپونىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى ئوتانى كوئول (1876ـ1948)، چارروسىيەلىك مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيون، ئېكسپېدىتسىيەچى چوقان ۋەلىخانوپ (1835ـ1865) قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ۋاشىنگتون، بېرلىن، پارىژ، لوندون، توكيو، سانكت پېتىربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەرگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قەدىمكى ئەسەرلەر. ئىككىنچىسى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان مىللەتلەر بىلەن قانداشلىق جەھەتتە يېقىن بولغاچقا، چەتئەللەردە يىغىپ توپلانغان، رەتلەنگەن، تەتقىق قىلىنغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ساقلىنىشى، تەتقىق قىلىنىشى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۈچىنچىسى، چەت ئەللەردىكى جۇڭگوشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىم تەتقىقاتچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرلىپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا يېزىپ چىققان تەتقىقات ئەسەرلىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ[5].

14) قەدىمكى ئەسەرلەر (كىتابلار) نىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن، كەبىر (چوڭ قېلىپلىق) قەدىمكى ئەسەرلەر، ئەۋسەت (ئوتتۇرا قېلىپلىق) قەدىمكى ئەسەرلەر، سىغار (كىچىك قېلىپلىق) قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

15) قەدىمكى ئەسەرلەرنى مەتبەئەدە بېسىلغان ئورنىغا ئاساسەن، دېھلى، بومباي باسمىسى، تاشكەنت غۇلام ئارىپ مەتبەئەسى، تاشكەنت ئالكسورپورتوپ مەتبەئەسى، تاشكەنت پورسۇپ مەتبەئەسى، ئورۇنبورگ مەتبەئەسى پاكىستان باسمىسى، لاھور (مولتان) باسمىسى، تاشكەنت (ئېللىيون) باسمىسى، بۇخارا باسمىسى، قازان (مىللەت مەتبەئەسى) باسمىسى، قازان خارتوپ مەتبەئەسى، قازان چېركوپ مەتبەئەسى، قازان كەرىمە مەتبەئەسى، سانكت پېتىربۇرگ باسمىسى، مىسىر قاھىرە باسمىسى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى بېيروت باسمىسى، ماتا بىئوررەشىد (مەدىنە) باسمىسى، تۈركىيە سائادەت مەتبەئەسى باسمىسى، ئىستانبۇل ئوسمانىيە مەتبەئەسى، مەتبەئىي خۇرشىد مەتىللى نۇرى ياكى خۇرشىد مەتبەئىي نۇر (قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى)، قەشقەر شىۋېت مەتبەئەسى، قەشقەر نۇر مەتبەئەسى(مەتبەئىي نۇر)، شۋېدۇڭ ـ كورە مەتبەئەسى دېگەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇخىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بېسىلغان ئورنىغا قاراپ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

16) قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىغا ئاساسەن، تۈرك رونىك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر، سانسكرىت يېزىقى، قارا شەھەر يېزىقى (توخرى يېزىقى) دا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر، كۇسەن يېزىقى، كۆك تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، ئەرەپ يېزىقى، پارس يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، ئوردۇ يېزىقى قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر ئەرەپ يېزىقى، پارس يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئوردۇ يېزىقى قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن.

17) قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن دىنىي مەزمۇندىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ئاممىباب (دىندىن خالىي) قەدىمكى ئەسەرلەر دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. دىنىي مەزمۇندىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى زورۇ ئاستېر، بۇددىزم، مانى، خىرىستىيان ۋە ئىسلامىيەت تۈسىگە ئىگە قەدىمكى ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى دۇنياۋى

خاراكتېرلىك «تۈركشۇناسلىق»، «ئۇيغۇر شۇناسلىق»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»، «تۇرپانشۇناسلىق»، «ئالتايشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى. گېرمانىيە، ئەنگلىيە، روسىيە، ياپونىيە، دانىيە، شىۋېتسىيە، شىۋېيتسارىيە، ۋېنگرىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى نوپۇزلۇق ئالىملار 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ئارقىلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى ئەزىزلەپ ۋە قەدىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاكادېمىيەلىرىدە، كۇتۇپخانا، مۇزېيلىرىدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ ھەم تەتقىق قىلىپ، «تۈركشۇناسلىق»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»، «تۇرپانشۇناسلىق»، «ئالتايشۇناسلىق» تەتقىقاتىنى ئىزچىل كۈچەيتتى، ھازىر دۇنيادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ قوليازما فوندلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن قەدىمكى ئەسەرلىرى ساقلانماقتا. بىراق ئۇلارنىڭ سانى ھازىرغىچە تولۇق مەلۇم ئەمەس، ئېنىقلانغانلىرىنىڭ بىرقىسمىنىڭ سانىنى تۈركشۇناس س.كىلياشتورنى 2003-يىلى ئۆزىنىڭ «مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ۋە رونىك يېزىقىنىڭ يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سانكت پېتربورگدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قوليازمىلار بۆلۈمىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن 4228 پارچە قوليازما، ھۆججەت، ۋەسىقە ساقلانغان. بۇ سان ئەرەب، مانى، قارۇشتى يېزىقلىرىدا يېزىلغانلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرچە يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. س.كىلياشتورنى ۋېنگرىيە ئالىمى، پىروفېسسور گ.خاساننىڭ مەلۇماتىغا تايىنىپ قەدىمكى ئۇيغۇر قوليازمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ساقلانمىلىرى گېرمانىيەنىڭ پايتەختىدە ساقلانماقتا دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنى ئا.گروندىۋېدىل ۋە ئا.لىكوكلار شىنجاڭغا قىلغان تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا (1902-1914-يىللار) تۇرپان تەۋەسىدە توپلىغان يادىكارلىقلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ سانى سەككىز مىڭ پارچىدىن ئارتۇق. لوندوندىكى ئا. ستەيىن، پارىژدىكى پ. پېللىئوتنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئەڭ كۆپ ساقلانمىلىرى تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان. رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ 40 نەچچە يىل بۇرۇن، يەنى 1964- يىلى يازغان «كونا تۈرك قانۇنى ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابىدا ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ كىتاب فوندلىرىدا 400 گە يېقىن ئۇيغۇر قانۇنى ھۆججەتلىرى بار دەپ مەلۇمات بېرىلگەن؟. ھەرقايسى مەملىكەتلەردە 400 گە يېقىن ھۆججەت بولغان يەردە نەچچە مىڭ پارچە باشقا مەزمۇندىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

## 2. قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداشتا ئىشلەنگەن ئاساسلىق خىزمەتلەر

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا تىزىمغا ئېلىنغان 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى بار. كىتابخۇمار خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا يەنە نەچچە مىڭ پارچە قەدىمكى ئەسەر بار، ئەلۋەتتە. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەر ئىچىدىن 2010-يىلى ئاران مىڭ پارچىسىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلىنىپ، دۆلەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. كاتالوگى ئىشلەنمىگەن توققۇز مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان سان-ساناقسىز قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنىڭ كاتالوگىنى تۇرغۇزۇش تەخىرسىز مەسىلە، ئەلۋەتتە.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى بار. ھەرقايسى مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ،

www.uyghurkitap.com



ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان. ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتەنىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش ۋە بىرلىككە كېلىش جەريانىدىكى ئۇزاق كۈرەشلەردە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. قەدىمكى ئەسەرلەردە ھەرقايسى مىللەتنىڭ كۈرەش تارىخى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىلى بۇرۇنلا خەلقئارادىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ پۈتمەس-تۈگىمەس قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ھەقدارى، بىردىنبىر ۋارىسى بولغان بىزدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە 1958 ـ يىلى «ئىلىم-پەننى پىلانلاش» كومىتېتىنىڭ تەركىبىدە قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتولوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە بىر قىسىم پىلانلار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» نىڭ كاساپىتى بىلەن بۇ خىزمەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى توغرىسىدا [1982] 37-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقىرىپ، «قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق مۇددەت ئىشلىنىدىغان بىر تۈرلۈك زور ھەم جىددىي خىزمەت» دېگەن يوليورۇقنى بەردى.

1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يوليورۇق بېرىپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە قوللىشى، مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي خادىملارنى تېزدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى.

1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە [1983] 81 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى، يەنى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. بۇ ھۆججەت، ئۇقتۇرۇشلارنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1984 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ [1984] 36 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى چىقاردى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن ناھىيە، شەھەرلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، ئارخىپخانا، ج خ ئىدارىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا يىغىپ توپلانغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە «قەشقەر قەدىمكى ئەسەرلىرى» دېگەن نامدا ئىككى سان ژۇرنال چىقىرىلىپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بىراق، 1989 ـ يىلى ئورگان ئىسلاھاتىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا يىغىن چاقىرىپ ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە قابىل بىر كادىرنى

ئاجرىتىپ، خىزمەتلەرنى قەدەم باسقۇچلۇق قانات يايدۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىر نەپەر كادىر ناھىيە(شەھەر) لەرگە، ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، 1800 پارچىدىن ئارتۇق ئەرەب، پارس، چاغاتاي، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى كىتابنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ چىقىش بىلەن بىرگە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى، كىتابخۇمار خەلق ئاممىسىنىڭ شەخسىي مەبلەغ سېلىشى بىلەن نەشر قىلىنغان 35 پارچە قەدىمكى كىتابنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا يىغىپ توپلانغان 3500 پارچە كىتابقا ئوخشىمايدىغان 1453 پارچە قەدىمكى كىتابنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا يوللىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە 2004-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى 12 ناھىيە (شەھەر) گە، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرغانلىق توغرىسىدا» [2004] 99-نومۇرلۇق ھۆججەت تارقاتتى ھەمدە 2004-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى « ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈرغۈزۈشقا ماسلىشىش» توغرىسىدىكى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ [2004] 100-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، قەدىمكى كىتاب ساقلاۋاتقان ئورۇن، تارماقلارنىڭ قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈرغۈزۈش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش توغرىسىدا مەمۇرىي مەھكىمە 2004-يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنى [2004] 104-نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئىلمىي تەتقىقات قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، 1453 پارچە قەدىمكى كىتابنى بىرمۇ-بىر ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ، ساغلام مەزمۇنىنى تېپىپ چىقىپ، 2008-يىلى 5-ئايدىن بۇرۇن 791 پارچە قەدىمكى كىتابنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا ئۆتكۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. بۇ كاتالوگ 2011-يىلى 5-ئايدىن بۇرۇن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئومۇمىي كاتالوگ تومىغا كىرگۈزۈلۈپ، خەنزۇچە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2004-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىدە يىغىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر مىللىي مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ تەرەققىياتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، دېھقانچىلىق، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇچىلىق، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، مېمارچىلىق، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەنئەت، خىمىيە، فىزىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش، پايدىلىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم

قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداشتا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، تىزىمغا ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. بۇنىڭدا ئەسلىي ھالىتى بىلەن ساقلاش ياكى كۆچۈرمە نۇسخىسى بويىچە ساقلاش خىزمىتىنى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش، شىفىر تېخنىكىسى ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى ياكى سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com



مۇھىم. چۈنكى بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكتىن ئۆزلۈكىدىن چىرىپ، سېسىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئېغىر. بۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلاش، قەدىمكى كىتاب تۇرىۋاتقان ئورۇننىڭ تېمپېراتۇرىسى، نەملىكى ۋە ھاۋانىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، سۇدىن، ئوتتىن، ھاۋادىن، كۈن نۇرىدىن، ئوغرىلىقتىن، چىرىشتىن، چاچقان يېيىشتىن ۋە ئالماشتۇرۇۋېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا، بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز چەت ئەللەردە ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن بۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا، ئالىي مەكتەپلەردە، كۇتۇپخانىلاردا، مۇزېي، ئارخىپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى جىددىي رەتلەپ، نەشر قىلىنمىغانلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نادىر مەدەنىيەت بايلىقى، مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى، كەلگۈسى تەرەققىيات غايىلىرىنىڭ روشەن ئەينىكى بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە نەشر قىلىش بىر مەزگىللىك خىزمەت بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە «ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە باشتىن ئاخىر ۋەكىللىك قىلىش» پىرىنسىپى بويىچە، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى، ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ، نەشرىيات، كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا، ج خ ئىدارىسى، ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات يۇرتلىرى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ خىزمەت.

## ئىزاھلار

[1] قەشقەر گېزىتىنىڭ 2009-يىلى 3-ئاينىڭ 19 - كۈندىكى سانىنىڭ 3-بېتىگە قارالسۇن.
[2] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1959 - يىللىق 7 - سانىغا قارالسۇن.
[3] [4][5] غەيرەت ئابدۇراخمان ئوزغار:«شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە» ، «بۇلاق ژۇرنىلى» 2009 - يىللىق 2 - سان 62 - بەتكە قارالسۇن.


## پايدىلانمىلار

1 . غەيرەت ئابدۇراخمان ئوزغار: «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر قەدىمكى ۋەسىقىلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە» ، «بۇلاق ژۇرنىلى»، 2009 - يىلى 2-سان 62-بەت.
2 . ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى»، شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىق ژۇرنىلى، 1993 - يىلى، 3 - ، 4 - سانلىرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

# 2012 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

× × ×

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى باسقۇچتا يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى....تاشپولات تېيىپ(1- سان 1- بەت)

تاجىك ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە توغرىسىدا..........شېرىن قۇربان(1- سان 8 - بەت)

كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى توغرىسىدا..........يارى ئەبەيدۇللا(1- سان 19-بەت)

جۇڭگو-ئۆزبېكىستان كاپالەت تۈزۈمى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات.......... ئادىل ئايۇپ، رىشات مۆمىن (1-سان 26-بەت)

«قىزىل قىيا» رومانىدىكى ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل......خەيرىنگۈل ياقۇپ(1- سان 31 -بەت)

كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش — «غەيرى دېھقان» لارنىڭ يارىتىلىشى... ساۋۇت پاۋان، مۇھەممەتيۇسۇپ تاھىر(2- سان 1 -بەت)

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ھەققىدە..........

..........ئابلىمىت يۇنۇس(2- سان 9 -بەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە.......... ئابدۇرېھىم راخمان (2- سان 19 -بەت)

«شىنجاڭچە روھ» نى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا.......... ماھىرە ئابلىز (2- سان 26 -بەت)

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇچراشما تىلشۇناسلىق توغرىسىدا.......... ئۆمەر داۋۇت (3- سان 1 -بەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان قەدىمكى شەھەرلەر...... ئالىمجان مەخسۇت مىمار، ئادىلە ئالىمجان(3- سان 11 -بەت)

مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ مىللىيلىقى ھەققىدە.......... ئەخمەت سەيدۇللا (3- سان 17 -بەت)

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىناق جەمئىيەت ئىدىيەسى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا...... مەمەت موللامەت (3- سان 27 -بەت)

« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىگە نەزەر........ ئابلىكىم ياسىن (4- سان 1 -بەت)

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر.......... ئوسمان ئىسمايىل تارىم (4- سان 7 -بەت)

شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى..........

.......... تۇرسۇن قادىر (4- سان 20 -بەت)

گېزىتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى نۇقسانلار توغرىسىدا.......... ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى (4- سان 28 -بەت)

× × ×

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا

.......... قاسىمجان ھېلىم(1- سان 41 - بەت)

ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتى ھەققىدە تەتقىقات......نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن(1-سان 46- بەت)

www.uyghurkitap.com



ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا
.................................................. مۇھەممەتيۈسۈپ سۇلايمان (2 ـ سان 33 ـ بەت)

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ‹دىن قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات
.................................................. خۇرشىدە غوپۇر (2ـ سان 40 ـبەت)

سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا..
.................................................. مۇختار ئابدۇرېھىم (2 ـ سان 44 ـ بەت)

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا جامائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنىڭ رولى توغرىسىدا..................................................
..................................................خەلپىدىن مۇساھىب (3ـ سان 36 ـبەت)

ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا.................. بۇۋەجەر مىجىت (3ـ سان 42 ـبەت)

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇشى توغرىسىدا...... ئابدۇكېرىم توختاسۇن (3ـ سان 48 ـبەت)

شىنجاڭدا رۇس تىلى ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى ھەققىدە مۇلاھىزە ..................................................
.................................................. زۇلھايات ئامانۇللا (4ـ سان 37 ـبەت)

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە.......... ئابلاجان مەھەممەت(ئۇمىديار) (4ـ سان 43 ـبەت)

× × ×

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا.................گۈلنار ئىبراھىم(1ـسان 55ـ بەت)

ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم رەڭ ـ تۈس سۆزلىرىنىڭ تۈس مەنىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقلار توغرىسىدا............
..................................................تۇرسۇنجان ياسىن(1ـ سان 63 ـبەت)

ئۇيغۇرلاردا تۇمار ۋە تۇمارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا...........................ئابلەت سەمەت، دىلارە ئەبەيدۇللام(1ـ سان 71 ـبەت)

ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى توغرىسىدا............ نۇرگۈل قادىر(1ـ سان 79 ـبەت)

ھەرپ ۋە سۆزلەرنىڭ N-gram لىق تۈزۈلۈشى ھەققىدە..................................................
..................................................ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىم، نىجاد نەجمىدىن، مەھمۇتجان مەمەت (2ـ سان 52 ـبەت)

ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش-ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقى توغرىسىدا.................................. ئادىلە مۇسا (2ـ سان 62 ـبەت)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە.....ئادىلە قاھار (2ـ سان 71 ـبەت)

خەلق ئارىسىدىكى كۆكۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى...... ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق(2ـ سان 74 ـبەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكت-شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات..................................................مۇھەببەت قاسىم (3ـ سان 52 ـبەت)

ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا.............مەۋلۇدە ئەكرەم (3ـ سان 74 ـبەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.......................................... تۇرغۇنجان ئىسلام (3ـ سان 78 ـبەت)

قومۇل مۇقاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان.......................... ئىسمەت قاسىم(3ـ سان 82 ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىچىلىرى توغرىسىدا............................ زۇمرەت غاپپار(3ـ سان 94 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلى ئاگلاپ يېزىش مەشىقىدە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا................ ئارزۇگۈل شېرىپ (4ـ سان 51 ـ بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا.................. تۇرنىسا روزى (4ـ سان 56 ـ بەت)
لوپنۇر شېۋىسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە.........
........................................................................ مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار (4ـ سان 64 ـ بەت)
سەنئەت ۋە سەنئەتكارنىڭ ساپاسى توغرىسىدا........................ تۇرسۇنجان لېتىپ (ياركەندى) (4ـ سان 68 ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى توغرىسىدا........................... لەيلىگۈل قۇربان (4ـ سان 76 ـ بەت)

× × ×

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىراماچىلىقى توغرىسىدا...........................بارات تۇرسۇنباقى(1ـ سان 84 ـ بەت)
پەرھات تۇرسۇن شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى دەۋر توغرىسىدا.........................جاشۇۋا فرىيمىن(1ـ سان 91 ـ بەت)
باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا.........................شەرىپە ئابدۇغوپۇر(1ـ سان 99 ـ بەت)
مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە.......ئابدۇللا مەتقۇربان(2ـ سان 89 ـ بەت)
كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئانالىز قىلىشقا ئائىت بەزى ماھارەت توغرىسىدا.................. باتۇر مەخسۇت (2ـ سان 96 ـ بەت)
«خەمسە نەۋايى» دىكى ئاياللار ئوبرازى ۋە نەۋايىنىڭ دەۋردىن ھالقىغان ئاياللار قارىشى.....گۈلجامال مەمتىمىن (2ـ سان 105 ـ بەت)
ئوقۇرمەن نەزەرىيەسىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر...................... گۈلنار ئۇبۇل، مەريەمگۈل تۇرسۇن(3ـ سان 103 ـ بەت)
«مەجالسۇن نەفائىس»ۋە ئەدەبىي تەخەللۇسشۇناسلىق............................ ئەكبەر قادىر (3ـ سان 110 ـ بەت)
نەۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى............ئايگۈل ئابدۇرېھىم (3ـ سان 115 ـ بەت)
كېيىنكى مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا................ ئاتىكەم مامۇت (3ـ سان 120 ـ بەت)
زوردۇن سابىر پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان مەۋقەسى توغرىسىدا............................ مۇھەممەد ھوشۇر (4ـ سان 83 ـ بەت)
«قۇم باسقان شەھەر» رومانى ھەققىدە مۇلاھىزە.......................................... ئەمەتجان سەمەت (4ـ سان 89 ـ بەت)
شىنجاڭ ئۆزبېك شائىرلىرى ئىجادىيىتىدە زەۋقىي تەسىرى.................. شەھلا كەرىموۋا (ئۆزبېكىستان) (4ـ سان 96 ـ بەت)

× × ×

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يۈكسىلىشى...........................مېھرىگۈل ھەسەن(1ـ سان 107 ـ بەت)
كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ..............
.................................................چىمەنگۈل سەمەت، مۇنىرە ياقۇپ(2ـ سان 116 ـ بەت)
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە ئەكس ئەتكەن قانۇن ئىدىيەسى ۋە قانۇن مەدەنىيتى توغرىسىدا.............
............................................................ تۇرسۇننىياز ساۋۇر (3ـ سان 126 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئەمگەك تۇختامى قانۇنى» نى تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى.........
.......................................... مۇھەممەد ھاجى (4ـ سان 100 ـبەت)
«قۇتادغۇبىلىگ»تىكى قانۇن ئىدىيەسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا.........
.......................................... ئەركىن توختى (4ـ سان 106 ـبەت)
كومپيۇتېردا ئىسپات ئىگىلەش تېخنىكىسى ھەققىدە................... روشەنگۈل ئابدۇرېشىت، ياسىن ئەزىز (4ـ سان 112 ـبەت)
سىڭقۇ سەلى تۇتۇتۇق توغرىسىدىكى باياناتلاردىن ئۇ ياشىغان دەۋرگە نەزەر.................. ئىسرائىل مۇتىللا (4ـ سان 118 ـبەت)

× × ×

قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇلاھىزە.........
..........................................ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن(1ـ سان 111 ـبەت)
كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم..........................ھۆرمەتجان فىكرەت(1ـ سان 118 ـبەت)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا..............زاھىدە مۇسا(1ـ سان 125 ـبەت)
چېگرا رايوننى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچىسى........................... ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(1ـ سان 131 ـبەت)
تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە..........................ئادىلجان ئاقىول(2ـ سان 127 ـ بەت)
ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا........................ئەخمەتجان ئۆمەر(2ـ سان 137 ـبەت)
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە.........
..........................................ئالىيە ئېلاخۇن (3ـ سان 136 ـبەت)
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە.........
.......................................... ھاجى ئابدۇراخمان باقى (4ـ سان 128 ـبەت)

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.33, Iss.4 (Total:132) Dec 2012

## Contents

A Study on Ancient Uyghur Medical Technology from "Compendium of the Turkic Dialects"...... ...... *Ablikim Yasin* (1)

A Discussion on the Historical Value of Uyghur's Dastan ...... *Osman Ismayil* (7)

An Analysis on Defects in the System of Administrative Control in Xinjiang...... ...... *Tursun Kadir* (20)

An Analysis on Some Defects in Newspaper Editing ...... *Osman Omar* (28)

An Analysis on the Growth of the Needs for Russian Talents in Xinjiang...... ...... *Zulhayat Amantulla* (37)

A Discussion on Research Category and Methodology of Ecocriticism...... *Ablajan Muhammad* (43)

A Discussion on Uyghur Dictation Exercises...... *Arzigul Sherip* (51)

A Study on Categories of Noun Cases in Ancient Uyghur Language...... *Turnisa Rozi* (56)

A Study on Similarities between Lopnur Dialect and Vocabulary of "Compendium of the Turkic Dialects"...... *Muhammad Abliz* (64)

A Discussion on Art and Comprehensive Quality of Artists...... *Tursunjan Letip* (68)

A Study on the Game "Scrambling for a Sheep" of Uyghur...... *Lailygul Khurban* (76)

A Discussion on the Narrative Perspectives of Zordon Sabir's Novels...... *Muhammad Hoshur* (83)

A Discussion on the Novel of "City under the Sand" ...... *Amatjan Samat* (89)

An Analysis on the Impact of Zavqiy on Uzbek Poet in Xinjiang ...... ...... *Shale Kermowa (Uzbekistan)* (96)

A Discussion on Legislative Purposes of "Labor Contract Law of the PRC" and Its Applicable Scope...... *Muhammad Haji* (100)

An Introduction to the Law Theory in "Happiness and Wisdom" and Its Impact on Future Generations...... *Arkin Tohti* (106)

A Discussion on the Computer Forensics Technology...... *Roshangul Abdurshet, Yasin Aziz* (112)

An Analysis on the Statement of Monk Gusali...... *Esrayil Mutila* (118)

A Brief Discussion on the Ancient Books of Ethnic Minorities in Xinjiang...... ...... *Haji Abdurahman Baki* (128)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.4.2012г (Общий: № 132)**

**Содержание**

Анализ знаний по медицине древних уйгуров на основе《 Словаря тюрских наречий》……..
……………………………………………………………………………….Абликим Ясынь

Исторические события в народных дастанах уйгуров……………….Осман Исмаиль Тарымь

Проблемы, существующие в админстративной системе СУАР и способы их преодоления….
.....……………………………………………………………………..………..Турсунь Кадырь

О проблемах, существующих в газетах……………………………….Осман Омарь Оглакчи

Анализ подъёма спроса лучших кадров по русскому языку в СУАР…......Зульхаят Аманулла

Сфера исследования и способы критики экологической модели……………………………..
…………………………………………………………….Абладжань Мухаммад (Умидярь)

Изучения проблем, встречаемых в диктанте уйгурского языка……………..Арзигуль Щирип

Категория падежа имён существительных в древнем уйгурском языке……...…Турниса Рози

Сходства некоторых слов между акцентом Лопнора и «Словарём тюрских наречий»……….
…………………………………………………………………….Мухаммад Аблиз Бораярь

Искусство и натура художников………………………..……….Турсунджань Лэтип (Яркенди)

Об игре Кокпар уйгурского народа………………………………………Лайлигуль Курбань

О способах описания в романах Зурдуна Сабира…………………………Мухаммад Хошурь

О романе «Покрытый песком город»………………………………………Эмеджань Сэмэд

Влияние Завкий на литературное творчество узбекских поэтов Синьцзяна…………………..
……………………………………………………………………..Щахла Каримов (Узбекистан)

Цель учреждения трудового договорного права и сфера его действия………………………...
……………………………………………………………………………….…Мухаммад Хаджи

Правовая мысль в поэме «Кутадгу белиг» её вляние на другое время…………………………
………………………………………………………………………………………Арькын Тохти

Исследование техники получения доказательства с помощью компютера……………………
…………………………………………………………Рущангуль Абдуришит, Ясынь Эзиз

Исследование времени проживания Синку Сэли тутунг на основае описания о нём………..
……………………………………………………………………………….Исраиль Мутилла

Короткое исследование древних книг национальных меньшенств в СУАР……………………
………………………………………………………………………..Хаджи Абдурахман Баки

# پروفېسسور ئوسمان ئىسمايىل تارىم

# 乌斯曼·斯马义教授



ئوسمان ئىسمايىل تارىم، ئۇيغۇر، 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى شايار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ماگىستىرانت ۋە دوكتورانت يېتەكچىسى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شايار ناھىيەسىدە تاماملىغاندىن كېيىن، 1978-يىلدىن 1983-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان. 1983-يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 1997-يىلى 9-ئايدىن 2000-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا، 2000-يىلى 9-ئايدىن 2002-يىلى 7-ئايغىچە قازاقىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە دوكتورانتلىقتا ئوقۇغان. 2002-يىلى دوتسېنت، 2007-يىلى پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى قىلىپ تاللىغان. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994-يىلى 5-ئاي نەشرى)، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمى بايان» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى 1-ئاي نەشرى)، «ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي نەشرى)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى 9-ئاي نەشرى)، «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010-يىلى 3-ئاي نەشرى) قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى(2) » (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998-يىلى 3-ئاي نەشرى) ناملىق كىتابنى تۈزدى، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى 9-ئاي نەشرى)، «جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى لۇغىتى» (شۆيۈن نەشرىياتى 1990-يىلى 7-ئاي نەشرى)، «ئالىي مەكتەپ تىل-ئەدەبىياتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 7-ئاي نەشرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004-يىل 7-ئاي نەشرى)، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 12-ئاي نەشرى)، «ئۇيغۇر ئىسىم-فامىلە قوللانمىسى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 12-ئاي نەشرى) قاتارلىق كۆپلىگەن كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشتى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىلمىي ژۇرناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە ئۇنىڭ ئاسپىرانتلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى نەشرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىگە، مائارىپ نازارىتىنىڭ تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە نۇرغۇن تەتقىقات تۈرىگە قاتناشتى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىمنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» ناملىق ئەسىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي پەنلەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا «نادىر ئەسەر» مۇكاپاتىغا، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسىرى توققۇزىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي پەنلەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»غا، ئۇنىڭ ئۆزى 1999-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدىكى يۈز ئەلا شەخس» مۇكاپاتىغا ۋە 2001-يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتى»، «كوجىما ياسۇتاكا مۇكاپاتى»، «گۇاڭخۇا مۇكاپاتى»، «تۆتتە ئەلا، بىردە ئىلغار مۇكاپاتى» قاتارلىقلارغا نائىل بولدى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «تەڭرىتاغ تورى» نىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com


# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第33卷 第四期 2012年12月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

13>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 ـ يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (33 ـ يىللىق 4 ـ سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 ـ 8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 ـ 5878
مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 ـ 1034/G4 ـ W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 13
باھاسى : 6 يۈەن